
مەمتىمىن هوشۇر

# ئوت كەتكەن دەريا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 7-228-06772-X

9 787228 067725 >

مەمتىمىن ھوشۇر

# ئۆتكەتكەن دەريا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

燃烧的河流/买买提明·吾守尔著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社. 2001.11
ISBN 7—228—06772—X/I·2477

Ⅰ燃.... Ⅱ.买... Ⅲ.短篇小说— 作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 078267 号

燃烧的河流（维吾尔文）
（短篇小说集）
买买提明·吾守尔著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 9.625 印张 2 插页
2001 年 11 月第 1 版　2001 年 11 月第 1 次印刷
印数：1 — 4000

ISBN 7—228—06772—X/I·2477 定价：14.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: زىلەيخا ئەزىز

# ئوت كەتكەن دەريا

(ھېكايىلەر)

مەمتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 4000
ISBN 7—228—06772— X /I · 2477
باھاسى: 14.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئوت كەتكەن دەريا ........................ 1
قاش بويىدىكى ۋەقە ........................ 25
غەلىتە قىلىق........................ 64
بىزنىڭ مەھەللە........................ 68
قارا قورساق سەركە ........................ 72
ياخشى چۈش كۆرۈڭ........................ 95
تولۇنئاي ........................ 107
ئىت ئېتىش........................ 113
ئادەت ........................ 162
ئاق مەسچىت ........................ 175
بىر مەشھۇر كىشى........................ 232
گۆركار ........................ 245
قارانچۇق........................ 277
ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنى ئەسلەيمەن........................ 293

# ئوت كەتكەن دەريا

يازنىڭ دىمىق ئىسسىق بىر كۈنى. ئازراق سالقىنداش ئۈچۈن ئامموۋى باغچىغا كىرىپ، بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىدىم، بىرسى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى سەيدۇللا ئاكا، چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئادەم تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بىچارە ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلمەمدۇ، قانداق؟ يىراقتىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— هاي، يازغۇچى ئەپەندىم، يازغۇچى ئەپەندىم!... يائاللا، سىزنىمۇ ئۇچرىتىدىغان كۈن بولىدىكەن ـ هە!؟... — دېگىنىچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

«چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟» دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئېچىپ چىمچىقلىتىپ باقتىم. ئەتراپىمغا قارىسام، نېرىراقتىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان يولدا ئادەملەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشۈپتۇ. ئالدىمدىكى دەرەخلىكتە ئۇششاق باللار چاڭگىلداپ كۈلۈپ

يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. ھەممە نېمە شۇنچىلىك نورمال. ئاڭغىچە دوختۇرمۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ بىر قولىدا ھاسا تاياق. بۇ ئادەم ئىلگىرى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ: «بۇ ئادەمنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بارمىكىنا؟» دەپ قالدىم ـ دە، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ! — دېدى دوختۇر ئوڭ قولىدىكى ھاسا تايىقىنى سول بىلىكىگە ئىلىپ قويۇپ، ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — سالامەتمۇسىز؟

ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم ـ دە، ئىختىيارسىز ئالىقىنىمغا قارىدىم. ئالىقىنىمدا قۇرۇق ئىسكىلىت ئەمەس، تىرىك ئادەمنىڭ گۆشلۈك قولى تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

«تۇۋا!» دېدىم ئىچىمدە، ئۆلگەن ئادەمدىن «ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپ سورىغىنىم نېمىسى. . .

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى دوختۇر، — مۇشۇنچىلىك تۇردۇق. ئۆزىمىز تۈگەشكەن بولساقمۇ، يەنە روھىمىز جايىدا. «روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز؟

— ھە، روھ ھە. . . ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىغا قاراڭ، پادىچىلارنىڭ ھاي ـ ھايلىرى ئۇنىڭدىن ياخشىراق. . .

ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. ئىچىمدە بولسا: «دوختۇر ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەپتۇ ـ دە؟. . . دېمەك مەن دوختۇرنىڭ

روھى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئوخشىمامدىمەن؟» دەپ ئويلاۋاتاتتىم.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ! — دېدى دوختۇر ھاسا تايىقىنى ئورۇندۇقنىڭ بىر يېنىغا تىكلەپ قويۇپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، — سىزمۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە؟ مەنمۇ بۇ باغچىغا كىرسەملا مۇشۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىمەن.

— ھە، بۇ يەرنى دەمسىز؟... بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەڭگىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قاپاق چىلىم تارتاتتىكەن.

— ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە قۇچاق يەتمەيدىغان ھەر يوغان قارا ياغاچلار بولىدىغان، قۇرۇپ تۈگىدى، — دېدى دوختۇر، — ماۋۇلار شۇ قارا ياغاچلارنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان روھلىرى... مۇنۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ رەڭگىنىڭ سەتلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئاستىدىكى تاشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چوكانلار سۇدىكى شولىسىغا قاراپ چېچىنى تارايدىغان... شۇ كۈنلەردە ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچىنى زىننەتلەپ ئاجايىپ - غارايىپ قىلىۋەتكىلى تۇردۇق. ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ بۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى قاراڭ... نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز؟

— مېنى دەمسىز؟... توۋا، ئولتۇرمىدىما؟... مەن تېخى ئولتۇرۇپ بولدۇم دەپتىمەن... بوپتۇ، ئولتۇرسام ئولتۇراي، — دەپ دوختۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ مەيلىمچە بولسا، ئالدى - كەينىمگە قارىماي قاچقۇم بار ئىدى. قانداق قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمغا زادى ئەقلىم يەتمەيتتى.

— ھە، يېڭى بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتامسىز، قانداق؟— دەپ سورىدى دوختۇر.

— يېقىندىن بېرى ھېچنېمە يازمىدىم.

— قاچانلا سورىسام سىزنى ئۇياققا كەتتى، بۇ ياققا كەتتىلا دەيدۇ، يازىدىغان نېمىنى تاپالماي پالاقلاپلا يۈرەمسىز نېمە؟

— بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ.

— چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ، دېگەن شۇ ـ دە. مانا، مېنىڭ قېشىمغىلا كەلسىڭىز بولمامدۇ. روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەممۇ نەچچە كىتاب بولىدۇ.

— ئۇ يەردە يازغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟

— ۋاھ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، ھەممە قىزىقچىلىق شۇ يەردە. ياراتقان ئىگەم ھەر بىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى شۇنچىلىك نازۇك قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىققانكى، قويمۇۋېرىڭ، ئۇنىڭدا بىر تال ۋېنتا ئوشۇق بولۇپ قالسىمۇ، كەم بولۇپ قالسىمۇ، ساق ئادەم ھازىرلا غەلىتە بولۇپ قالىدۇ. ئاھاي، قىزىقچىلىقنى شۇ چاغدا كۆرىسىز. مانا، بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنى ئاشۇنداق ساراڭلار يىغىلىدىغان ئورۇن دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ... مەن شۇنداق نېرۋا كېسەللەرنى كۆرگەنمەنكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاڭگىلداپ تۇرغان سوغۇقتا تالادا يالىڭاچ تۇرۇپمۇ توڭلاپ قالمايدۇ؛ بەزىلىرى كۈنلەپ ھېچنېمە يېمەيمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ. بەزىلىرى شۇنچىلىك ياۋاشكى، ئولتۇرغان يېرىدە بىر نۇقتىغا

تىكىلگىنىچە كەچ كىرگۈچە مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ. بەزى يامانراقلىرى ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ، قولىغا چىققاننى سۇندۇرۇپ، ئەسەبىيلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. بىز بۇ ساراڭلارنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بىر قورۇدا ساقلايتتۇق، يامانلىرىنى يەنە ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قوياتتۇق. ئىشقىلىپ، ئۇ يەردە ھەر كۈنى ئەقلىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىسىز...

سەيدۇللا دوختۇر ئاشۇنداق قىزىپ سۆزلەپ، ساراڭلار توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ئۆلگەن ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمنى ئاز دەپ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىمگە تېخىمۇ قورقۇنچ چۈشتى. «ئەستا!» دەيمەن، ئورنۇمدىن قوپۇپ ماڭغۇدەك بولساملا، دوختۇر خۇددى يېنىدىكى ھاسا تايىقى بىلەن بېشىمغا سالىدىغاندەك قىلىدۇ. خۇددى بىرسى ئورۇندۇققا يەملەپ قويغاندەك ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

— مانا، مەن بىر كېسەلنى داۋالىغان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇر، — قاچانلا قارىسىڭىز سىزگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغىنى تۇرغان. بۇ شۇنچىلىك مەنىسىز، شۇنچىلىك غەلىتە ھىجىيىشكى، بىز ئۇنى ئۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، ھەرقانداق قىلىپ چىرايىدىكى ھېلىقى يېقىمسىز ھىجىيىشنى يوق قىلالمىدۇق. بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ شۇركىنىپ كېتەتتىم. ئۇ خۇددى ماڭا قاراپ: «ھەي بىچارە دوختۇر، ھەر كۈنى ئىشقا كېلىسەن، ئىشتىن قايتىسەن، بالا ـ چاقاڭنى باقىمەن دەپ توختىماي پالاقلايسەن، ئايلىق مائاشىمدىن، خىزمەت ئورنۇمدىن

ئايرىلىپ قالمەيمىكىن، دەپ، كىملەرگىدۇر خۇشامەت قىلىسەن، يالغان سۆزلەيسەن، ساڭا نېمە ئازاب!» دەپ مېنى مەسخىرە قىلمۇاتقاندەك بىلىنەتتى.

— تۇۋا! ! دېدىم مەن، — ئۇ شۇنداقمۇ ئويلامدىغاندۇ؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر، — بىز ئۇلارنى سارالڭ دېگىنىمىز بىلەن، ئۇلارغا بىزنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈشلىرىمىز سارالڭنىڭ قىلىقىدەك بىلىنىشى مۇمكىن. . . تېخى بەزىلىرىنىڭ كۆزىگە ئوك نەرسە تەتۈر كۆرۈنىدۇ دېمەمسىز. ئۇ يەردە بىر ئايال بولىدىغان، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرەتتى. كېسىلى ئەدەپ كەتكەندە، باشلىرىنى تامغا ئۇرۇپ يېرىۋالاتتى. پۇت - قولىنى باغلاپ قويايلى دېسەك، قايسى ۋاقىتتا كېسىلى تۇتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. ئۇ تىنچلىنىپ قالغاندا، كىرىپ يارىلىرىنى تېڭىپ قوياتتىم. شۇنداق چاغدا ئۇ خۇش بولۇپ پۇتۇمنى سۆيۈپ قوياتتى. بىز ئۇنى «سارى خېنىم» دەپ چاقىراتتۇق. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

— سارى خېنىم، نېمىشقا پۇتۇمنى سۆيىسىز؟ بۇ نەنىڭ قائىدىسى؟ — دەپ سورىسام ئۇ:

— مەڭزىڭىزگە سۆيدۇمغۇ، تۇۋا، شۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دېدى.

كېيىن ئېنىقلىساق، ئۇ خوتۇننىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە بېشى تۆۋەن، ئايىغى يۇقىرى كۆرۈنىدىكەن.

— تۇۋا، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ — دېدىم مەن.

— كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئۇچمىنىڭ شىبختىغا

پۈتىگىزنى ئىلىشۋېلىپ، بېشىگىزنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قاراپ باقمىغانمۇ؟ — دېدى دوختۇر،— ئاسمان ئايىغىڭىزدا، ئۆيلەر، كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەر باش تەرىپىڭىزدە، تازىمۇ قىزىق كۆرۈنىدۇ - ھە! سارى خېنىمنىڭ توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈشىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن. . .

«مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ئۆلگەن ئادەم تىرىك كۆرۈنۈۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ دوختۇرغا تازا زەن سېلىپ قارىدىم. ئۇنىڭدىن ئەرۋاھلاردا بولىدىغان ھېچقانداق بەلگىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. دوختۇر پەرۋاسىز سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

— سارى خېنىم بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان جانانىخان دەيدىغان يەنە بىر چوكان بار ئىدى. مەڭزىگە قىپقىزىل بوياقلارنى سۈركەپ، چېكىسىگە گۈللەرنى قىسىپ، توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىنى شۇ كۈنگىچە ھېچقانداق بىر مۇزىكانتمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندۇ دەيمەن. ناخشىسىنىڭ سۆزلىرىچۇ؟ سۆزلىرىنى شۇنچە باش قاتۇرۇپ بىر يەرگە جەم قىلسىڭىزمۇ بىر مەنە چىقىرالمايسىز. . .

يارىم سېنى ئامرىقىم،
چۇشمۇ كۆرمەي نەگىدۇر.
تۇتۇلمىغان قازانغا
تاتلىق قىلغان تەمىدۇر. . .

دېگەندەك بىر گەپلەر. ھېچ گەپ تاپالمىغاندا،

«ناڭنىناڭناڭ، ناڭنىناڭ . . .» دەپ كېتىۋېرىدۇ. . . ماۋۇ قىزىق ئىشنى كۆرمەمسىز، بىر كۈنى دوختۇرخانىغا قاسىم دېگەن ساقاللىق بىر بوۋاينى باغلاپ ئەكېلىپ بېرىشتى. ئۇقساق، ئۇ ئادەم يېقىندىن بېرى بىردىنلا ئالجىپ، بىكار تۇرماي تۆت ئەتراپىغا تاش ئېتىپ، قوشنا ـ قولۇملىرىنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىغانىكەن، ئىشىنەمسىز؟ ھېلىقى بوۋاي دوختۇرخانىغا كېلىپلا جانانىخاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ شۈكلەپ قالدى.

— بۇ نېمە كارامەتتۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم. قاسىم بوۋاينى ھېلىقى ئىككىز تاملىق قورۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ باغلاقتىن يەشتۇق. ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەر: «دوختۇر ئاۋايلاڭ ـ ھە، ئاۋايلاڭ، سىزنى زەخىملەندۇرۇپ قويمىسۇن!» دېيىشىپ كەتتى. نەدىكىنى، شۇ چاغدا جانانىخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا ۋاڭشىتىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بوۋاي باغلاقتىن بوشىنىپ، ناخشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جانانىخاننىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر چەتتە ئېڭىكىنى تۇتۇپ موككىدە ئولتۇردى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ ھەر ئەتىگىنى كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ قوپىدۇ ـ دە، جانانىخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرەيدۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىغىنى تىڭشىغان. جانانىخاننىڭ ناخشىسىدىكى سېھرىي كۈچنى بەلكىم بۇ دۇنيادا ئاشۇ قاسىم بوۋايدەك چوڭقۇر چۈشەنگەن ئادەم يوقتۇ؟! . . . مانا، مۇشۇلارنى يازسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ كۆزۈمگە قارىدى دوختۇر.

— بۇ ۋەقەلەرنى مەن «ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن

ئەسىرىمگە كىرگۈزسەم بولغۇدەك.

«ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن قانداق ئەسەر ئۇ؟ ئېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كۆزۈم دوختۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىچۇقىدا مېنىڭ شولام بىلەن پۈتۈن باغچىنىڭ مەنزىرىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ھېچنېمە ئەكس ئەتمەيدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، سەيدۇللا دوختۇر ئۆلۈپ تىرىلىپ قالدىمۇ يە؟!

— يەنە بىرسى بولىدىغان، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇر، — ھېلىقى بايقۇش پىرقىراپلا يۈرەتتى. بەزىدە ئىككى قولىنى كېرىۋېلىپ شۇنداق ئۇزاق پىرقىرايتتىكى، قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ بېشى قېيىپ كېتەتتى. كېيىن ئېنىقلىساق، بۇ بىچارىنىڭ شۇنداق پات - پات پىرقىراپ تۇرمىسا، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدىكەن... خالمۇھەممەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىشىغا ھەيران قالىسىز. ئەسلىدە ئۇ ئۇستا بوغالتىر ئىكەن. ئادەتتىكى ۋاقىتتا قارىسىڭىز ساپساقلا، بەزىدە بىز دوختۇرخانىنىڭ يىللىق كىرىم - چىقىم ھېساباتىنىمۇ ئۇنىڭغا ئىشلىتەتتۇق. قىلغان ئىشىدىن قىلچە ئېۋەن تاپالمايسىز. بۇ كاساپەت شاھماتقىمۇ شۇنداق ئۇستا ئىدى. خېلى - خېلى يەرلەردىن شاھماتچىلار كېلىپ ئويناپ، ھېچقايسىسى ئۇتالماي بېشىنى تاتىلاپ كېتىشكەنىدى.

— ئۇنىڭ نېمە كېسىلى بار ئىدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— بىكار بولۇپ قالسىلا تامغا قاراپ شۇنداق غەلىتە

گەپلەرنى قىلىشقا باشلايتتىكى، ھەيران قالىسىز. ئۇ بىر دورىنى خاتا ئىچىپ قويۇپ شۇنداق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ دورا دەپ زادى قانداق نېمىنى ئىچىۋالغىنىنى ئېنىقلىيالمىدۇق. بەزىدە ئۇ تامغا قاراپ تازا قىزىشىپ سۆزلەۋاتقاندا، ئاستا ئارقىسىغا كېلىپ، «بۇ ئاغىنە تامدا نېمىنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟» دەپ سىنچىلاپ قارايتتىم. قارىسىڭىز شۇ دوختۇرخانىنىڭ تۇتاش كەتكەن قوپال پىششىق كېسەكلىك تېمى. ئەمما، بۇنىڭغا ھەيران قالمىغۇلۇق. سىز بىلەن بىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرىدىغان كىنو ئېكرانىمۇ ئەسلىدە ھېچنېمە يوق بىر پارچە ئاق لاتىغۇ؟!

— ئۇ نېمىلەرنى سۆزلەيتتى؟

— ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، تۇغۇلماستىن ئىلگىرى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ سۈرگەن خىياللىرى، بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئانىسىنىڭ قورسىقىنى ئاچچىق بىلەن تەپكەنلىرى، دۇنياغا كۆز ئېچىپلا بۇ دۇنيانىڭ ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قىرقىراپ يىغلىغىنى ... ھېسابنى توغرا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئۈچ ئىداردىن قوغلانغانلىقى ... دېگەندەك ھەممە گەپلەر بار. نىياز دېگەن بىر سىنىڭ قىلىقلىرىنى دېمەمسىز، بىز ئۇنى: «نىياز تەتۈر» دەيتتۇق. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ زادىلا ئالدىغا قاراپ ماڭماي، كەينىچىلەپ تەتۈر ماڭاتتى. قاراپ تۇرسىڭىز، بېشىنى سەل يېنىغا قىيپاش قىلىۋېلىپ ئارقىچىلاپ شۇنداق ئىتتىك ماڭىدۇكى، ياللا، بۇ ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىنمۇ بېشىچە

چۈشمەي، پۈتىچە تەتۈر چىققانمىكىن، دەپ قالىسىز. مىڭدىن بىرگىچە بولغان سانلارنى تەتۈرسىگە شۇنداق ئىتتىك سانىغىلى تۇرسا، ئەقلىڭىز يەتمەيلا قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا بىر كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويسىڭىزمۇ ئارقا بەتتىن ئېچىپ ئوقۇمدىكىن، دەيمەن. مەن ئۈچ يىل ھەپىلىشىپ ئۇنى ئالدىغا قاراپ ماڭدۇرغان قىلالمىدىم. . . «ناسىر مەينەت» دەپ يەنە بىرسى بار ئىدى. قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېلىشىپ، قۇسقۇڭىز كېلىدۇ. نېمە قىلىدۇ، دېمەمسىز؟ قولىغا ئۇزۇن بىر تاياقنى تۇتۇۋېلىپ، كىم چىچسا بېرىپ شۇنىڭ پوقىنى مالتىلايدۇ. ئەسلىدە ئۇ چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاپ چىقىپ، قايتىشىدا بىر قىممەتلىك بۇيۇمنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي كاپ ئېتىۋالغان چېغى، كېيىن يەنە نېمە بالا بولدى، ھېلىقى نەرسە ئۇنىڭ تەرىتىدىن زادى چىقماپتۇ. بىچارە شۇنىڭدىن باشلاپ پوق مالتىلايدىغان كېسەلگە قالغانىكەن . . . ئىشقىلىپ ئۇ يەردە ھەر كۈنى ئۇخلىسىڭىز چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. . . سىز يازىمەن دېسىڭىز، مانا ساتتار گېنېرالنى يېزىڭ.

— ئۇ قانداق گېنېرال؟ — دەپ سورىدىم مەن. ئەمدى مەن بارغانسېرى قورقۇنچۇمنى ئۇنتۇپ، دوختۇرنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتىم.

— قانداق گېنېراللىقىنى مەن نەدىن بىلەي، — دېدى دوختۇر، — گېنېراللارنىڭ سارىڭىمۇ، ساراڭلارنىڭ گېنېرالىمۇ، ئىشقىلىپ، باشتىن ـ ئاياغ سېرىق كىيىم كىيىپ، ئايىغىنىڭ سېرىق پېتىكىنى ئىككى مۇرىسىگە

پاگون قىلىپ قويۇۋالىدىغان غەلىتە بىر ئادەم. مەيدىسىگە ھەر خىل ئىزناك، رەڭلىك تۈگمە، قايسى زامانلاردىندۇر قالغان مىس يارماقلارنى مېدال قىلىپ قاتار ئېسىۋالىدۇ. تېخى قەدىمكى زاماننىڭ گېنېراللىرىدەك قەيەرلەردىندۇر تېپىۋالغان تۆمۈر زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى مەيدە يانچۇقىغا، بىر ئۇچىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىگە تاقاپ ساڭگىلىتىۋالىدۇ. سىز ئۇنى قانداق ئادەم دەپ تونۇسىڭىز تونۇۋېرىڭ، ئۇ ئۆزىنى خىيالىدا يېڭىلمەس بىر گېنېرال، دەپ ھېسابلايدۇ، تاماق يېگەندىمۇ باشقىلارغا قېتىلماي، قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئايرىم بىر يەرگە ئاپىرىپ يەيدۇ. ھويلىدا ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە ئالدىراش يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، خىيالىدا كىملەرنىدۇر سەپكە تىزىدۇ، كىملەرگىدۇر ۋارقىراپ كوماندا بېرىدۇ. «ئۇررا!» دەپ نەلەرگىدۇر ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئىككى پۇتىنى تاققىدە جۈپلەپ تۇرۇپ چاس بېرىدىغان بولسا، كۈلۈۋېتىش خىيالىڭىزغىمۇ كەلمەي، سەل جىددىيلىشىپ ئەتراپىڭىزغا قاراپ قالىسىز. لېكىن، ئادەتتە ئۇ ھېچكىمگە چاس بەرمەيدۇ. ئۇ دېگەن گېنېرال — دە! . . . قاچانلا قارىسىڭىز، ئۇنىڭ شۇنداق جىددىي، ئالدىراشلا يۈرگىنىنى كۆرىسىز، يول ماڭغاندىمۇ ھېچكىمگە كۆز قىرىنى سالماي، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، گېنېراللاردەك گۇرسۇلدەپ دەسسەپ ماڭىدۇ. ناخشىچى جانانىخان، پىرفىسرايدىغان، كەينىچە ماڭىدىغان، بوق مالتىلايدىغان، شاھمات ئوينايدىغان دېگەنلەرگە نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ

— سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟ — دەپ سورىدىم

مەن.

— ئۇ مېنى چوڭ كۆرەتتى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېسىڭىز، مەن ئۇنى پات - پات داۋالاپ تۇرىمەن، بەزىدە ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ، كاسىسىغا ئوكۇل سالىمەن. گېنېرالنىڭ ئىشتىنىنى سالغۇزالىغان ئادەمنىڭ دەرىجىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇشى كېرەك - تە!... ئۇ مېنى «مارشال» دەپ تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بەزىدە كېسەللەر تۇرىدىغان ھويلىغا پەيلى يامانراق كېسەللەرنىڭ ئاغرىقىنى كۆرۈشكە كىرگەندە، مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر - ئىككى ئادەمنىمۇ بىللە ئەگەشتۈرۈپ كىرەتتىم. ساتتار گېنېرال يېنىمدىكىلەرنى مارشالنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، دەپ بىلەتتى. ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بىرمۇ مۇھاپىزەتچىسىنىڭ يوقلۇقىغا ئۆكۈنۈپ، ماڭا ھەۋىسى كېلىپ قاراپ كېتەتتى.

بەزىدە مەن ئۇنىڭدىن:

— خوش، ساتتار گېنېرال، ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سوراپ قوياتتىم.

مۇنداق چاغدا ساتتار گېنېرال ئىككى پۇتىنى تاقىمدە جۈپلەپ، قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ چاس بېرىپ:

— سالام، جانابىي مارشال، ساتتار گېنېرال سىزگە دوكلات قىلىدۇ. كېچىكى جەڭدە دۈشمەننىڭ سول قانات لىنىيىسى بىسىرىپ تاشلاندى. بىزدىن 50 ئايروپىلان، 100 تانكا، مىڭغا يېقىن ئەسكەر چىقىم بولدى. دۈشمەن تارتقان تالاپەتنى بۇنىڭدىن 10 ھەسسە ئېغىر، دەپ ھېسابلاۋېرىڭ. دوكلات تامام، گېنېرالىڭىزغا داۋاملىق

ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلارسىز . . . ۋەھاكازالارنى دەيتتى ـ دە، شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يەنە «جەڭ مەيدانىغا» قاراپ مېڭىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا، سىز بۇ گېنېرالنىڭ بېلىدىكى شوينىغا تاپانچا قىلىپ ئېسىۋالغان قوينىڭ ئېغەك سۆڭىكى، يانپىشىغا باغلىۋالغان ياغاچ قىلىچقا قاراپ كۈلۈۋەتسىڭىز، قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسىز. سىزمۇ جىددىي ھالدا پۇتلىرىڭىزنى جۈپلەپ چاس بېرىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشىڭىز كېرەك.

ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم شۇنداق سوزمەن بولۇپ قالامدۇ، بىلمىدىم، دوختۇرنىڭ ھېكايىسى بارغانسېرى مېنى جەلپ قىلغىلى تۇردى. ئىختىيارسىز:

— مانا بۇ ئاجايىپ ئوبراز ئىكەن! — دەۋەتتىم مەن.

دوختۇر بۇ گېپىمدىن روھلاندى بولغاي، ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى

— ھە؟ بۇ گېنېرال سىزنى خېلى قىزىقتۇردىمۇ، نېمە؟ قىزىق ئىشنى ئەمدى ئاڭلايسىز. . . ساتتار گېنېرال ئاشۇ تەرىپىدە دوختۇرخانىنىڭ ئېگىز تاملىرى بىلەن قورشالغان ھويلىسىدا توختىماي جەڭ قىلىپ، ئۇرۇش سېپىدە قاتتىق جاپا چەككەچكە، كېچىلىرى ئۆزىنى بىلمەي خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى . . . ئۇ يەردە يەنە بىر كېسەل بولىدىغان، ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ دەيسىز؟ ھەممەيلەن ئۇنى «ئالىم» دەيتتۇق. ئەسلىدە ئۇ قايسىبىر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ئىكەن. نېمە بالا بولغان ئەيتاۋۇر، ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ قويۇپ،

كۆرەشكە تارتىلىپ، تاياق يەپ شۇنداق ئېلىشىپ قالغانىكەن. بۇ ئالىمغا قاچانلا قارىسىڭىز، چاپاننىڭ ئۇستىگە كۆڭلەك، ئۇزۇن بورۇلكىنىڭ ئۇستىگە قىسقا تامبال، پۇتىغا يەكپاي ئاياغ كىيىپ يۈرەتتى. بىكار تۇرماي «12» دېگەن رەقەم بىلەنلا ھەپىلىشەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ «12» ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك سان ئىمىش، مەسىلەن، 12 ئاي، 12 مۆچەل، 12 بارماق ئۇچەي . . . دېگەنلەر بۇنىڭغا مىسال ئىمىش. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى شەيتان بىلمىسە، كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ ئاڭلاپ «ھە، ھە» دەپلا بېشىمىزنى لىڭشىتىپ قوياتتۇق. ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپمۇ 12 تەرەپلىك بىر چوڭ قەپەس ياساپ، ئۇنى 12 خىل بوياقتا بوياپ چىقتى. ئەمدى ئۇ بۇ قەپەسنىڭ ئىچىگە 12 خىل قۇشنى تۇتۇپ سالماقچى بولۇپ، شۇ ھەلەكچىلىكتە يۈرەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كېسەللەرنىڭ ياتىقىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كېلىپ، ساتتار گېنېرال ياتقان ئۆيگە بېشىمنى تىقسام، گېنېرال خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئالىم قولىغا نەدىندۇر تېپىۋالغان بىر ئەينەك پارچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ساتتار گېنېرالنىڭ ئاجايىپ ئوردېنلار قادالغان چاپىنىغا خۇددى لوپا ئەينەكتىن قارىغاندەك سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئالىم، كۆزىڭىزگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— پاھ، مۇنۇ يارماقلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ،— سىز بىلمەيسىز، بۇ ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بۇيۇم، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئوردىسىدا مۇنداق يارماقتىن پەقەت 12 سىلا ساقلىنىپ قالغان. كېيىن بۇ يارماقلار خەزىنىدىن ئوغرىلىنىپ، پۈتۈن ئوردا تەۋرەپ كەتكەنىدى. بۇ يارماقنىڭ بىرسى بۇ گېنېرالنىڭ چاپىنىغا قانداق قادىلىپ قالىدۇ؟ قالغان 11 دانىسى قېنى؟

«نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟!» دەپ بېرىپ چاپانغا ئېڭىشىپ قارىسام، ئالىم كۆرسەتكەن يارماق چاپاننىڭ سول مەيدىسىدە، بىر مۇنچە ئىزناك، تۇگمە دېگەندەك بالايى ـ بەتەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاداقلىق تۇرۇپتۇ. سىز بىلەن بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا تەپكۈچ ياساپ ئوينايدىغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، داتلىشىپ كەتكەن ئاددىيلا بىر مىس يارماق. ئالىمنىڭ توقۇپ چىققان گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئۆزى بىلمىسە، خۇدا ھەققى مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. . . شۇ ئارىدا دوختۇرخانىمىزغا يەنە يېڭى بىر كېسەل كېلىپ قالدى. ئۇ شوپۇر ئىكەن. بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسىدە كابىنكىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ، بېشى بىر تاشقا قاتتىق تېگىپ زەخىملەنگەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ توختىماي يول ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ. . . بۇ شوپۇرنىمۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى ئايرىم قورۇغا ئەكىرىپ قويدۇق. ئۇ خۇددى ئىككى پۇتىغا ماتور بېكىتىۋالغاندەك ھويلىنىڭ ئىچىنى توختىماي ئايلىناتتى، تاماقنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ يەيتتى، ھەتتا ئۇخلايدىغان چېغىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ سېلىپ، ئۆزىنى بىر ئورۇنغا بىر تاشلايتتى ـ دە، كۈن بويى توختىماي مېڭىپ ھالىدىن كەتكەچكە، خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئەگەر

ئۇنىڭ پۇشايمىنى بار دېسەك، مېنىڭچە يۇرۇپ ئۇخلىيالمىغىنىغا پۇشايمان قىلامدىكىن، دەيمەن. ئەتىسى كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپلا يەنە سەپىرىنى باشلايتتى. گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايىغى چىقماس ئۇزۇن بىر يول. ئۇنى شۇنچە ئالدىرىتىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ قەيەردىلىكىنى چۈشىنىپ بولالمايسىز. . . بىر - ئىككى كۈن ئۆتمەيلا بۇ شوپۇر سانتار گېنېرالنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىپ قالسا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، سانتار گېنېرالنىڭ ھەرىكەتلىرى بىزگە ھەر كۈنى كۆرۈپ يۈرگەچكە، ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنگىنى بىلەن، يېڭى كەلگەن ئادەمگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلاتتى. شوپۇر بۇ گېنېرالغا قاراپ: «نېمىشقا بۇ كوماندىرنىڭ بىرمۇ ئەسكىرى يوق؟» دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سالام، ھۆرمەتلىك كوماندىر! — دەپ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ سالام بېرىپتۇ.

سانتار گېنېرال قاپىقىنى تۈرۈپ:

— مەن ئادەتتىكى كوماندىر ئەمەس، سانتار گېنېرال بولىمەن، بىلىپ قوي! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپتۇ.

ھوي، بۇ خەقنىڭ قىلىقلىرىغا نېمە دەيسىز، شوپۇر يەنە تىك تۇرۇپ:

— سالام ھۆرمەتلىك گېنېرال، مەن يېڭى كەلگەن پالانچى بولىمەن، مۇمكىن بولسا قوشۇنىڭىزغا قوبۇل قىلسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— مۇمكىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ سانتار گېنېرال.

شۇ كۈندىن باشلاپ، سانتار گېنېرالنىڭ كوماندا

بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا شوپۇر پەيدا بولىدىغان بولدى. «ئوڭغا، سولغا، ئارقىغا بۇرۇل!» دېگەن كوماندىلارغا دۈپۈرلەپ دەسسەپ، ئىككىسى هويلىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ قىزىتقىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ باشقا كىشىلەر هەيران قېلىشتى. ئۇلار شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ساتتار گېنېرالنى ئەسكەر قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقان بولسا كېرەك، شوپۇرنىڭ كېلىپلا ئۇنىڭ قىسمىغا جەڭچى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قېلىشتى. ئالدى بىلەن هېلىقى ناسىر مەينەت پوق مالتىلايدىغان تايىقىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، شوپۇرنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تىزىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىرقىرايدىغان، ئارقىچە ماڭىدىغان، هىجىيىپلا تۇرىدىغان ئاغىنىلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ سەپكە قېتىلىشقا باشلىدى. هەتتا هېلىقى ناخشىچى جانانخان، ئۇنىڭ ناخشىسىنى زېرىكمەي تىڭشايدىغان قاسىم بوۋاي، ئىشقىلىپ ماڭغۇدەك مادارى بارلارنىڭ هەممىسى كېلىپ تىزىلىپ، هەيۋەتلىك بىر قوشۇن بولدى. بۇنى كۆرۈپ ساتتار گېنېرالنىڭ روهى ناهايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى بويىغا قاراپ، ئېگىزلىرىنى ئىككى باشقا، پاكارلىرىنى ئوتتۇرىغا تىزدى. تەرتىپنى هەر دائىم هېلىقى ئارقىچە ماڭىدىغان ئاغىنە بۇزاتتى. ساتتار گېنېرال ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ سەپتىن چىقىرىۋەتسە، ئۇ يەنە كەينىچە مېڭىپ كېلىپ سەپكە قېتىلىۋالاتتى. هېلىقى پىرقىرايدىغان ئاغىنە موللاقچى كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ بىر ـ ئىككى موللاق ئېتىۋەتكەندەك، پات ـ پات

سەپتىن چىقىپ بىر قەپەس قاتتىق پىرقىرىۋېتىپ، يەنە سەپكە يېتىشىپ تىزىلىۋالاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى شۇنداق تىزىلىپ، گۈلدۈرلەپ دەسسەپ، ساتتار گېنېرالنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تېخى بەزىدە جانانىخانىنىڭ «ناڭنىناڭناڭ، ناڭنىناڭ» دېگەن ناخشىسىغا قوشۇلۇپ ۋارقىراپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى چاڭ چىقىرىۋېتىدىغان بولدى.

— شۇنداق قىلىپ، نەق ساراڭلاردىن ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن تەشكىللەندى، دەڭ؟

— ۋاي گەپ قىلماڭ. روھىي كېسەللەر تۇرىدىغان ھويلىنىڭ رىشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىسىنى مەھكەم قۇلۇپلاپ قويۇپ، رىشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ساتتار گېنېرالنىڭ قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ «تۇۋا!» دەپ ياقىمىزنى تۇتاتتۇق. ساراڭ دېگەننىڭ قىلىقلىرىغا چەك قويۇپ بولغىلى بولامدۇ دەيسىز؟ بىر - بىرىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ، ئىش تېرىپ بەرمىسىلا بىز شۇنىڭغا خوش. بىر ھېسابتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساتتار گېنېرالنىڭ بىر ئەپلىك باشقۇرۇپ يۈرگىنىگە قاراپ خاتىرجەم بولۇپمۇ قالدۇق. بىر يەكشەنبە كۈنى بىزنى نېمە غەپلەت باستىكىن دېمەمسىز، نۆۋەتچى خادىملار كېسەللەرنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى بېرىپتۇ - دە، دەرۋازىنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ كېتىپ قاپتۇ. ساتتار گېنېرالنىڭ يەكشەنبە - پەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى دېگەنلەر بىلەن نېمە كارى، تاماقتىن كېيىن قورسىقى تويغان ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ دوختۇرخانىدىن تۇسالغۇسىزلا كوچىغا چىقىپ كېتىپ قالسا بولىدۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا

ئاجايىپ ئوردېن، تاپانچا، قىلىچلارنى ئاسقان ساتتار گېنېرال، ئۇنىڭ ئارقىسىدا پىرقىرايدىغان، ئارقىچە ماڭىدىغان بىر - بىرىدىن غەلىتە ئادەملەر. بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇششاق باللار ئولىشىپ چۇۋۇلداشقىنىچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. تېخى بەزى مەست گالداڭ - گۇلدۇڭ ئاغىنىلەر ساتتار گېنېرالنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قوشۇلۇپ، خۇددى ئۇلارغا بايرام بولۇۋاتقاندەك خۇشال كېتىۋاتقۇدەك. ساتتار گېنېرال قوشۇننى باشلاپ ماڭغانچە مېڭىپ نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، ئېلىپ - ساتارلار نېمە ۋەقە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم باشلاپتۇكى، ئايھاي، بۇ تاماشانى كۆرۈڭ! مېۋە - چېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ، دوپپا - ئاياغ دېگەنلىرىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ، داس - چېلەكلەر داراڭلاپ چۇشۇپ، قىيامەتنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. . . بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، تازا چۇشلۇك ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋاتاتتىم. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، جاھان تىپتىنچ. بابا مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چۇشۇمدە كۆرۈپتىمەن. «خۇدايا شۇكۇر!» دېدىم.

— باباتىن بىرى سۆزلەۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى چۈشىڭىزمىكەن؟ — دەپ ھەيران بولدۇم مەن.

— شۇنداق، چۈشۈمكەن، — دېدى دوختۇر، — نىمانداق ئورۇن سىللارنىڭ ئالدىدا بولغان ئىشلار چۈشۈمگە كىرىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. . .

دوختۇر سۆزدىن توختاپ، گەدىنىدە مېڭىپ يۈرگەن

چۈمۈلىمۇ بىر نەرسىنى ئۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، قولياغلىقىنى ئىلىپ قولىنى سۈرتتى. دوختۇرنىڭ سۆزلىگەنلىرى راست قولىنى ھىلىلارمۇ ياكى بىر خىيالىي چۈشمۇ؟ دوختۇ ھېلىقى ۋورى رادى ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ؟ ھېيچىرسىنى ئادەمنىڭمۇ قالدىم.

— ھېلىقى ... نېمە دېمەكچى ئىدىم؟ ... ھە، ھېلىقى ساتتار گېنېرال ھازىر ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەي، بۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بوپقالدى، — دېدى دوختۇر، — مانا، ئالدىنقى كۈنى ئۇ دۇنياغا بېرىپلا شۇ ئاغىنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام بولىدۇ. قارىسام، ناھايىتى غەمكىن. بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكى چاغلىرىدا بىر قوشۇننى باشلاپ جەڭ قىلىپ يۈرگەن شۆھرەتلىك چاغلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدىكەن. مەن بۇ ياققا چىقىدىغان چاغدا:

— قانداق گېنېرال؟ تىرىك جانلارغا گەپ - سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىسام:

— ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بېشىمغا ئۇنچىۋالا چىق تاش - كېسەكنى ئەكېلىپ دۆۋىلەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى دېمىمنى سىقىپ؟ ... دېدى.

چىقىپ قارىسام، راست دېگەندەك ساتتار گېنېرالنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىدە كاتتا بىر گۈمبەز بار ئىكەن. ئىزدەپ سوراپ ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. چەت ئەل پاسونىدا قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان تازىمۇ ھەيۋەتلىك ئۆي ئىكەن. مەن بېرىپ تۇرۇشۇمغا ئۆينىڭ ئالدىغا بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى. قارىسام، پىكاپتىن ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلى چۈشۈۋاتىدۇ. كۆرۈپلا

تونۇدۇم. ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا پات ـ پات دادىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. بىــــچارىلەر تازىمۇ كەمبەغەل ئىدى. هازىر ئۇستىدە شۇنداق پۇزۇر كىيىملەر. ئۇمۇ مېنى تونۇدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دوختۇر سەيدۇللا ئاكىغۇ، دەيمەن؟ — دېدى.

مەنمۇ كۆرۈشۈپ تونۇشلۇق بەردىم.

— پاھ، بىر ئامەت كېلىپ تازىمۇ بېيىپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— دادامنىڭ هېلىقى چاپىنىنى بىلىسىزغۇ؟ — دېدى.

— قايسى چاپىنىنى دەيسەن؟ — دېسەم:

— هېلىقى مۇرىسىگە پاگونلارنى قادىۋالـــــدىغان ئەسكى چاپانچۇ؟ . . . شۇ چاپاننـــى سېتـــىپ بېيىـــپ كەتتــم، — دەيدۇ.

هەيرانلا قالدىم.

— هوي. . . شۇ ئەسكى چاپان شۇنچە پۇلغا يارامدىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

سورىسام ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز:

— چاپانغا قاداقلىق ئىزناك، تۇگمە، مىس يارماق دېگەنلەردىن خەۋىرىڭىز بارغۇ؟ . . . بىر كۈنى بىر ـ ئىككى ئادەم ئۆيگە دادامنىڭ شۇ چاپىنىنى سۈرۈشتۇرۇپ كېلىپ قالدى. «نېمە قىلماقچى سىلەر؟» دېسەم: «شۇ چاپاننى بولسا سېتىۋالايلى دېگەن» دېيىشتى. ئۇلار چاپاننى ئالامدۇ ياكى ئۇنىڭغا قاداپ قويغان نېمىلەرنىمۇ؟ مەن نەدىن بىلەي، كۆتۈرۈپلا چىقىپ كۆرسەتتىم. ئۇنىـــڭغا

قاداقلىق جاڭگىر - جۇڭگۇرلارنى كۆرۈپ ھېلىقىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىپ: «قانچىگە ساتىسەن؟» دېدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ گەپنىڭ يوغىنىنى قىلاي دەپ: «بۇ رەھمەتلىك دادامدىن قالغان تەۋەررۈك چاپان، ئالساڭلار 100 مىڭ سومنىــى نەق ساناڭلار، بولمىــــسا ساتمايمەن» دېدىم. ھېلىقىلار چاپاننىـــى ئۇياقـقا ئۆرۈپ - بۇياققا ئۆرۈپ، يالڭۇرۇپ يۇرۇپ 50 مىڭ سومنى تاشلاپ بېرىپ، چاپاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتىــى. ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇپ پۇلنى تۇتقانچە قاراپلا قاپتىمەن. «بۇ بىر نېمىلەر ئەتىلا كېلىپ پۇلۇمنى ئەكەل» دېمىسۇن، دەپ، ھېلىقى پۇلنى بىر يىل ساقلاپتىمەن. قارىسام ئۇلار كېلىـــدىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ ئىزنى يىتتۈرۈپ قويماي دەپ قورقۇپ، ئۇنى سودىغا سېلىپ ئۇ ياققا دومىلاتتىم، بۇياققا دومىلاتتىم. خۇدا بەردى دېگەن شۇمۇ، بىر - ئىككى يىلدىلا لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتىم. ھېلىقى بىر نېمىلەر ئەمدى چاپاننى قايتۇرۇپ كەلسە، ئۆزۈممۇ 100 مىڭنى نەقلا ساناپ سېتىۋالىمەن، — دېدى.

ساتتار گېنېرالنىڭ ئوغلىنىڭ گېپىنىــى ئاڭلاپ، ھېلىقى بىر چاغدا دوختۇرخانىمىزدىكى «12» نى تەنقىق قىلىدىغان ئالىمنىڭ 12 يارماق توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئويلاپ قالدىم.

— ئوغلــۇم، ساڭا خۇدايىــم غايىبــتىن بېرىپتــۇ، خەيــر! — دەپ خوشلىشىپ قايتتىـــم. ئۇنـــڭغا: «داداڭنىڭ دېمى سىقىلىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ بېشىـــغا چوقچايتىپ قويغان گومبەزلىــرىڭنىـــى چۇۋۇپ تاشــلا»

دېگىنلى بولامدۇ، دەيسىز؟ . . . ھوي، كۆڭلىڭىز خېلى ۋاخ بولۇپ قاپتىغۇ؟ . . . تولا ۋالاقلاۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ، قانداق؟ . . .

دوختۇر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاسا تايىقىنى ئالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. ماڭا تازا قاراپ كېتىپ:

— راست، يەتتە نەزىرىمنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغانسىز؟ . . . بارماي قالماڭ ـ ھە! — دېدى.

نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. دوختۇر مەندىن يىراقلاپ غۇۋالىشىپ يوقاپ كەتكەندى. پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. ھېلىلا دوختۇر ئولتۇرۇپ قوپۇپ كەتكەن ئورۇننى سىلىسام مۇزدەك بولۇپ، ئۇ يەردە بىر كىم ئولتۇرغاندەكمۇ قىلمايتتى.

1999 ـ يىل، مارت.

# قاش بويىدىكى ۋەقە

قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولۇپ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، تاغ قىساڭلىرىدىن ھەيۋەت بىلەن بۇژغۇنلاپ ئېقىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قاش دەرياسى بۇ يەردىكى ياپيېشىل تۈزلەڭلىكلەرگە يېتىپ كەلگەندە، يېيىلىپ ئېقىپ تارماق ئاراللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئەنە شۇ تەبىئىي شەكىللەنگەن ئاراللاردا، سىز بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن جىغان، زىرىق، تاللارنى، قەدىمىي تاغ تېرەكلىرىنى، توقاي ئىچىدىكى قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقلاردا بولسا، رەڭمۇرەڭ ياۋا گۈللەرنى، كۆپكۆك چىمەنلەرنى كۆرىسىز. دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ بۇ توقايلىقلارغا قارىغاندا، كىشى ھاياجاندىن ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ. ئالدىڭىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللاردا بولسا، قەدىمىي توقايلىقلار، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆكۈش رەڭ ئېلىپ تاۋلىنىپ تۇرغان قارىغايلىق، تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن ئېدىرلار، ھەممىنىڭ

ئۈستىدە ئاپئاق قارغا پۇركەنگەن چوققىلار. . . شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن مەنزىرىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ئۇستا رەسسام ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايسىز.

ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى توقايلىقلارغا ئۆتۈپ ئارىلىغىنىڭىزدا، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ يەردە بىلىقچىلار، پادىچى باللار، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ھەر تەرەپكە ئىز بېسىپ قالدۇرغان يالغۇز ئاياغ يوللارنى كۆرىسىز. بۇ يوللار بىلەن ماڭغىنىڭىزدا، ئورمان ئىچىدىكى چىرىگەن يوپۇرماقلاردىن كۆتۈرۈلگەن نەمخۇش ھاۋا دىمىقىڭىزنى غىدىقلايدۇ. يېشىل ئوتلار پۇشقاقلىرىڭىزغا ئۇرۇلۇپ، جىغانلارنىڭ تىكەنلىرى چاپىنىڭىزنىڭ پەشلىرىنى سىجاپ ئۆتىدۇ. قەيەرلەردىدۇر بىر يەردە تاغ تېرەكلىرىنىڭ يىقىلغان شاخلىرى، مۇخ باسقان كۆتەكلەر ئالدىڭىزنى توسىدۇ. بۇ ئاياغ يوللار بىر مەنزىللەرگە يەتكەندە، تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ ـ دە، ئۆزىڭىزنىڭ يەنە ئايلىنىپ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. دەريانىڭ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈككى، قىرغاقتىكى تاشلار سۇ ئاستىدا ئېنىق يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىز ئاجايىپ تاشلاردىن خاتىرە ئۈچۈن بىر نەچچە تال سۈزۈۋالماقچى بولۇپ يەڭلىرىڭىزنى تۈرۈپ قولىڭىزنى سۇغا تىقىسىڭىز، قارىماققا تېيىزلا يەردىكىدەك تۇرغان بۇ تاشلارنىڭ خېلىلا چوڭقۇردا — قول يەتمەس يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز ـ دە، ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىسىز. . . بەزىدە ھېلىقى ئاياغ يوللار سىزنى ئورمان ئىچىدىكى دالا گۈللىرى قوياش نۇرىدا رەڭمۇرەڭ

تاۋلىنىپ تۇرغان قانداقتۇر بىر ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە سىز كىملەرنىڭدۇر قازان ئېسىپ گۈلخان ياققان ئىزلىرىنى، ئىسلاشقان چوڭ ـ چوڭ تاشلارنى كۆرىسىز. بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى يېشىل ئوتلار ئۈستىگە ئۆزىڭىزنى تاشلاپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قارىغىنىڭىزدا، كۆكتىكى ئاپئاق بۇلۇتلار گويا ئېگىز تاغ تىرەكلىرىنىڭ ئۇچىدىلا يېنىك لەيلەشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەتراپىڭىزدىن بولسا، قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ سايراشلىرى، دەريانىڭ بوغۇق گۈرۈلدەپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. گويا ئۆزىڭىزنى شۇ ئۇلۇغ تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، تەبىئەت بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز...

* * *

ئۆتكەن يىلى يازلىق كانىكۇلدا بىز بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى مانا مۇشۇ گۈزەل قاش بويىغا كېلىپ مەلۇم ۋاقىت تۇردۇق. قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەكتىپىمىز مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىن بىر ئاز يەر سېتىۋالغان بولۇپ، ھازىر بىز شۇ يەرلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرماقچى، بۇنىڭ بەدىلىگە يېزا مەكتىپىمىزنىڭ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان قورۇلۇشلىرى ئۈچۈن ياغاچ بەرمەكچى بولغانىدى. بىز شۇ ئىشلارنى بېجىرگەچ دەم ئالماقچى بولۇپ كەلگەنىدۇق. ئارىمىزدا ئۆمرى قىستا ـ قىستاڭ چوڭ شەھەرلەردىلا ئۆتۈپ، مۇنداق تەبىئىي، ھاۋالىق جايلارنى كۆرۈپ باقمىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قاش

دەرياسى بويىدىكى تۆتاش كەتكەن توقايلىقلارنى كۆرۈپ هاياجىنىنى باسالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، توقاي ئىچىگە چېدىر تىكىپ، بىر قانچە كۈن ئوبدان بىر ئويناپ يۇخادىن چىقايلى، دېگەن يەرگە كەلدۇق. يېزىلىق هۆكۈمەت چېدىر، قازان - قومۇچ ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. يېزىلىق هۆكۈمەت مېهمانخانىسىنىڭ ئىچىرلاپ تۇرىدىغان كارىۋاتلىرىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن مەسلىهەتكە چۈشۈپ كەتتۇق.

خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئەدىهەم ئاكا قەغەز - قەلىمىنى چىقىرىپ، توقاي سەيلىسىگە كېتىدىغان خىراجەتلەرنى يازغىلى تۇردى. مالچىلاردىن سېتىۋېلىنىدىغان سويۇم مال، نان - چاي، كۆكتات، ماي، هەر خىل ئىچىملىك، زىرە - قارىمۇچ، هەتتا ئېغىز سۈرتىدىغان قەغەزگىچە هەممە نەرسە تىزىملاندى.

— ئاشپەزنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن.

— بۇنىڭغا نېمە ئاشپەزلىك كېتەتتى؟ — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى، — مالنى سويۇپ پارچىلاپ قازانغا باسىمىز، ئاستىدىن گۈركىرىتىپ ئوتنى قالايمىز، پىشتى دېگەن شۇ!

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — دەپ چۇرقىراشتۇق باشقىلىرىمىز، — شورپا ئىچىپ، سۆڭەك غاجىلاپلا ئولتۇراتتۇقمۇ، ئانچە - مۇنچە سەي - پەي قورۇپ، كاۋاپ - پاۋاپمۇ قىلىدىغان گەپ - تە!

— ئارىمىزدىن بىرەر ئاشپەز چىقىپ قالار؟ — دەپ كۆپچىلىككە قارىدى ئەدىهەم ئاكا.

— چۆمۆچ تۇتىدىغان بىرلا ئادەم چىقسىغۇ قالغان ئىشلارغا قولمۇقول ياردەملىشەتتۇق،— دېيىشتۇق.

— بولدى، قازان بېشىنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار،— دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان.

ئاغزى ئېچىلسىلا تاش قورال دەۋرى، قەدىمي يۇنان، مىسىر مەدەنىيەتلىرى، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى دېگەندەك نەرسىلەر توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغان بۇ ئاغىنىنىڭ قازان - قومۇچنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقى خىيالىمىزغا كىرىپ باقمىغانىكەن.

— تاماقنى مىسىرچە ئېتەمسىلەر، يۇنانچىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر.

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟! — دېدى قۇربان، — گۆشنىڭ ئۇستىخانلىقراق يەرلىرىنى چاناپ قازانغا تاشلىۋېتىمىز، شورپا بولىدۇ. يۇمشاق يەرلىرى كاۋاپ ... راست، قىيما كاۋاپ دېگەننى بىلەمسىلەر؟

— كاۋاپنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دېدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم قىيما كاۋاپ،— دېدى قۇربان.

— ئۇنىمۇ كۆرگەن.

— كۆرۈشنىغۇ ھەممە ئادەم كۆرگەن. لېكىن ئۇنى قانداق تەييارلايدىغانلىقىنى بىلسەڭ بولىدۇ - دە! ... مانا، گۆشنى تازا ئۇششاق چاناپ قىيما قىلىپ، ھە، يەنە ئازراق تۇخۇم، پىياز ئارىلاشتۇرۇپ، دورا - دەرمانلارنى تەڭشەپ، يۇمىلاقلاپ زىخقا ئۆتكۈزىدىغان گەپ. پاھ، پىشقاندا بۇنى يۇمشاق نانىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يەيدىغان بولساڭلار، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تاماق يوق ... دۇمبە

جىگەر دېگەننىغۇ بىلىدىغانسىلەر؟

— ئۇمۇ يەيدىغان نەرسىما؟ — دەپ كۈلدى ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچى، — مۇنداق تاماقنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— سىنىڭ شەھەردە يۈرۈپ كۆرگىنىڭ راڭپىزا بىلەن سىرىق ئاش، — دېدى قۇربان، — دومبە جىگەر دېگىنىمىز — قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن جىگىرىنى ئوبدان پىشۇرۇپ سوزۇۋېلىپ، نېپىز يالپاقلاپ كېسىپ، ئىككى پارچە جىگەرنىڭ ئارىسىغا بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى قىستۇرۇپ يەيدىغان نەرسە. مۇنداق يېگەندە، مايمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، چاينىغانسېرى لەززەتلىنىپ چاينىغۇڭ كېلىدۇ. تازا ئوغۇل بالىنىڭ يەيدىغان تامىقى - دە! . . . قوينىڭ ئۆپكە - قېرىنى، توققۇز تولۇقلىرىدىن شۇنداق سوغۇق سەيلەرنى كەلتۈرۈۋېتىمىزكى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسىلەر . . .

ھەممىمىز بىردىنلا تاماقنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قاملاشتۇرىدىغان ئادەملا بولسا، قوي دېگەننىڭ ئاچچىق ئۈچەيى بىلەن تېرىسىدىن باشقا ھەممە يېرىدىن خىلمۇخىل تاماقلارنى تەييارلاشقا بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. كىمدۇر بىرى قىزىپ كېتىپ، ئەتىلا قەيەردىن بولمىسۇن بىر تور تېپىپ كېلىپ، دەرياغا تور تاشلىماقچىمۇ بولدى.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، دەريا بېلىقى دېگەننىڭ لەززىتى باشقا گەپ - تە! — دېيىشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككىيلەن: «بېلىق دېگەننى زادى مايدا پىشۇرۇپ يېگەن ياخشىمۇ، ئوتقا قاقلاپمۇ؟»

دەپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

* * *

قىرىشقاندەك شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ھاۋا ئۆزگىرىپ، شارىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

— ئاپلا، بۇ نېمە گەپ؟! — دېيىشتۇق ھەسرەتلىنىپ،— توقاي سەيلىسى قىلىدىغان شېرىن خىياللىرىمىز كۆپۈككە ئايلىنامدۇ نېمە!...

— خاتىرجەم ئۇخلايلى دېدى كىمدۇر بىرى — تاغ يېرى دېگەن شۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، ئەتىلا چاقناپ كۈن چىقىپ كەتمىسە.

ئەتىگىنى ئورنىمىزدىن تۇرساق، يامغۇر تېخىچە توختىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدىن نېرى بارالماي سولىنىپ قالدۇق. ئۇچى يۇشقان ئاغىنىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تالاغا چىقىپ ئاسمانغا قارايتتى. ئاسمان تۇتاش قوغۇشۇن رەڭگە كىرگەن بولۇپ، يامغۇر ئاق يېغىنغا ئايلىنىۋاتقاندى. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ، توقايلار، قارىغايزارلىق تاغلار — ھېلىقى بىز كۆرگەن بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەر تۇمان ئىچىدە غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، ياتاققا يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭغا چۈشتۇق.

— تاغ يېرى دېگەننىڭ ھاۋاسى شۇ،— دېدى ئەدىھەم ئاكا. ئارىمىزدا ياشتا ئەڭ چوڭ، ھازىر مەكتەپتە

ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىستاژى ئەڭ كونا ئادەم شۇ ئىدى،— بىر يىلى، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا يازلىق يىغىم ئىشىنى تۈگەتكىلى كەلگىنىمىزدە، بۇغداي ئورمىسى مەزگىلىدىلا مۇشۇنداق ھاۋا ئايىنىپ، تۇيۇقسىز قار چۈشۈپ كەتكىنى ئېسىمدە... بىرەرسىڭلار كورت قەغەزمۇ ئالغاچ كەلمىگەنمىتىڭلار؟

— بۇ يەردە شاھماتمۇ تېپىلماس ھەقىچان؟

— ھوي راست، ئېسىمدىن چىقىپتۇ،— دېدى بىر ئوقۇتقۇچى،— سىلەرگە بىر نەرسە كۆرسىتەيمۇ؟

— نېمىكەن ئۇ؟ — دەپ ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق.

ئۇ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىن بىر كونا لاتا سومكىنى تارتىپ چىقاردى. سومكا ئىچىدىن پومپىيىپ تۇرغان بىر سىرىق قەغەز خالتىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ئىچىدىن يەنە گېزىت قەغىزىگە پۇختا ئورالغان بىر توپ ئورىگىنالنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ماڭا بۇنى تۈنۈگۈن بىر دېھقان ئەكىلىپ بەرگەنىدى،— دەپ چۈشەندۈردى ئۇ،— بۇ سومكىدىكى نەرسىلەرنى ئۇ مەكتىپىمىز بۇرۇن بۇ يەردە ئىشلەتكەن بىر ئۆينىڭ تورۇسىدىن تېپىۋالغانىكەن. ھەقىچان، بۇ يەرگە كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان ھېلىقى ئەپەندىلەرنىڭ بىر نەرسىسى بولسا كېرەك، دەپ ساقلاپ قويۇپتىكەن.

ئورىگىناللارنى بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر قولىغا ئالدى. بىر نەچچە بەتنى ئۆرۈپ ئوقۇپ:

— پاھ، پاھ، قالتىس شېئىرلارغۇ بۇ! — دەپ

ۋارقىرىۋەتتى،— بۇ ئادەتتىكى بىر ھەۋەسكارنىڭ يازغان مەشىق شېئىرلىرى ئەمەس جۇمۇ. سۆزلىرى شۇنچىلىك ئاددىي، پىششىق، پىكرى چوڭقۇر. تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى ئەپچىل بىرلەشتۈرۈلگەن. ھەر بىر مىسرادىن ھاياجانغا تولغان شائىرنىڭ تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. . . ئاڭلاڭلار ھە، مەن سىلەرگە مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بېرەي.

ئۇ بىر شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ دېكلاماتسىيە قىلدى. ھەممىمىز ئىختىيارسىز سۈكۈتكە چۈشۈپ قۇلاق سالدۇق. كۆز ئالدىمىزدا گۈلگە پۈركەنگەن كەڭ دالا، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش، قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۈمۈلۈپ يىراقتىن كېلىۋاتقان قىز گەۋدىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئورىگىنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆردۇق. ئورىگىناللارنىڭ قەغىزى سارغىيىپ قالغان بولسىمۇ، خەتلىرى يەنە ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئەت لىرىكىسى، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار ئىكەن. بەزى سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى، تۈزىتىلگەن بەزى مىسرالارنىڭ يېنىغا قىيپاش قىلىپ يېڭى مىسرالارنىڭ يېزىپ قويۇلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئاپتورنىڭ تېخى رەتلىمىگەن دەسلەپكى قولىيازمىلىرىدەك قىلاتتى. كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان ئەدىبەم ئاكا ئاخىرىدا ئورىگىناللارنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردى - دە:

— بۇ تونۇش پوچېركىغۇ؟ . . . توغرا، خەمىتنىڭ پوچېركىسى، خەمىتنىڭ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خەمىت دېگىنىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدۇق بىز.
— بىر چاغلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەمىت دەپ بىر ئوقۇتقۇچى بولىدىغان، ئۇ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقا ئۇستا ئىدى.
— بۇ شائىر نەدە؟
— ئۇنىڭ يازغانلىرى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا قانداق كېلىپ قالىدۇ؟
— ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى سىلەر تازا بىلمەيسىلەر، — دەپ چۈشەندۈردى ئەدىھەم ئاكا، — ئۇ يىللاردا ھەر بىر مەكتەپ، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغان. مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ھەر يىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ يىغىم - تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتۇق. كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش، يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەش دېگەندەك چاقىرىقلار چىقتى. مۇشۇنداق سىياسەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، مەكتەپ ئۆز ئالدىغا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرماقچى بولۇپ، بۇ ئەتراپتىن يەر سېتىۋالغانىدى. شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىرى نەق مانا مۇشۇ قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھەتتا بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلار ھەر يىلى كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىدىغان بىر دەم ئېلىش ئورنىمۇ قۇرماقچى بولۇشقان.
— بۇ ئۇبدان گەپ بوپتىكەن، — دەپ سۆز قىستۇردى

ياش ئوقۇنقۇچىلاردىن بىرى.

— ئۇبدانلىقى قۇرۇسۇن! — دېدى يەنە بىرەيلەن، — يامغۇر مۇشۇنداقلا ياغىدىغان بولسا، ئادەم بىر كۈندىلا زېرىكمەمدۇ؟!

— ئەنە شۇنداق ياخشى نىيەتلەر بىلەن، — دېدى ئەدنىھەم ئاكا يانچۇقىدىن موخۇركا قەغىزىنى ئېلىپ يىرتىپ تۇرۇپ، — دەسلەپتە بۇ يەرگە بىر كورپۇس ئۈستىدىكى چېدىرچە يېپىلغان ئۆيلەر سېلىنغانىدى. ئاز ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. پىلانلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ سۇغا چىلاشتى. قاش دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ يەر تېرىماق تۇگۇل، مەكتەپتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ توختاپ قالدى. شۇ يىللارنى ئەسلىسەم، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئىككى ئوقۇنقۇچى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى مۇشۇ قولىيازمىلارنىڭ ئىگىسى خەمىت، يەنە بىرى ھامۇت. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن فاكۇلتېتنىڭ ئۆزىدە ئوقۇنقۇچى بولۇپ قېپقالغان. خەمىت ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇ چاغلاردا يېزىپ ئېلان قىلغان شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇنقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئابرۇيىمۇ بار ئىدى. دەرسىنىمۇ ياخشى ئۆتەتتى. ئەمدى ھامۇتقا كەلسەك، ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن مەكتەپكە ئوقۇنقۇچىلىققا ئېلىنىپقالغانلىقىنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن. ئۇ بويلۇق كەلگەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. مۇنداق سالاپەتنىڭ ھە دېگەندە

ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە دەسمى بولالايدىغانلىقىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. شۇڭا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىقمۇ بولغان. بىراق، بىچارىنىڭ قورسىقىدا چىرايىغا تۇشلۇق ئۇماچ يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكۈدەك ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، كېيىن ئۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكى مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەپ قويغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا كەلگەندە، خەمىت بىلەن ھامۇت باشقا ـ باشقا قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشتى. خەمىت يازغان شېئىرلىرى، شۇ چاغدىكى سىياسەتكە نارازى بولۇپ قىلىپ سالغان بەزى گەپ ـ سۆزلىرى تۇپەيلىدىن، ئەڭ باشتا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ھامۇت بۇ ھەرىكەتتە ئاكتىپ بولۇپ شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتتىكى، ئايھاي! . . . ئەگەر يارانقان ئىگەم بىر كىشىگە توغرا يول بىلەن مېڭىپ ھايات كەچۈرىدىغان پەزىلەتنى ئاتا قىلمىسا، ھېچبولمىغاندا ئەسكىلىك قىلىپ بولسىمۇ جېنىنى باقىدىغان قارا نىيەتنى قوشۇپ بەرسە كېرەك، ھامۇت نەق شۇنداقلا بولۇپ چىقتى. خەمىتكە ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانمۇ ھامۇت بولدى. ئۇ خەمىتنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى شۇنچىلىك كۆپ مەزمۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردىكى، پاھھاي، ئادەم پۇتلاشتا ئۇنىڭدىن ئۇستىسى بولماس! . . . بۇ گەپنى قىلسام، شۇ چاغدا مەكتەپ توپ مەيدانىدا ئېچىلغان نەچچە مىڭ كىشىلىك كۈرەش يىغىنىنى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. سەھنىدە ئولتۇرغانلاردىن بىرى خەمىتنىڭ «جىنايەت» لىرىنى

ئوقۇپ، ئۇنى: «سەھنىگە چىقسۇن!» دەپ ۋارقىرىغاندا، خەمىت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا قىمىر قىلماي ئولتۇردى. ھامۇت بىر نەچچەيلەننى ئەگەشتۇرۇپ يېتىپ كېلىپ، ئۇنى سۆرەپ دېگۇدەك سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بېشىغا ئېگىز قەغەز قالپاق كىيدۇردى. خەمىت باشتا نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. بىر يۇلقۇنۇپ قولىنى بوشىتىۋېلىپ، بېشىدىكى قالپاقنى يۇرلەپ ئېلىپ يەرگە ئاتتى ــ دە، بالاغا قالدى. بىر نەچچىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى بولۇشىغا دۇمبالاپ، ئاندىن قولتۇقىدىن يۆلەپ زورىغا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇشتى. بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا بىرەر زىددىيىتى بارمۇ ياكى ھامۇتنىڭ تەبىئىيتىنىڭ ئەسكىلىكىدىن شۇنداق بولۇۋاتامدۇ، بىلمىدىم، شۇ چاغدا خەمىتنى ئەڭ قاتتىق ئۇرغانمۇ ھامۇت ئىدى . . . ئۇ چاغلاردىغۇ كۆرەشكە تارتىلمىغان ئادەممۇ ئاز قالغان. ئۇنى دېسەڭلار، ماڭىمۇ قالپاق كىيگۈزۈشكەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدۇق بىز.

ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى ياندۇرۇپ بىر ــ ئىككى شورىدى ــ دە، كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ كەمدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا، — نېمىشقا بولاتتى، ماڭا ئارتقان جىنايەتلىرى «چەت ئەلدە ئوقۇغان ـ تۇغقىنى بار . . . يازدا كاستيۇم ــ بۇرۇلكا، قىشتا پەلتو كىيىپ، گالستۇك باغلاپ يۈرىدۇ . . .» دېگەندەك تۈكى يوق ئىشلار. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ياش ئىدىم ــ دە! بولۇۋاتقان ئىشلارغا بىر

تۇرۇپ ئادەمنىڭ كۈلكۈسى، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ. ئوقۇش بىنالىرىنىڭ تاملىرى ھەر خىل چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىپ، قۇراق چۈشكەن ئەسكى يوتقاندەك بولۇپ قالغان. تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ بېشىدا ئېگىز قەغەز قالپاق، يۈز ـ كۆزىمىزنى جىن ـ شەيتانلارغا ئوخشىسۇن، دەپ ئالىيېشىل بوياۋەتكەن. قولىمىزدىكى ئەسكى داس ـ چېلەكلەرنى داراڭشىتىپ: مەن پالانچى بولىمەن، جىنايىتىم ماۋۇ، ماۋۇ. . . دەپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇش بىنالىرىنىڭ ئالدىدىن خۇددى ئەسكى تاملىقتىن ئۆتكۈن ئۆتكەندەك مېڭىپ ئۆتىمىز. ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولماس دەيمەن! . . . كېيىن، ئىسيانچىلار ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ بىر ـ بىرى بىلەن ئەلەم كۈرىشى قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى. بىزنى رىجىم ئاستىدا مەكتەپنىڭ قارا ئىشلىرىنى قىلىشقا سالدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، خەمىت بىزنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىگە قاراشلىق سەي ـ كۆكتات ئورىلىرىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن، مەكتەپ پارخانىسىدا ئوتمۇ قالىغان. . . ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، شۇ قالايمىقانچىلىقلار بىلەن بولۇپ، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا ھېچكىمنىڭ چولىسى تەگمىدى. لېكىن، يەرنى تېرىماي ئاق تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ ـ دە! سېتىۋالغان يەرلىرىمىزنى ئىلگىرىكىدەكلا بۇ ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرى تېرىپ پايدىلىنىۋەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر يىلى ئۇلار مەكتەپكە ئاز ـ تولا ئاشلىق، ماي ياردەم قىلىپ تۇراتتى. كېيىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھېلىقى چېدىرچە يېپىلغان

ئۆيلەر ئادەم ئولتۇرمىغاچقا، قار بېسىپ، يامغۇر ئۆتۈپ، ۋەيران بولۇشقا باشلىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن، يېزىلىق هۆكۈمەت مەكتەپكە: «سالغان ئۆيۈڭلا ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئادەم قويۇپ باشقۇرمىساڭلار بىز ئىگە بولالمايمىز» دەپ ئىنكاس قىلغان بولسا كېرەك. خەير، شۇنداق قىلىپ، تېخى قۇرۇلمىغان دېهقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۆرۈلگىلى تۇرغان ئۆيلىرىگە قاراشقا رىجىمدا ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرەرسىنى ئەۋەتىدىكەن، دېگەن گەپنىڭ قۇلىقىمىزغا چۈشكىنى ئېسىمدە. كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم، بۇ يەرگە دەسلەپتە خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتىشكەنىدى. مانا ئەمدى سىلەر: ئاي دالاغا سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراشقا نېمىشقا باشقا كىشىنى ئەۋەتمەي خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتكەن؟ دەپ سوئال قويساڭلار بولىدۇ.

ئەدىبەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق بىر - ئىككى شوراپ، ئالدىدىكى كولدانغا مىجىپ ئۆچۈردى - دە، بىزگە تەكشى قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىلەرگە خەمىتنىڭ چىرايىنى قانداق سۈرەتلەپ بەرسەم بولار؟ ئىشقىلىپ ئاق - سېرىق كەلگەن، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، ئورۇق يىگىت ئىدى. كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا بولسا كېرەك، لېكىن كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئېغىر مىجەزىگە قاراپ، قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان ئادەممىكىن، دەپ پەرەز قىلاتتى. قىزىق يېرى، ئۆزىنىڭ شۇنچە هېسسىياتچان بولۇشىغا، مۇهەببەت توغرىسىدا شۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يازغىنىغا قارىماي،

ئۆزى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، شۇ ياشقا كىرىپمۇ ئۆيلەنمىگەنىدى.

— مانا بۇ ھەقىقىي شائىر ئىكەن! — دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دەپ ھەيران بولدۇق بىز.

— ئۆيلىنىشنىڭ ئۆزى شائىر ئۈچۈن پۈت ـ قولىنى چۈشەش، ھېسسىياتىنى بوغۇش بىلەن باراۋەر. شائىر ئۆز تەقدىرىنى بىر ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرمىغاندىلا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى چەكسىز ئاياللار دۇنياسى ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ.

— ئوھوي، ئەمدى بۇ نەنىڭ نەزەرىيىسى بولدى؟

— مانا، ئىشەنمىسەڭلار شائىرلارنىڭ پىرى بولغان نەۋائىينى ئېلىڭلار، ئۇ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن. بىلال نازىممۇ بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ، غۇلجا مەدرىسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە تۇرۇپ، شۇ ئايال تۇرغان ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە يىراقتىن نەزەر سېلىپ، نۇرغۇن ئىشق نەزمىلىرىنى يازغان. شائىر بىرىگە غايىۋى ئاشىق بولغان، لېكىن ئارمانىغا يېتەلمىگەن چاغدىلا، مۇھەببەت توغرىسىدا تەسىرلىك نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ. ئۆيلىنىپ، بىر ۋات ـ ۋات خوتۇننى ئۆيگە ئەكىرىدىكەنمۇ، ئىشىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ!

— شۇنداق،— دەپ ئەدەبىيات مۇئەللىمىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان،— گۈلنى بەرگىدە كۆرگەن تۈزۈك، ئۈزۈپلا قولۇڭغا ئالدىڭمۇ، بىردەمدىلا جەلپكارلىقىنى يوقىتىدۇ...

ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ ئەدىھەم

ئاكىمۇ كۆلۈپ كەتتى ـ دە:
— خەمىت سىلەر دېگەندەك ھەقىقىي شائىرلىق ماقامىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆيلەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك بىرەر قىز چىقمىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا، شۇ ياشقا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر قىزنىڭ يۈرىكىدە ئوت پەيدا قىلالمىدىمۇ؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن. . . بايا سۆزلەپ نەگە كېلىۋېدىما؟ — دېدى.
— دېھقانچىلىق مەيدانىغا نېمشقا باشقا ئادەمنى ئەمەس، خەمىتنى ئەۋەتكەن؟ دېگەنىدىڭىز.
— ھە، توغرا . . . ئەلـۋەتتە مۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەرگە مەسىلىسى بار، كۆرگەنلا كىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ ـ دە! شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ خەمىتنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۇ ياش، ساغلام ئىدى، ئەسلىدە ئۇ يېزىدىن كەلگەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئېپىنى بىلەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ بويتاق بولغاچقا، يىراققا بارالمايمەن، دەپ تارتىنىشىدىغان ئادىمى يوق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن بولسا، ئۇنىڭ تارىخىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارخىپىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ۋاراقلىساڭلار، قانچىلىك گەپ بار دەيسىلەر؟ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان . . . ئەزمىلىك قىلىپ گېپىمنى بەك سوزۇۋەتتىممۇ، قانداق؟ — دېدى ئەدىبەم ئاكا، — بىكار ئولتۇرغۇچە بىر پاراڭ، بۇ ئۈچ

ئادەمنىڭ ھاياتىغا تاقىلىدىغان خېلى ئۇزۇن بىر ۋەقە، ئاراڭلاردا ھېكايە يازىدىغانلار بولسا، ماتېرىيال بولۇپ قالار. زېرىكىپ قالدىڭلارمۇ يە؟

— ياق، سۆزلەۋېرىڭ،— دېيىشتۇق بىز.

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى قانداقراق ھېس قىلغاندۇ؟

— يالغۇزچىلىقتا تازا زېرىككەندۇ؟ — دېدىم مەن.

— خەمىت ئەسلىدىمۇ باشقىلارغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان، يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئىدى،— دېدى ئەدىبھەم ئاكا،— شۇنداق بولسىمۇ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا مەكتەپتىن ئايرىلىش ئېغىر كېلىپ، ئۆزىنى خۇددى يىراق بىر يەرگە پالىنىۋاتقاندەك ھېس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇشال بولغىنى ئېنىق. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، بۇ مەنزىرىسى گۈزەل، كەڭ بىر جاھان. بۇ يەردە مەكتەپتىكىدەك ھەر كۈنى شوئار توۋلاپ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلاپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان ياكى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىپ، دەككە - دۈككىدە ئولتۇرىدىغان ئىشلار يوق. ئۇ بەخىرامان خىيالىنى سۈرۈپ، ئەركىن نەپەس ئېلىپ، خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان، سولغۇن چىرايىغا قانمۇ يۈگۈرگەن. مەكتەپ سېتىۋالغان يەرلەرنى تېرىۋاتقان كەنتنىڭ دېھقانلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، ھېلىقى چېدىرچە ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلغان - تۆكۈلگەن يەرلىرىنى رېمونت قىلدۇرغان. ئۇلار بىلەن بىللە يەر تېرىغان، سۇ تۇتقان، ئورما ئورۇغان، مانا شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىنى

زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ۋەقە بولغان.

— نىمە ۋەقە ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدۇق بىر نەچچىمىز تەڭلا.

— مۇھەببەت! — دېدى ئەدىھەم ئاكا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،— بۇ يەردە خەمىت تۇنجى قېتىم چىن يۈرىكىدىن بىر دېھقان قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. قىزنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مايسەم ئىدى. خەمىت ئۇ قىز بىلەن دەسلەپتە نەدە ئۇچرىشىپ قالغان، ئېتىزدىمۇ، خاماندىمۇ؟ ياكى ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن ئېتىز ئىچىدىكى خىلۋەت ئاياغ يوللارنىڭ بىرىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تونۇشۇش جەريانى قانداق بولغان؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. سىلەر ياشلار بۇنى چۈشىنىسىلەر، ھايات دېگەندە ئاشۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەممىمىزنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرسە، ئۆيلەنگەن ئادىمىمىز باشقا، كۆيۈپ - پىشقان، ئېلىشماقچى - تېگىشمەكچى بولغان ئادىمىمىز باشقا بولۇپ چىقىدۇ؛ ياكى بولمىسا خېلى يىللارغىچە كىمگە قىزىقىپ، كىمنى تاللاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرىمىز، ئويلىمىغان يەردىن ناتونۇش بىرسى پەيدا بولىدۇ - دە، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىمىز. . . خەمىت ئۇ قىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كۈچى بىلەن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغان. سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، دەككە - دۈككىچىلىكتە ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالغان يىگىت ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى يېڭىۋاشتىن

تونۇغاندەك بولۇپ، قەلبىدە ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلار قايتا ئويغانغان. ئۇ چېدىرچە ئۆيلەرنى ئاپئاق ئاقارتىپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى رەتسىز ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى تەكشى قىرقىپ چىققان، ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن ئاياغ يوللارغا شېغىل تاشلارنى يېيىتقان، ئىشىك ئالدىدىكى چىملىقنىڭ ئىچىگە يەنە رەندىلەنمىگەن تاختايلاردىن قوپال قىلىپ بولسىمۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن ئورۇندۇق، ئۇستەللەرنى ياساپ ئورناتقان. مايسەم ئۇنىڭغا يېزىدىن ھەر خىل گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەن. بۇ ئىككىسى ئۆينىڭ ئەتراپىغا گۈللەرنى تېرىغان، بۇ گۈللەر رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئاجايىپ يېقىملىق تۇسكە كىرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ گۈللەر بىلەن تەڭ چېچەك ئاچقان...

— شۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئەدىھەم ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر، — شائىر بار يەردە چوقۇم گۈل بولىدۇ، قىز بولىدۇ، مۇھەببەت بولىدۇ. ئەگەر دۇنيادا گۈل، قىز، مۇھەببەت دېگەنلەر بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر قىزىقىمۇ بولمىغان بولاتتىمىكىن، دەيمەن.

— ئۇ چىرايلىق قىز بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

— كېيىن مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا رىجىمدا ئىشلەيدىغانلاردىن يەنە بىر قانچەيلەننى ئەۋەتتى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا، — شۇلارنىڭ قاتارىدا بۇ يەرگە مەنمۇ كەلدىم. مەكتەپنىڭ سىتنۇالغان

يەرلىرىنى تېرىپ دېھقانچىلىق قىلدۇق. خەمىت مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ھېلىقى قىزنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆچرىتىپ قالاتتۇق. نېمە دېسەم بولىدۇ، قارىماققا ئاددىيلا بىر قىز. بىز ھازىر شەھەردە كوچىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر سائەت ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىگە گىرىم قىلىدىغان قىزلارنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالدۇق. مايسەم قارا قۇمچاق كەلگەن، ھېچقانداق پەردازسىز، ساغلام يېزا قىزلىرىدىن ئىدى. كۆلگەندە، مەڭزىدە ئىككى زىناق پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى خۇمالىشىپ، ناھايىتىمۇ يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى. . . قاراڭلار، بۇ يەرنىڭ ئۆزىمۇ قەيەرگە قەدەم باسساڭ رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق بىر ياشنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق ھېسسىيات ئويغىتالايدىغان ئاجايىپ بىر ۋادا ـ دە! . . . بەزىدە بىز مايسەم بىلەن خەمىتنىڭ توقايلىقلار ئىچىدە قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىنى تاڭغا ئۇلىغۇەتكەنلىرىنى كۆرەتتۇق. قىزنىڭ جاراڭلىق كۆلكىسىدىن ھۈركىگەن ياۋا ئۆردەكلەر پالاقشىپ قانات قېقىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بەزىدە ئۇلار تاغ تېرىكىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ، يىراق بىر يەردىن، ئورمانلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايغا قاراپ ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارغا دەريانىڭ شارقىرىشى، بېشى ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى، ھەتتا يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىمۇ توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ، بىر ـ بىرىگە پەقەت يۈرەكلىرىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرغان ساداسىلا ئاڭلىناتتى. ئۇلارغا قارىغان كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ھەۋىسى كېلەتتى . . . مېنىڭچە، سىلەر

ھازىر كۆرۈۋاتقان قىز - يىگىتلەرنىڭ كىنوخانىلارنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى، ئىس - تۈتەك، غەلىتە مۇزىكىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭىغا تولغان كاتتا رېستورانلاردىكى مۇھەببەتلىشىشلىرى قارىماققا قالتىستەك كۆرۈنسىمۇ، يۇلتۇزلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان، ئاي ھەممىگە گۇۋاھ بولۇپ بېشىڭىزدا نۇر تۆكۈۋاتقان، نەمخۇش ساپ ھاۋا دىمىقىڭىزغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ ئۆز قوينىدىكى ئاشۇنداق مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. . . خەمىت مانا بۇ ئورىگىناللاردىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىنى قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، شۇ چاغلاردا يازغان بولسا كېرەك.

ئەدىھەم ئاكا سۆزدىن توختاپ، يەنە بىر ئورام تاماكا يۆگەشكە قەغەز يىرتتى. بىز ئەدىھەم ئاكىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ، ھېلىقى ئورىگىناللارنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق.

— مەن بۇ ھېكايىڭىزنىڭ ئاخىرىنى پەرەز قىلىپ بولدۇم، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان.

— قانداق؟ — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى ئەدىھەم ئاكا.

— ئەمدى خەمىت بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۈچىنچى شەخس پەيدا بولىدۇ.

— ياھ، ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— بابا ئۆزىڭىز بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بىر ۋەقە، دېمىدىڭىزمۇ؟ . . . مېنىڭچە، ئۈچىنچى بىر شەخس پەيدا بولىدۇ. ئۇ قىزنى تالىشىپ ئاخىر خەمىتتىن تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋىسالىغا

يېتەلمىگەن بۇ شائىر ئاچچىق ھەسرەت بىلەن مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

— قۇربانىنىڭ پەرىزى توغرا، — دېدى قادىر مۇئەللىم، — بايا سىز يەنە: بۇ بىرەر ھېكايىگە ماتېرىيال بولغۇدەك ۋەقە، دېگەنىدىڭىز. بىردىر ھېكايىگە ماتېرىيال بولغۇدەك ۋەقە بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم قىز - يىگىتنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر شەخس قىستۇرۇلۇشى كېرەك. بولمىسا قىزىقى بولمايدۇ. مانا، تاھىر - زۆھرە، لەيلى - مەجنۇن، پەرھاد - شېرىن دېگەندەك تارىختا ئۆتكەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئېلىڭ، ھەممىسى شۇنداق.

— سىلەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقراق ئادەم پەيدا بولار؟ — دېدى ئەدىھەم ئاكا يېڭى تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنىڭ ئىسسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە، — دېدى قادىر مۇئەللىم، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن بىر دېھقان يىگىت پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى چىرايلىق بىر قىزنى قانداقتۇر چەتتىن كېلىپ قالغان كۆزەينەكلىك بىر ئەپەندىنىڭ قولىغا كەلتۈرۈۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرىدا قىزنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ... ئەگەر خەمىت مەقسىتىگە يېتەلىگەن بولسا، مۇنچىۋالا كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە كەپتۇ؟... قولۇڭلاردىكى ئورىگىناللارغا قاراڭلار، خەمىتنىڭ يازغانلىرىدىن ئۆز بەختىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئادەمنىڭ ھەسرىتى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار ناھايىتىمۇ ئاز.

بىز كۆلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئۈچىنچى بىر ئادەم پەيدا بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغىنىڭلار توغرا، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — لېكىن ئۇ ئادەم سىلەر ئىشەنگەندەك بۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئەمەس، يەنە بىزنىڭ مەكتەپتىن چىقتى.

— مەكتەپتىن! ؟

— ھە، بىزنىڭ مەكتەپتىن.

— كىم ئۇ؟

— ئۇ مەن سىلەرگە باشتا گېپىنى قىلىپ بەرگەن، خەمىتنىڭ ساۋاقدىشى ۋە رەقىبى ھامۇت.

— ھامۇت بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالىدۇ؟

— ھامۇتنىڭ نېمە سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — ئىشقىلىپ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇمۇ ئارىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاڭلىساق، ئەسلىدە ئۇ بىر پومېشچىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ دەپ بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئويلىسا، ھازىرمۇ ئادەمنىڭ بېشى تۈرەپ قالىدۇ. خەمىتنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلغان كۈنلەردە، ھامۇتنىڭ دائىم خەمىت يازغان بىر تۈتام شېئىرلارنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنلۇك دىكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدىغىنى ئېسىمدە. ئاڭلىساق، بىزگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك گۈزەل مىسرالاردەك بىلىنەتتى. لېكىن، ھامۇتتەكلەرنىڭ نەزىرىدە دەل مۇشۇ گۈزەللىكنىڭ ئۆزى ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. ھامۇت شېئىرلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى

تەھلىل قىلىشقا ئۆتەتتى. ئەيتاۋۇر مىسرالارنىڭ بىر يېرىنى يۇلۇۋېلىپ، يەنە بىر يېرىگە ئاپىرىپ قۇراشتۇرۇپ، ئوڭنى دوم قىلىپ، ئاخىرىدا: «مانا بۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەسەر بولماي نېمە؟» دەپ شۇنداق غەلىتە يەكۇنلەرنى چىقىراتتىكى، ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى . . . بىر قېتىم ئۇ:

قوشۇماڭ تۇرمە زىنهار،
جۇت كەتسە كېلۇر باھار. . .

دېگەن ئىككى مىسراغا تازىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى. بۇ مىسرالارنى ھامۇت خەمىتنىڭ قايسى شېئىرىدىن يۇلۇۋالدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنە نېمە گەپلەر بار ئىدى، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە كىم بىلىدۇ دەيسىلەر. « — مانا، مانا، قاراڭلار،— دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى ھامۇت شۇ چاغدا،— مانا بۇ مىسرالاردا ئاپتورنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ئاپئاشكارا تۇرمامدۇ؟! . . . ئۇ بىزنىڭ بۇگۈنكى بەختىيار زامانىمىزنى جۇتقا ئوخشاتقان، ئۆزىنىڭ قولىدىن كەتكەن باھارىنى يەنە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ جار سالغان» . . . ھامۇتنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، خەمىتنىڭ بوۋىسىمۇ ياكى بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نېمىسى ناھايىتى ھاللىق ئۆتكەن ئادەممىش. ئۇ نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە بېيىغانىكەن. . . ھامۇت ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى. خەمىتنىڭ بوۋىسى قايسى زاماندا ئۆتكەن ئادەم؟ ئۇ

كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى قانداق شورىغان؟ ھەر بىر ئادەمنى تورۇسقا بىر ـ بىرلەپ ئېسىپ، تاپىنىدىن تېشىپ شورىغانمۇ ياكى باشقىچە بىر سېھىرگەرلىكلەرنى قىلغانمۇ؟ . . . بۇ ئەرەپلىرىنى تازا ئىنچىكىلەپ سوراپ كەلسە، ھامۇتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەس دەيمەن. ئەمما بىز خەمىتنىڭ يېزىدىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق. ئەمدى كېلىپ، ھامۇتنىڭ ئۆزى پومېشچىكنىڭ بالىسى چىقىپ قالغىنى قانداق بولدى؟ . . . ئۇ كەملەردە ھودۇقىنىدىن: «ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلايمەن، دەپ «يوقالسۇن» دەپ شوئار توۋلاپ سېلىپ، گەپنى ئوڭلاپ قىلىمەن دەپ، تەتۈر قىلىپ قويۇپ بالاغا قالغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھامۇتمۇ بېشى قېيىپ ئۆزىنىڭ ئائىلە تارىخىنى خەمىتكە چاپلىغانمۇ؟ ئىشقىلىپ، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ باش ـ ئاخىرىغا چىقارغىلى بولمايتتى. . . راستىنى ئېيتقاندا، بىز ھامۇتنى «سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرغان» دېگەن گەپكە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدۇق، ئۇنى مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقانلارنى ئاستىرتتىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدۇق. دېمىسىمۇ، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا مەسىلىسى بار بىر مۇنچە «گېزەندىلەر» يىغىلىپ قالغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ ـ دە! ؟ . . . ھامۇت كېلىشى بىلەنلا ئۆزئارا قىلىشىدىغان كۆلكە ـ چاقچاقلىرىمىز ئۆچۈپ، سوغۇق كەيپىيات پەيدا بولدى. دېيىشكە تېگىشلىك ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىزنىمۇ تارازىغا سېلىپ دەڭسەپ دەيدىغان بولدۇق. بۇ يەرگە كېلىپلا

هامۇتنىڭ كۆزى يەنە خەمىتكە قادالدى. قارىسا، خەمىت بۇ يەردە ناھايىتى ئەركىن بولۇپ كەتكەن، ھەتتا چىرايلىق بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن. ھامۇتنىڭ نەزىرىدە خەمىت مەسىلىسى بار ئادەم بولغاندىكىن، ياۋاشلىق بىلەن باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلىپ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تەشكىلگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى ـ دە. يەنە خالىغانچە بىر نېمىلەرنى يېزىپ، قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈردى، دېگەن نېمە گەپ!؟... ھامۇت ئىچىدە شۇنداق ئويلىسىمۇ ئۆزىچە چاندۇرماي خەمىت بىلەن يېقىن بولۇۋېلىپ يۈردى. ئېھتىمال مۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق چاغلىسا كېرەك. خەمىت ھامۇتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ يېزىپ يۈرگەن شېئىرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چېدىر ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىقىۋېتىپ، ھامۇت بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ يۈردى. بۇ ئىككى رەقىب شۇ يەردىكى ئېتىز يوللىرىدا بىللە ماڭغان، توقايلىقلارنى بىللە سەيلە قىلغان، دەريا قولتۇقلىرىدا بىللە بېلىق تۇتۇشقان؛ ئەتىگەندە دەريا ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان، قىزىرىپ چىقىۋاتقان قۇياش، يېزا تەرەپتىن چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان پادىلار توپىنى بىللە كۆرۈشكەن. ئۆزىنىڭ چىراي ـ شەكلىگە ناھايىتىمۇ ئىشىنىپ، ھەرقانداق ئايال زاتىنى ئىندەككە كەلتۈرەلەيمەن، دەپ ئويلايدىغان ھامۇت ھەتتا خەمىتنى پات ـ پات ئىزدەپ كېلىپ تۇرىدىغان ھېلىقى قىزغا ئانچە ـ مۇنچە

قاناتمۇ سۇرەپ باققان، لېكىن مايسەم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىغان. قىز خەمىتنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمدىن ناھايىتى بىزار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھامۇتنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئۆرتىلىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپكە: «خەمىتنىڭ ھەرىكەتلىرى سىرلىق، ياۋاشلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي، نېمىلەرنىدۇر يېزىپ تىقىشتۇرۇپ يۈرىدۇ. بىر قىز بىلەن مەخپىي بېرىش - كېلىشى بار...» دېگەندەك غەلىتە ماتېرىياللارنى يېزىپ يوللاپ تۇرغان... مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەمىت تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى.

— نېمە، يوقاپ كەتتى؟ — دەپ سورىدۇق بىز چۈشەنمەي.

— خەمىت، خەمىت يوقاپ كەتتى.

— نەگە يوقاپ كېتىدۇ؟

— ئۇنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — خەمىت دەسلەپكى كۈنى ياتاققا قايتىپ كەلمىگەندە، ئېھتىمال ئۇ مايسەم بىلەن دالىدا تۈنىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق. ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئەندىشىگە چۈشۈپ جىددىي ئىزدىدۇق، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. مايسەممۇ بىز بىلەن تەڭ خەمىتنى ئىزدەپ سەكپارە بولۇپ كەتتى. ھامۇت مەكتەپكە: «خەمىت ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى» دەپ مەلۇمات يوللىدى. بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىدى. خەمىتنىڭ قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكۈدەك زادى قانچىلىك جىنايىتى بار دەيسىلەر؟...

ئۇ كەملەردە ھەر خىل سىياسىي بېسىم ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، خەمىتنىڭ چەتكە قېچىش نىيىتى بولسا، بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز يۈرگەن چاغلاردا ياكى مەكتەپتە ئېگىز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنغان ئېغىر كۈنلەردە قاچماي، بۇ يەردە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن كۆڭۈللۈك مۇھەببەتلىشىۋاتقان كۈنلەردە قىزنى تاشلاپ قاچامدۇ؟ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولسا، قايسى دۆلەتكە چىقىپ كەتتى؟ . . . بۇ سوئاللارغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى. كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز يۇرتلىرىنى كۆرگىلى كېلىشتى، لېكىن خەمىتنىڭ خەۋىرىنى ئۇلارنىڭمۇ ھېچقايسىسى دەپ بېرەلمىدى.

— ئۆلۈپ كەتتىمۇ يە؟

— ئۇ ئۆلگەن بولسا جەسىتى قېنى؟ قەبرىسى قەيەردە؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلدى؟ بۇ سوئاللارمۇ جاۋابسىز قالدى.

— ئۇنداقتا، بۇ ھېكايىڭىز ئوڭايلا ئاخىرلىشىپ قالدىغۇ؟ — دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر.

— ئالدىرىماي تۇرامسىلەر، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — سۆزلەيدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىدى. مەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولمىغاچقا، ۋەقەنى تازا رەت - رېتى بىلەن دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن. ئەمدى گەپنى يەنە شۇ خەمىت يوقاپ كەتتى، دېگەن كۈنلەردىن باشلايلى. خەمىتنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىشى بولۇپمۇ مايسەمگە ناھايىتى قاتتىق

تەسىر قىلدى. چۈنكى، بۇ يېزا قىزى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ شادلىقىنى شۇ خەمىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن تاپقان، كەلگۈسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن تاتلىق ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بۇ ئېغىر يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەقلىدىن ئازغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ ئەتراپتىكى ئېدىرلار، توقايلىقلار، دەريا بويلىرىنى ياقىلاپ توختىماي يۈگۈرۈپ: «خەمىت! خەمىت!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ: «خەمىت! خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان نالىسى يىراقتىكى تاغلاردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كېلەتتى. ھەممىمىز بىچارە قىزنىڭ ھالىغا ئېچىناتتۇق. مايسەم يېزىدا يالغۇز بىر مومىسى بىلەن تۇرىدىغان قىز ئىكەن. بىچارە موماي قىزنى ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىقىپ دەريا بويلىرى، تىك قىيالارنىڭ ئۈستىدىن تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەتتى. . . بىر كۈنى چۈشتە، نەق ھېلىقى چېدىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا — خەمىت ياساپ ئورنىتىپ قويغان ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتۇق، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا مايسەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ توپتوغرا ھامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خەمىت قېنى؟ — دېدى.

قىزنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ھامۇت دۇدۇقلاپ :

— خە، خە، خەمىتنىڭنى مە ـ مە ـ مەن نەدىن بىلەي، — دېيىشىگە قىز ۋارقىرىغىنچە كېلىپ:

— خەمىتنى سەن، سەن ئىت ئۆلتۈردۈڭ! — دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ھامۇت قېچىپ ئارانلا قۇتۇلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قىز چېدىر ئۆينىڭ ئالدىدا پات - پات پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم قىزنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ھامۇت قورقىنىدىن تامدەك تاتىرىپ، ئۆزىنى نەگە قاچۇرۇشنى بىلمەي قالاتتى. بەزىدە بىز ھامۇت يوق چاغدا مايسەمنى چاقىرىۋېلىپ، خەمىتنى ھامۇت ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟ نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟ دەپ گەپكە سالاتتۇق. بىر كۈنى مايسەم قوينىدىن قولياغلىقتا ئورالغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ بىزگە كۆرسەتتى. قارىساق، قولياغلىقتا خەمىتنىڭ سۇنغان كۆزەينىكى تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ بىر - بىرگە ئۇلاشمىغان، چۈشىنىكسىز سۆزلىرىدىن تازا ئويلىنىپ بىر خۇلاسە چىقارغاندا، مۇنداق مەزمۇن چىقاتتى: ئەسلىدە خەمىت يوقاپ كەتكەن كۈنى چۈشتىن كېيىن خەمىت بىلەن ھامۇتنىڭ دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاشلىق بىر ئارالغا ئۆتۈپ، بېلىق تۇتماقچى بولۇپ دەرياغا تور تاشلاپ ئولتۇرۇشقىنىنى مايسەم كۆرگەنىكەن. شۇ يەردە خەمىت بىلەن ھامۇت بىر - بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغان. بۇ ئىككى رەقىبنىڭ بىر - بىرگە قول شىلتىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن قىز: بۇلار نېمە بولۇشقاندۇ؟ . . . ئەر خەقلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، دەپ كېتىپ قالغان. . . سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بىلەن ھامۇت نېمە تالىشىپ بىر - بىرى قىزىرىشقاندۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلار ئارتۇق كەتكەن بىرەر ئېغىز چاقچاقتا تېرىكىپ ياكى ئەرزىمەس بىر نېمىلەرنى تالىشىپ بىر - بىرگە قول شىلتىشىپ كېتىدىغان كىچىك بالا ئەمەس. چوقۇم گەپ ھامۇتنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ

ئۈستىدىن مەكتەپكە توختىماي راست - يالغان مەلۇمات يوللاپ يۈرگەن ئىشى ئۈستىدە بولغان. خەمىتنىڭ ھامۇتقا جاندىن ئۆتكۈدەك بىر - ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغىنى ئېنىق. مەسىلەن، ئۇ ھامۇتقا:

— مۇنداق قىلىپ كۈن ئالغۇچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن! . . . — دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھامۇت سەل قىزىققان، ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزىدىن ئوتتايلا بىزەپ گەپلەر چىقىپ كېتىدىغان نەرسە ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

— ھەدەڭنى پالان قىلاي! — دېگەن. خەمىت:

— ھەدەمنىڭ ئېرى بار دېگىنە، چىشىڭ پاتماسمىكىن، — دېگەن. ھامۇت:

— ئەمىسە سىڭلىڭنى. . . — دېگەن. خەمىت:

— سىڭلىم بولسىغۇ شۇنداق قىلساڭ بولاتتى، ساڭا بەرگۈدەك سىڭلىممۇ يوق دېگىنە، — دەپ يەنە ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان. ھامۇت تېخىمۇ ئەدەپ:

— ئەمىسە ئاناڭنى. . . — دېگەن. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان خەمىت:

— مېنىڭغۇ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىرچە ئۆزۈڭنىڭ ئانىسىنى شۇنداق قىلىپ تۇرساڭ بولارمىكىن! — دەپ ھامۇتنىڭ بۇرنىغا گاچچىدە بىرنى سالغان.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياقىلىشىپ ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كەتكەن. ھامۇت خەمىتتىن قاۋۇلراق ئىدى. ئۇ ئاتقان بىر مۇشت خەمىتنىڭ بېشىغا تېگىپ كۆزەينىكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. خەمىت كۆزەينىكى بولمىسا ئالدىدىكى

نەرسىلەرنى تازا ئوچۇق كۆرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ كۆزەينىكىنى تاپماقچى بولۇپ ئېگىشىپ يەرنى سىيپاشتۇرغان. ھامۇت: «خەمىت يەردىن تاش ئېلىپ مېنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، چاققانلىق بىلەن يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ، ئېگىشىپ تۇرغان خەمىتنىڭ بېشىغا ئۇرغان. خەمىت شۇ يەردىلا يىقىلغان . . .

— ئۆلدى دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق، تاش ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىپ كەتكەن. بەلكىم ھامۇت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، دەپ ئويلىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولۇپ چىققان.

ھەممەيلەن خىيالغا چۆشۈپ جىمىپ كەتتۇق. ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى كۇلدانغا مىجىپ ئۆچۈردى. يەنە بىر - ئىككىيلەنمۇ ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چەككەچكە، ياتاق ئىچىنى تۈتۈن قاپلاپ كەتكەنىدى. كىمدۇر بىرى ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى. تالادا يامغۇر تېخىمۇ جىددەللەپ ياغماقتا ئىدى. پۈتۈن دىققىتىمىز ئەدىھەم ئاكا سۆزلەۋاتقان ۋەقەلىكتە بولۇپ قالغاچقا، يېغىۋاتقان يامغۇرمۇ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئەگەر بىر جىنايەتچى ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريانىڭ بويىدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەدىھەم ئاكا، — ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەت ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىدۇ؟

— ئالدى بىلەن جەسەتنى كۆزدىن يوقىتىدۇ، — دېيىشتۇق بىز.

— جەسەتنى قانداق يوقىتىدۇ؟

— سۇغا تاشلايدۇ.

— توغرا، سۇغا تاشلايدۇ... خەمىتنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن هامۇت ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قارىغان. ئەتراپتا هېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن سۇغا تاشلىغان تورنى ئالدىراپ يىغىۋالغان، ئاندىن خەمىتنىڭ جەسىتىنى يوغان بىر تاش بىلەن قوشۇپ تورغا چىرماپ باغلاپ دەرياغا غولىتىۋەتكەن. خەمىت ئەنە شۇ سائەتتىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدىن غايىب بولغان... هامۇت جىنايەت ئىزىنى هەر قانچە ئۇستىلىق بىلەن يوقاتتىم دېسىمۇ، يەنە بىر ئىشتا چاندۇرۇپ قويغان. ئۇ خەمىتنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كۆزەينىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. قىز خەمىت ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم هامۇت بىلەن دەريا لېۋىدە تاكاللىشىپ تۇرغاندا كۆرگىنىنى ئېسىگە ئالغان. ئۇ يەرگە بېرىپ خەمىتنىڭ دەسسىلىپ سۇنغان كۆزەينىكىنى تېپىۋالغان. خەمىت چەت ئەلگە قاچقان بولسا، كۆزەينەكسىز يۈرەلمەيدىغان خەمىت هېچ ۋاقىتتا كۆزەينىكىنى دەريا بويىغا تاشلاپ قويۇپ قاچمايدۇ - دە!؟ خەمىتكە چوقۇم هامۇت زىيانكەشلىك قىلدى، دەپ جەزملەشتۈرگەن. بۇ پاجىئە مايسەمگە ئەڭ ئېغىر تەسىر قىلدى. قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل ۋادا خەمىتسىز ئۇنىڭ كۆزىگە گۆردەك قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەي: «خەمىت! خەمىت!» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈيتتى. هامۇتنى كۆرگەن يەردە: «خەمىت قېنى؟ خەمىتنى سەن ئۆلتۈردۇڭ!» دەپ ياقىسىغا

ئېسىلاتتى. قىز ئىلگىرى خەمىت بىلەن ماڭغان ئېتىز يوللىرى، ئېدىرلار، توقايلىقلاردا يوگوروپ يوروپ تاپانلىرى يېرىلدى، چاچلىرى پاخپايدى، ئورۇقلاپ بىر تال قوروق ياغاچقىلا ئايلىنىپ قالدى... مانا موشونداق جودونلوق بىر يامغور كونى مايسەمنى مومىسى دەريا ياقىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ قايتورۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئوپكىسىگە قاتتىق سوغوق تەگكەنلىكتىن بىرنەچچە كون ئوت ـ كاۋاپ بولوپ قىزىپ ياتتى ـ دە، بو ۋاپاسىز ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى.

— قىزمو ئولوپ كەتتىما؟ — دېيىشتوق بىر نەچچىمىز تەڭلا.

— شونداق، ئومو ئولوپ كەتتى.

ئارىنى بىردەملىك سوكوت باستى.

— شونداق قىلىپ، موھەببەت توغرىسىدىكى بىر چىرايلىق ناخشا پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى، دەڭ؟ — دېدى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بوزوپ ئەدەبىيات ئوقوتقوچىسى قادىر.

— هاموت هازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— هاموتما؟ — دەپ ئويلىنىپ قالدى ئەدىھەم ئاكا، — هاموت ھە...

— قىز ئولگەندىن كېيىن ئو ئەبلەخ «ئوھ!» دەپ ئارام تېپىپ قالغاندو؟ — دېدى كىمدور بىرى.

— شو چاغدا بىزمو شۇلەر ئويلىغانىدەك ئويلىغاندوق، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — لېكىن هاموت قىز ئولوپمو ئارام تاپالمىدى. ئو كېچىلىرى جويلوپ ئورنىدىن تورۇپ كېتەتتى. ئوقساق، ماڭسىمو، ياتسىمو،

نېمە قىلىۋاتقان بولمىسۇن، قىزنىڭ: «خەمىت، خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى، ۋادىلاردىن: «خەمىت، خەمىت!» دەپ قايتقان ئەكس سادالار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەر دائىم جاراڭلاپ تۇرغاندەك بولۇپ، مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەن، كۆزىنى يۇمسىلا خەمىتنىڭ تورغا يۆگەپ تاشلىغان جەسىتى دەريادىن لەيلەپ چىقىۋاتقاندەك، خەمىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھامۇتقا جۇنۇپ: «مۇنداق كۈن ئالغۇچە، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟ ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن!» دەۋاتقاندەك كۆرۈنگەن چېغى. ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس، دەيمەن. ھامۇت شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى. دائىم ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن. . . ئىت ئىكەنسەن، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ! . . . » دەپ پىچىرلاپلا يۈرگىنىنى كۆرەتتۇق. ئۇ ئايلاپ ساقال ـ بۇرۇتىنىمۇ ئالماي بوۋايغىلا ئوخشاپ قالدى. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى.

— كىم؟!

— ھامۇت!

— ھوي! — دەۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر، — سىز بۇ ھېكايىڭىزدىكى ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىپ بولدىڭىزغۇ؟

— مەندە نېمە ئامال؟! — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — مەن سىلەرگە بۇ ۋەقەنى ئىچىمدىن توقۇپ چىقىرىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىم يوق. نەق بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىۋاتىمەن ـ دە! . . . بىز ھامۇتنىمۇ بىر قانچە كۈن

ئىزدىدۇق، مەكتەپكىمۇ خەۋەر قىلدۇق، ھېچ يەردىن دېرىكى بولمىدى. بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۇ كۈنى ھامۇتنىڭ دەريا بويىدىكى بىر تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئۆز ـ ئۆزىدىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنىكەن. ھامۇت ئۇ يەردە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىدى؟ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قانداق كۈرەشلەر بولدى؟ ئاخىرىدا ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شۇ تىك قىيادىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتتىمۇ ياكى باشقا بىر ۋەقە يۈز بەردىمۇ؟ . . . بۇ بىر سىر بولۇپ قالدى.

— ئەگەر ھامۇت ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان بولسا، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان، — ھەرھالدا ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ ۋىجدان بار ئىكەن.

— راست گەپ، — دېدى كىمدۇر بىرى، — شۇ يىللاردا باشقىلارغا ھارغۇچە زىيانكەشلىكلەرنى قىلىپ، يەنە ھازىرغىچە ئارىمىزدا يۈزىنى داپتەك قىلىپ كېرىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بارغۇ؟

— كېيىن ئەينى يىللاردا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ نامى ئومۇمىيۈزلۈك ئاقلاندى، — دېدى ئەدىھەم ئاكا ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ، — خەمىتنىڭ ئىسمى ئاقلانغانلارنىڭ تىزىملىكىگە بىرىنچى بولۇپ يېزىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نامى ئاقلانغان بىلەن ئۆزى ئارىمىزدا يوق. مانا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرى ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تۇرۇپتۇ. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت، بۇلبۇللارنىڭ

ساداسى، گۈزەللىك بىلەن تويۇنغان كەڭ دالا، بۇلاق بېشىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان يېگانە قىز . . . دېگەندەك مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. ھەممە مىسرالىرىدىن گۈپۈلدەپ گۈل پۇرىقى پۇراپ تۇرسىمۇ، يەنە چوڭقۇر بىر ھەسرەتمۇ بار. سىلەر ئېيتقاندەك شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار كەمدەكمۇ قىلىدۇ. تېخى تونۇلمايلا بىز بىلەن ۋىدالاشقان بۇ شائىرنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك خۇشاللىق بولغان دەيسىلەر؟ ئومۇمىي خەلق شادلىققا ئېرىشكەن ياخشى كۈنلەرگە ئۇ يېتەلمىدى . . .

* * *

كېچىچە چىققان شامال بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئەتىسى قۇياشنىڭ ئەتراپقا ئىللىق نۇر چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆردۇق. ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپلا دەريا بويىغا قاراپ ماڭدۇق. قاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ قالغانىدى. لايقىپ قالغان سۇ كۆۋەجەپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇستىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئاخىرقى يامغۇر تامچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. يىراقتىكى ياپىېشىل تاغ چوققىلىرى، ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئېدىرلار، دەريا ۋادىسىدىكى يېيىلىپ ياتقان توقايلىقلار . . . پۈتكۈل تەبىئەت يامغۇردا يۇيۇنۇپ، تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالغانىدى. نەم يەردىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسە نېپىز تۇمان ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى.

كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ھەممىمىز

جىمىپ كەتتۇق. قۇلىقىمىزغا ھېلىقى توقايلىقلار ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن قىزنىڭ: «خەمىت، خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، ئېگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىدە مۈكچىيىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھامۇت، دەريادا لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان جەسەت كۆزىمىزگە قايتا كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تەبىئەت شۇنچە گۈزەللىك ئاتا قىلغان بۇ ۋادىلاردىمۇ ئاشۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى...

— تېخى ھەممە يەر نەم ئىكەن، توقايغا چۈشتىن كېيىن ئۆتسەك بولغۇدەك، — دېيىشتۇق.

1999 ـ يىل، مارت.

# غەلىتە قىلىق

هاكىمجانلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ هاراق ئىچكەچ، بەزى ئاياللارنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى ئۈستىدە تازا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— هېلىقى بىزنىڭ ئىدارىدىكى ماشىنكىدا خەت باسىدىغان خېنىمنى بىلىسىلەرغۇ؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىرەيلەن، — پاهوي، ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى بىر دېمەڭلار، خوتۇنلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالسا، قانچە يەردە چاي ئويناۋاتقىنى بىلەن ماختىنىپ هالى قالمايدۇ. بىچارە، شۇ چايغا بارغان يېرىدىلا ئوبدانراق بىر تويۇۋالامدىكىن، باشقا ۋاقىتتا قاچانلا قارىساڭ قۇرۇق ناننى غاجاپ، قايناق سۇ ئىچىپ ئولتۇرغان. بەك بولالمىغاندا، دوقمۇشتا چىقىپ بىر قاچا سېرىق ئاش يەيدۇ...

— مۇنداق جاننى قىيناپ چاي ئويناپ نېمە جاپا هۇي!؟

— قىلىق - دە، بىر.

— بىزنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ئايزىمىقىزنى تونۇيسىلەر، — دەپ گەپ ئالدى يەنە بىرى.

— قايسى ئايزىمقىز ئۇ؟
— ھېلىقى . . . ھېلىقچۇ، سول مەڭزىگە يالغان مەڭ چېكىۋالىدىغان. شۇ خېنىمنىڭ مائاشى يۇزىگە سۇركەيدىغان گىرىمگىمۇ يەتمەمدىكىن، دەيمەن. يېقىندىن بېرى ئۇ بىر قىلىق چىقىرىپتۇ، كېچىسى ياتىدىغان ۋاقتىدا يېگەن قوغۇن - تاۋۇزلىرىنىڭ شاپىقىنى يۇزىگە سۇركەپ ياتقۇدەك.
— ئۇ نېمە قىلىقكەن ئەمدى؟
— تەبىئىي گىرىممىش. . .
ھاراقنىڭ كەيپىدە ھەر خىل گەپلەر چىققىلى تۇردى:
— پالانچى خېنىم ئورۇقلايمەن، دەپ كۈندە ئىككى ۋاخ سۇرگە دورىسى ئىچىپ، ئوبۇرنىدىن كېلەلمەيدىغان بوپقاپتۇدەك. . .
— پوكۇنچىنىڭ ئايالى تاتلىق چۈش كۆرىمەن، دەپ ئېرىنىڭ ئىشتىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتارمىش. . .
قىزىقچىلىقتا مەنمۇ پاراڭغا قوشۇلۇپ كەتتىم.
— بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى بىنادا ئولتۇرىدىغان ھاشىمكامنى بىلىسىلەرغۇ؟ — دېدىم مەن.
— ھە، ھېلىقى ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ ياشلا بىر چوكاننى ئېلىۋالغان. . .
— ھەببەللى، دەل شۇ ئادەم، پېنسىيىگە چىقىۋالغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. باللىرىنىڭ ئۆيلەيدىغانلىرىنى ئۆيلەپ، ئەرگە بېرىدىغانلىرىنىمۇ بېرىپ بولدى. نەچچە ئېغىز يوغان ئۆيدە شۇ ياش خوتۇنى بىلەن يالغۇز. يېقىندىن بېرى قۇلاق سالسام، كۈندىلا كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە دۇتار بىلەن ناخشا. نېمانداق تۈگىمەيدىغان

ئۇلتۇرۇشتۇ بۇ؟ دەپ بىر كۈنى ھېلىقى چەت ئەللىكلەردىن سېتىۋالغان دۇربۇنۇمنى ھاشىمكاملارنىڭ ئۆيىگە شۇنداق توغرىلاپ قارىمايمەنمۇ، ئەيھانناس! نېمە كارامەتنى كۆردۈڭ، دېمەمسىلەر. . .

— ھە، ھە، نېمە كارامەتنى كۆردۈڭ؟ — دەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىمغا قاراشتى.

— ھاشىمكام كالتە ئىشتان، ئاسما مايكا بىلەن ساپادا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ناخشىغا تېگىپتۇ؛ ھېلىقى ياش چوكاننى يالىڭاچ دېسىمۇ بولىدۇ، ساغرىسىنى ئويىنىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. . .

— تۇۋا، نېمە دەيدىغانسەن؟ ھەرقانچە بولسىمۇ قىپيالىڭاچ ئەمەستۇ؟

— مانا، ئىشەنمەيسىلەر، دۇربۇننىڭ ھېلىقى يېقىن ئەكېلىپ كۆرسىتىدىغان يېرىنى تولغاپ تەڭشەپ، تازا زەن سېلىپ قارىسام، ئۇستىدە لىپتىك بىلەن ئىككىلىك ئىشتاندىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن.

— ۋاھ، «يالغۇز ئۆيدە يالىڭاچ پىرە» دېگەندەك ئىش بوپتۇ ـ دە!

— ئويۇننىڭ چوڭى تېخى كەينىدە. . . بىر چاغدا ھاشىمكامۇ قىزىپ كېتىپ، باشتا چاپاننى سېلىپ پېقىرىتىپ تاشلىدى، ئاندىن كۆڭلىكىنى يەشتى، ئاندىن شىمىنى . . .

گەپنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كېلىپ قېلىۋىدىم، ئىشىكنى تاراققىدە ئېچىپ، ھاكىمجاننىڭ تامدەك يوغان خوتۇنى كىرىپ قالدى.

— قايسىڭلارنىڭ ئىسمى كامال؟ — دېدى ئۇ.

— مەن، — دېدىم.

— تېلېفون!

ھاكىمجاننىڭ ئايالىغا ئەگىشىپ چىقىپ، تېلېفون بار ئۆيگە كىردىم، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالاي، دەپ ئېڭىشىشىمگە ساغرامنى بىرسى قاتتىق چىمدىماسما (چوقۇم كۆكىرىپ چىققانغۇ دەيمەن)، ئاغرىققا چىدىماي سەكرەپ كەتتىم. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، ھاكىمجاننىڭ ئايالى ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دېدىم مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا خاپا بولۇشۇمنى بىلمەي.

— ھەجەب ياخشى دۈربۈنىڭىز باركەن ھە!؟

— دۈ... دۈ... دۈربۈننى دەمسىز؟...

— سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە قاراپ تاماشا كۆرگىنىڭىز غەلىتە قىلىق بولماي، خەقنىڭ ئۆز ئۆيىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنى غەلىتە قىلىق بولغىنى قىزىق؟... بۇنىڭدىن كېيىن ئاياللارنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشقاندا، مېنىڭ ھازىرقى بۇ غەلىتە قىلىقىمنى قوشۇپ سۆزلەپ، ئاغزىڭىزنى تاتلىق ئېتەرسىز!... توۋا، سىلەرنىڭ ئېتىڭلارمۇ ئەر بولدىمۇ؟...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

# بىزنىڭ مەھەللە

غۇلجىنىڭ ئايدىڭ كوچىسى بىلەن ناغرىچى مەھەللىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىلۋەت مەھەللە بار. كىشىلەر ئۇنى «ۋەخپە مەھەللىسى» دېيىشىدۇ. مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمنىڭ مەلۇم مەزگىلى ئەنە شۇ مەھەللىدە ئۆتكەن. مەھەللە ئىچىنى گۈلدۈرلەپ ئېقىپ تۇرغان ئىككى ئۆستەڭ سۇ كېسىپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپى ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار بولۇپ، كىشىلەر بۇ باغلارنى تامىۇ سوقماي، شاخ - شۇمبىلار بىلەنلا قاشالاپ قويۇشقانىدى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان ئالمىلار، قىپقىزىل ئالۇچا، ئالگىراتلار شاخلىرىنى ئۆستەڭ تەرەپكە ئېگىشىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا، كوچا - كوچىلارنى ياقىلاپ كەتكەن هويلىلار بار ئىدى. ھەر بىر هويلا ئىچىدە ئۆگزىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى يامغۇر يالاپ كەتكەن ئاددىي توپا تام ئۆيلەر، باللار تولا ئۆتۈۋېرىپ شور قىلىۋەتكەن پاكار - پاكار تاملار، تام تۈۋىلىرىدە ئېگىز ئۆسكەن لويىلا كوكاتلار كۆزگە چېلىقاتتى.

مەھەللە ئىچىدە سۇ مول بولغاچقىمىكىن، بىر -

بىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى تۇگمەنمۇ بار ئىدى. تۇگمەن ئالدىدا دائىم كىملەرنىڭدۇر ئۇگۇت ئەكەلگەن هارۋىلىرى، ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن خوش پۇراق چۆپنى بېشىنى سىلكىپ - سىلكىپ ھەۋەس بىلەن كارتىلدىتىپ يەۋاتقان ئات دېگەندەك نەرسىلەر تۇرغان بولاتتى. ئەتراپقا چېچىلغان دانلارنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن، يەنە توپ - توپ قۇشقاچ، كەپتەرلەر ئۇچۇپ چۈشۈشەتتى. بۇ مەھەللىدىن قويۇق بىر يېزا پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

قىش كۈنلىرى بىز كوچا دوقمۇشلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان قارلار ئۈستىدە دومىلىشاتتۇق ياكى بولمىسا، تۇگمەن نولىرى ئاستىدا قېتىپ قالغان ئۇزۇن چوكا مۇزلارنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ، هۇزۇرلىنىپ يەپ، تۇگمەن ئالدىدىكى توڭ تېزەكلەرنى تېپىپ ئوينايتتۇق. ياز كۈنلىرى مەھەللە ئىچى تېخىمۇ كۆكۈللۈك بولۇپ كېتەتتى. قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆستەڭدە چۆمۈلەتتۇق. پاكار تاملاردىن هويلىمۇ هويلا سەكرەپ چۈشۈپ، ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلارنىڭ ئارىسىدا مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينايتتۇق.

مەھەللىدە ئەكبەرجان ئاكا دەيدىغان بىر كىشى بولىدىغان. ئۇنىڭ هويلىسى ئالدىدا خېلىلا كەڭرى ئوچۇقچىلىق بار ئىدى. ئەكبەرجان ئاكا ياز كۈنلىرى ئۆستەڭ تەرەپلەرگە گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. هەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولنى سىپىرىپ سۇپۇرۇپ، سۇ چېچىپ، چىرايلىق قىلىۋېتەتتى، ئاندىن ئۇ پىنەكچى يۆگمەن تاماكىسىنى چېكىپ، قىلغان ئىشىغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كۈن چىقىشى بىلەن

گۈللەر ئەتراپىدا گۈل ھەرىلىرى پەيدا بولۇپ كۆكۈللۈك غوڭۇلدىشاتتى. . . نېمە ساراڭلىقكىنتاڭ، بىلمەيمەن، ئەكبەرجان ئاكا ئىشىك ئالدىدا بىردەم كۆرۈنمەي قالسىلا، مەھەللىنىڭ بالىلىرى ھېلىقى يېڭىلا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ قويغان يەرنى پېتىقداپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ قاچاتتۇق، ئاندىن دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋېلىپ ئەكبەرجان ئاكىنىڭ چىقىپ بۇ ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتكىنىگە قاراپ خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتۇق.

كېيىن مەن مەكتەپكە بارغۇدەك بولدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە جىلتامنى مۈرەمگە سېلىپ، ھېلىقى ئۇستەڭلەرنى ياقىلاپ مېڭىپ مەكتەپكە باراتتىم. سەھەرنىڭ شامىلىدا ئۇستەڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك، كۆپكۆك مايسىلار، گۈللەر ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بالىلىق خىياللىرىم ئۇستەڭ سۈيىنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىپ بارغان ئېقىمى بىلەن بىللە يىراق - يىراقلارغا ئۇچاتتى. جىلتامنى ئۆشنەمگە ئاسقىنىمچە، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە باردىم، بارغانسېرى سۆيۈملۈك مەھەللەمدىن يىراقلاپ كەتتىم. . .

ئۇزۇن يىللار مەھەللىدىن ئايرىلىپ، يېقىندا بىر پۇرسەت بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بارسام، كۆزۈمگە مەھەللە ناھايىتىمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەينى يىللاردىكى ھېلىقى ئۇستەڭلەر سۈيى تارتىلىپ كىچىككىنە ئېرىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار،

ئەكبەرجان ئاكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھېلىقى ئوچۇقچىلىقتا قىستىلىشىپ ئۆيلەر چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەھەللىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان گۈللەر، ئۇنىڭغا يېزا پۇرىقىنى بېرىپ تۇرىدىغان تۈگمەنلەرمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. نېمىشقىدۇر قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم. شۇ تاپتا، بالىلىقىمغا قايتقۇم، مەھەللەمنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىمغا گۇۋاھ بولغان، بالىلىق خىياللىرىمنى بېيىتقان، جەننەتتەك گۈزەل ۋە تىنچ مەنزىرىسىنى قايتا كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتالىغان بولسام، ھېلىقى سەھەردە تۇرۇپ ھويلىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئەكبەرجان ئاكىنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ، مەھەللەمنىڭ كوچىلىرىنى ئۇتلۇق بىر مۇھەببەت بىلەن سۈپۈرۈپ چىققان بولاتتىم.

1998 ـ يىل 23 ـ نويابىر.

# قارا قورساق سەركە

## 1

يۇنۇس باخشى جىنلىرىنى ساناپ چىقىۋىدى، بىرى كەم چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جىنلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ساناپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئادەتتە ئۇ تۇغ تىكىپ، تۇغنى ئايلىنىپ پىرقىرىغاندا، ئەتراپىدىكى پۈتۈن كائىنات — قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، ئادەم، ھايۋان، دەل ـ دەرەخ . . . ھەممە نېمە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ، ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭگارەڭ تۇتاش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كېتەتتى. «بۇ ئالەمنىڭ سىرى شۇنىڭدا،— دېگەنىدى بىر ئۆلىما يۇنۇس باخشىغا،— ھەممە مەۋجۇدات ھەرىكەتتە بولغاچقىلا، بىر پۈتۈنلۈكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ياراتقان ئىگەم ئۇلارنى ھەرىكەت قىلىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلسۇنچۇ، شۇ مىنۇتتا ھەممە نەرسە پارە ـ پارە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن بولاتتى . . .». يۇنۇس باخشىنىڭ چىلتەنلىرىمۇ ئۇ تۇغنى چۆرگىلەپ پىرقىرىغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەم بولاتتى؛ ھەرىكەتتىن توختاپ كۆزىنى

ئاچقاندا غايىب بولۇشاتتى.

يۇنۇس باخشىنىڭ ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان بىر چاغلىرى بولغان. ئۇ كەملەردە ئۇ پېرى جابدۇقلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، بىر قانچە ئۇستا داپچىلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ، سەھرامۇ سەھرا ئارىلايتتى. كاداڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى ئۇشۇققىچە كېچىپ، ھەر بىر ئەسكى تاملىق، ئالا - بۇلىماچ ژۇرۇنلار باغلىنىۋېتىلگەن قېرى قارىياغاچ، دۇمچەك - دۇمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان مازارلارنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆتەتتى. ئىنسانلار بېشىغا ئۆلۈم - يېتىم، بالا - قازا كەلگەندىلا ئېسىغا ئالىدىغان بۇ خىلۋەت جايلارنى يۇنۇس باخشى دەل مۆجىزىلەر ئايان بولىدىغان ماكان، دەپ بىلەتتى. پېرىنى ئۇ ئەنە شۇنداق كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان غەلىتە جايلاردا ئويۇشتۇراتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايغا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلاتتى. داپلارنىڭ نالە قىلىپ داراڭلاشلىرى، داپچىلارنىڭ پەرياد سېلىپ ئاۋۇشلىرى، ساپايىلارنىڭ ئاچچىق شاراقشىشلىرى، پارسىلداپ ئۇچقۇن چېچىپ كۆيۈۋاتقان توكچىلار، ئىسرىقدانلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈش تۈتۈن، ھاۋانى قاپلىغان كۆيگەن ماي ۋە ئادىراسماننىڭ ھىدى، باخشىنىڭ قۇيۇندەك پىرقىراۋاتقان قىياپىتى. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ خىيالىنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كېتەتتى. نامراتلىق، دەرد - ئەلەم، ئاغرىق - سىلاقلار بىلەن چىرمالغان ئادەملەر گويا ئۆزىنى ئېغىر گۇناھقا پاتقاندەك، شۇ سەۋەبتىن تەڭرىنىڭ جازاسىغا

ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قورقۇنچقا چۈشەتتى. بۇ پېرى ئويۇننىڭ ئۆزى سېھىرگەرلىكمۇ ياكى سەنئەتمۇ؟ ئەملەشمۇ ياكى گوللاشمۇ؟ بۇلارنى ئايرىماق تەس ئىدى. بەزىدە گۆدەكلەرنىڭ يىغىسىنى گوللاپمۇ توختاتقىلى بولىدىغۇ؟!...

ئەنە شۇنداق پېرى سورۇنلىرىدا يۇنۇس باخشى يېتىقتىكى قانچە بىمارلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ماڭغۇزۇۋەتكەن، قانچە دەردمەنلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن قىياسلارنى قىلغان. كېيىن جاھان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ كەتتى. قېرى ياغاچلار كېسىلىپ، ئەسكى تاملار ئۆرۈلدى؛ كونا قەبرىستانلىقلار بىر – بىرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. نەگە بارساڭ، ئادەم مىغىلداپ، خىلۋەت جايلارنىڭمۇ تايىنى قالمىدى. ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، رادىئو كانايلىرىنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرى دەستىدىن كىشىلەرنىڭ سەزگۈسى گاللىشىپ، داپلارنىڭ رېتىملىق ساداسى، داپچىلار كۈيلىرىدىكى سېھىرلىك كۈچنى سەزمەس بولۇپ قالدى. نېمىدېگەن مەززىسىز دۇنيا – ھە!؟... يۇنۇس باخشىغا ئۆزى قېرىپ، ھالى قالمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كارامىتىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرمۇ ساناقلىقلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بېرىپ، پېرە قوشاقلىرىنى ئاۋۇيدىغانلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس باغلاپ پېرە ئويۇننى كۆرىدىغانلار، باخشىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقىدىغانلارمۇ ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى. گويا ھەممە نېمىنى ماشىنا، رادىئو كانايلىرىنىڭ كىشىنىڭ سەپرايىغا تېگىدىغان شۇ يېقىمسىز شاۋقۇنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك، يۇنۇس باخشىنىڭ پېرىگە چۈشكەندە،

ئەتراپىدا ھازىر بولىدىغان چىلتەنلەرنىمۇ بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. «بۇ ئاخىر زاماننىڭ بەلگىسىمۇ، قانداق؟ — دەپ ئويلاپ قالاتتى بەزىدە يۇنۇس باخشى، — ئاخىر زامان يېقىنلاشقاندا، ئالەمنى ۋاڭ ـ چۇڭ قاپلاپ، ئاسمان بىلەن زېمىن، ئادەم بىلەن جىن، ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى قالماسمىش...»

يۇنۇس باخشى شۇنداق خىياللار بىلەن قانچىلىك يول باسقىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇ پىنھان بىر جاينى ئىزدەيتتى. قۇياش جاھاننى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قاغجىراپ يېرىلغان بىر پارچە يەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۇسىز بىر ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن يەنە ئۇزاق ماڭدى ـ دە، يوغان بىر توپ ياڭاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۆشنىسىدىكى يىرتىق خۇرجۇننى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، بىر ئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىدىن قىل ئارغامچىنى سۇغۇرۇۋالدى. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ياڭاقنىڭ شېخىغا مەھكەم باغلىدى. يەنە بىر ئۇچىنى قوزۇقا چىگىپ، يەرگە قېقىپ تۇغ تىكتى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولدى. قېرىلىقتىن تېرىلىرى بوشىشىپ قاتلىشىپ كەتكەن بەدىنىگە قاراشقىمۇ رايى تارتماي، ئۇستىگە ئالدىراپ كېپەندەك كەڭ ئاق كۆڭلەكنى كىيدى. بىر قولىغا ساپايى، بىر قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ، تۇغنى چۆرگىلەپ ئاۋۇشقا باشلىدى:

ئاھ ئىلاھىم، ئىلاھىم،
تولۇپ تاشتى پىغانىم،

زەپ قىينالدى بۇ جانىم،
ساڭا بار بىر سوئالىم.
مېنى نېمىشقا بار قىلدىڭ،
ئەجەب يولۇمنى تار قىلدىڭ،
جىن - شەيتانغا خار قىلدىڭ،
مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟
كېتىپ تەندىن مادارىم،
ئۆتمەس بولدى دۇئايىم،
خاراب بولسا بۇ ھالىم —
كىمگە بولۇر ئۇۋالىم؟
ئەننە - مىننە پاتارا،
چىلتەنلىرىم قاتارا. . .

يۇنۇس باخشى بارغانسېرى خۇرچىغا كېلىپ، شۇنداق ئىتتىك ئاۋۇشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايلا قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا ئىدى. جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قاينايتتى. كەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى كۆپۈپ، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان شارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. پۈتۈن زېمىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ، كۆز ئالدىدا تۈتاش رەڭلىك نۇرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يۇنۇس باخشى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، كۆز ئالدىدا جىمىرلاپ تۇرغان رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. «قېنى، بۇ رەڭلەر ئىچىدە نېمە كەم؟ . . . ئىشقىلىپ بىر نېمە كەمدەك قىلىدۇ. . .»

رەڭلەر بارغانسېرى ئېنىقلىشىپ، ھەر بىر رەڭ بىر

مەخلۇق شەكلىگە كىرىشكە باشلىدى. مانا، مۇنۇ ئەسكى تاملىقنىڭ چار يىلىنى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ. ماۋۇ زوڭزىيىپ تىككىدە ئولتۇرغىنى ھۇۋقۇش، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم ئەيمىنىدۇ... ئەمدى، ئاۋۇ نېمە؟... ھە، بۇ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن قېرى مۈشۈك، ئۈمۈر بويى قۇچىقىڭدا پۇشۇلداپ ياتىدۇ ـ دە، بىر كۈنلەرگە بارغاندا تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ماۋۇسى زۇلمەتنى خۇش كۆرىدىغان شەپەرەڭ، ئۇ جاراھەتنىڭ ئېغىزىغا چاپلىشىۋېلىپ قان شورايدۇ. ئاۋۇ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغىنىچۇ؟ ئۇ قورقۇنچلۇق قۇش ئىسقاق. سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيسەن، ئاۋازىنىلا ئاڭلايسەن، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا پۇتىنى ئىلىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سايرايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە قان تامچىپ چۈشىدۇ ـ دە، ئۇ قونغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، شۇ زامان قۇرۇپ قالىدۇ... يەنە نېمە كەم؟ توغرا، ئاق رەڭ!... ھېلىقى ساقاللىق ئاق تېكە قېنى؟... ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن، ئېزىتقۇلۇق كۈچى ئەڭ يامىنىمۇ شۇ ئەمەسمىدى؟... ئۇنىڭ چىلتەنلىرى ئارىسىدا ئاق تېكە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ يۇنۇس باخشىنىڭ كارامەتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە؟!...

يۇنۇس باخشىنىڭ تىزلىرى پۈكۈلدى، ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ پېرىنى يەنە ئازراق داۋاملاشتۇرغان بولسا، نېمە كارامەتلەر ئايان بولاتتىكىن؟ لېكىن، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى مادارى قالمىغانىدى. ئۇ ئاپئاق بۇلۇتلار

ئېسىلىپ تۇرغان كۆككە قاراپ ئۇزاق ياتتى. يىراق بىر يولدىن گۇركىرەپ ئۆتكەن ماشىنا ئاۋازى كېلەتتى. پاكار تاملارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇششاق باللارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ئاڭلىناتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ كۆزىگە ئاسماندىكى ئاستا ـ ئاستا سىلجىۋاتقان ئاق بۇلۇتلار ئوتلاپ يۈرگەن توپ ـ توپ قويلاردەك كۆرۈنەتتى. ھېلىقى ئاق تېكە بولسا قويلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

## 2

ئەمدى ئېنىق بولدى. يوقالغىنى بىر ئاق تېكە، ئۇزۇن، ئاپئاق ساقاللىق بىر ھارامزادە...

يۇنۇس باخشى ئويلىنىپ قالدى. ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا، ئۇ تېخى دۇنيانىڭ غەملىرىدىن خالاس ئويناپ يۈرگەن بالا چاغلىرىدا، ئۇنىڭ دادىسى كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بىر چىرايلىق ئوغلاقنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كىرىپ، ئوغلاق ئوينىتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا، دادىسىنىڭ بىر قولىدا دائىم ئالا ـ بۇلىماچ پۆپۈكلەر چىگىلگەن تاياق، مۈرىسىدە ئۇزۇن ـ قىسقا بىر نەچچە توقماق سېلىنغان خۇرجۇن بولاتتى. شەھەرگە كىرگەندە، ئوغلاقنىڭ بوينىغا ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، ئۈستىگە پەرەڭ يوپۇق ياپاتتى. شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئازادىرەك بىر دوقمۇشىغا كېلىپ توختىغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئۇششاق باللار، ئىشى يوق لەلەڭلەپ يۈرگەن بىكارچىلار دۈررىدە كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى.

يۈنۈس باخشىنىڭ دادىسى دۇپدۇگىلەك دائىــرە بولۇپ تۇرۇشقان ئـادەملـەرنىــڭ ئـوتتـۇرىـسىــغا چۈشۈپ، خۇرجۇنىدىكى ئوغلاق ئوينىتىدىغان ئەسۋابلىرىنى ئەتراپقا ياياتتى. ئاندىن قولىدىكى پۈپۈكلۈك تايــقىــنــى پۇلاڭلىتىپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

— قېنى ئوغلىقىم، مەيدانغا چىــقىــڭ، ماۋۇ هۆرمەتلىك مېهمانلارغا بىر سالام بېرىۋېتىڭ! — دەيتتى.

ئوغلاق بويىنىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىــپ، مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايتتى. ئۇيەر ـ بۇيەردە توختاپ، ئەتراپقا ئولاشقانلارغا قاراپ ساقىلىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قوياتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار: «ئەنە، ئەنە، راستلا سالام بېرىۋاتىدۇ!» دەپ هەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كېتەتتى.

يۈنۈس باخشىنىڭ دادىسى:

— بولمىدى، بولمىدى... ئاۋۇ ساقاللىــق چوڭ دادىڭىزغا سالام بەرمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز، ماۋۇ گۈللۈك بەلباغ چىگكەن بايۋەچچىگە سالام بەرمىسىڭىــز قانداق بولىدۇ؟... هە، ئەمدى ئاۋۇ سەللىلىك داموللىغىــمۇ كېلىشتۈرۈپ بىر سالام قىلىۋېتىڭ! — دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئوغلاقنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ـ يېنىك ئۇرۇپ قوياتتى.

بۇ ئوغلاق هەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئىدى. ئىگىســى كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ، بېشىــنــى سىلكىپ، بىر پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ ـ تېپىپ قويۇپ ياكى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىككىــدە ئۆرە بولۇپ، ئىشقىلىپ قانداقتۇر بىر قىلىــقلار بىــلەن ئۇلارغا هۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى. كۆرۈپ تۇرغانلار گۈرۈرىدە ئاۋاز

چىقىرىپ: «ئوھوي!» دېيىشىپ كېتەتتى.

— بولدى، بولدى، قايتىپ كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى، — قورۇق سالام بېرىۋەرگەن بىلەنمۇ بولمايدۇ. ئەمدى مېھمانلارغا بىر كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىۋېتىڭ!

شۇنىڭ بىلەن، توقماق ئويۇنى باشلىنىپ كېتەتتى. ئوغلاق تىك قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان بىرىنچى توقماققا چىقاتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئىككىنچى توقماققا سەكرەپ ئۆتەتتى. ئاخىرىدا ئەڭ ئېگىز توقماققا سەكرەپ چىقىپ، توقماقنىڭ ئالىقانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان يۈزىدە تۆت پۇتىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ ئەتراپتىكىلەرگە يەنە سالام بېرەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار رازى بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كېتەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى تولا دەۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن قاپىيىلىك سۆزلەرنى ئۇنلۇك توۋلاپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ قىزىتاتتى.

— ھەي، خالايىق، بۇنى بىر ئاددىي ئوغلاق ئىكەن، دەپ قالماڭلار، بۇ ئىنس ـ جىنىدىن تەلىم ئالغان، ئۆتكۈن ئۆتكەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم ئوغلاق. سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ؛ ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ؛ مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ؛ بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ، مېنىڭ باققىنىم بىر تىيىن بولىدۇ!...

بۇ ئاق ئوغلاقنىڭ قورساق تەرىپىدە ئالىقانچىلىك يەردە قارىسى بار ئىدى. شۇڭا، يۇنۇس باخشى ئۇنىڭغا «قارا قورساق» دەپ نام قويۇۋالغانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئوغلاققا ئانچە ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى.

پات ـ پات ھېلىقى پۆپۈكلۈك تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئەدەپلەپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا، ئوغلاقنىڭ ئاچچىق مەرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كېلەتتى. دادىسى ھەر قېتىم ئوغلاق ئويىنىتىپ قايتىپ چىققاندا، يۇنۇس باخشى ئوغلىقىنى ئەگەشتۇرۇپ ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىقاتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئوغلاق ناھايىتى بەڭۋاش ئىدى. سەللا دىققەت قىلمىسا، كىشىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، قويلارنى باشلاپ باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا كىرىپ كېتەتتى؛ قوشنىلارنىڭ باغلىرىغا چۇشۇۋېلىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى غاجىلاپ، بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر قېتىم ئاچچىقىدا بۇ ئوغلاقنى سويۇۋەتمەكچى بولۇپ پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، بالا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ، دادىسىنى پەيلىدىن قايتۇرغانىدى.

يازنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى يۇنۇس باخشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بازارغا كىرگەنىدى. ئۇلار ئوغلاق ئويىنىتىپ ئانچە ـ مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ، كەچكە يېقىن يېزىسىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ يېزىسى بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن بىر چۆل بار ئىدى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ھارغىن قەدەم بېسىپ، توپىلىق يولدا خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى. يۇنۇس باخشى ئوغلاقنى ئەگەشتۇرۇپ خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بىر قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ئالدىدىكى يولغا قاراپ قېتىپ

تۇرۇپلا قالدى. چۆل يەنە تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، يول ئۈستىدە يا ئۇنىڭ ئوغلى، ياكى ھېلىقى ئوغلاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بالا بىلەن ئوغلاقنى ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر ھەپتە ئىزدىدى، گويا ئۇلار قۇيۇن بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك ھېچ يەردىن دېرىكى بولمىدى.

يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر كۈنى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر بوۋاي ئۇنىڭغا: «سەن ھەر ئىككىلىسىنى ئىزدىسەڭ مەڭگۈ تاپالمايسەن، يا ئوغلاقتىن، يا ئوغلۇڭدىن ۋاز كەچ! . . .» دەۋاتاتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان چاغ بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ يېزىنىڭ ئىچى، ئۆيلەر تېخى قاراڭغۇلۇقتا تۇراتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ھېلىقى ئوغلاق ئويىنىتىدىغان پۆپۈكلۈك قاتتىق تاياقنى تاپتى ــ دە، ئۇشتۇپ پارە ــ پارە قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە بالا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆزى ياداپ، مەڭزىنىڭ ئۈستىخانلىرى پولتىيىپلا چىقىپ قالغان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى، ئوغلاقنىڭ نەدە قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. قانداقتۇر بىر كۆزلىرى چاپاقلىشىپ كەتكەن مۈشۈك، ئەسكە تاملىقنىڭ چار يىلىنى، شۈملۈقنى تىلەپ سايرايدىغان ئىسقاق . . . دېگەندەك غەلىتە نەرسىلەر توغرىسىدا جۆيلۈيتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ بالا غەلىتە بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان داپ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى ــ دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. پېرى بولۇۋاتقان يەر قانچە

يىراقتا بولسىمۇ خاتاسىز تېپىپ باراتتى. قەيەردە پېرى بولسا شۇ يەردە يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىمۇ ئۇستا بىر باخشى بولۇپ چىقتى.

كېيىن مەھەللىدىكىلەر بۇ ھەقتە پاراڭ سېلىشىپ قالسا: «يۈنۈسنىڭ دادىسى ئويىنىتىپ يۈرگەن ھېلىقى ئوغلاق ئەسلى جىن ئىكەن. يۈنۈسنىڭ دادىسى ئۇنى بىر ئۇلۇغ ئايەت بىلەن ئۆزىگە بەنت قىلىۋېلىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەنىكەن. ئوغلاق يۈنۈسنى ياخشى كۆرگەچكە، چۆلدە قۇيۇن پەيدا بولغان ھېلىقى كۈنى ئۇنى ئۆزى بىللە ئېلىپ قېچىپ، ئۇستا باخشى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ يەرگە تاشلاپتىكەن. يۈنۈس باخشى پېرىگە چۈشۈپ، تازا پىرقىراپ خۇرۇچىغا يەتكەندە، ھېلىقى ئوغلاق: ‹خوش، ساڭا نېمە ياردىمىم كېرەك؟›، دەپ ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدىكەن. . . » دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى.

## 3

يۈنۈس باخشىنىڭ خىيالى ئاق تېكىدىلا قالدى. كىشىلەر توغرا ئېيتىدۇ: ئۇ ھەر قېتىم پېرىگە چۈشكەندە، غايىبتىن پەيدا بولىدىغان ئاق تېكە — ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئويىنىتىپ يۈرگەن، ھېلىقى بىر چاغدا قۇيۇندا يوقاپ كەتكەن ئاق ئوغلاقنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئۇ ھازىر كىچىك ئوغلاق ئەمەس، يېتىلگەن تېكە. ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدىكى يارانقان ئىگەم سالغان قارا بەلگە مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئوغلاق جىن بولماي، ئادەتتىكى ئۆچكە بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادىمۇ

سويۈلۈپ تۈگىگەن بولاتتى. جىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆچكىگە ئەزرائىلمۇ يېقىن يولىمىسا كېرەك. . .

يۈنۈس باخشى پات ـ پات دادىسى ئوغلاق ئوينىتىۋاتقاندا ئېيتىپ يۈرىدىغان قوشاقنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى:

سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ،
بىر ەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ،
ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ،
مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ،
بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ،
مېنىڭ باققىنىم بىر تىيىن بولىدۇ،

ھېلىقى قارا قۈيۈندا پىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، يۈنۈس باخشى ئوغلاقنىڭ قۈيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئوغلاق ئۈنىگە: «مېنى قويىۋەت! . . . مېنى قويۇۋەت! ياخشىلىقىڭنى ئۈنتۈمايمەن. مانا، مۈنۈ سۆزلەرنى ئوقۇپ چاقىرساڭلا، يېنىڭدا ھازىر بولۇپ خىزمىتىڭدە بولىمەن. ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسام ئايىغىڭدا ئۆلەي. ئىننە ـ مىننە پاتارا، چىلتەنلىرىم قاتارا. . .» يەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۈنىگە يالۋۇرغانىدى. يۈنۈس باخشى بۇ سۆزلەرنى مەھكەم يادلىۋالغان. «دېمەك، ئۇ مېنىڭ چىلتەنلىرىم قاتارىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە؟ — دەپ ئويلايتتى يۈنۈس باخشى، — ئۇ نېمىشقا شۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغاندۇ؟ . . .»

تەقدىر بىر كۈنى يۈنۈس باخشىنى ئاق تېكە بىلەن

يۇزمۇيۇز ئۇچراشتۇردى. شۇ كۈنى ئۇ چۆل يولىدا كېتىپ باراتتى. تاشيولغا چىققاندا، قاتار تېرەك سايىسىگە كېلىپ توختىغان يۈك ماشىنىسىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. شوپۇر ياش يىگىت بولۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدى قاپقىقىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى.

— ئاق يوللۇق بول ئوغلۇم! — دېدى يۇنۇس باخشى شوپۇرغا يېقىنلاپ كېلىپ.

شوپۇر يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە، ئۇنچىقماي يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغىلى تۇردى.

— ماۋۇ كۈننىڭ ئىسسىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرمەمدىغان. ھېرىپ ھېچ ھالىم قالمىدى ... ئاۋۇ جاڭگالباغ مەھەللىسىگە بارغۇچە ماشىناڭغا ئولتۇرۇۋالايمىكىن؟

— بۇ ماشىنىنىڭ ھازىرلاتىن ئوڭشىلىدىغان ئەپتى يوق، — دېدى شوپۇر يىگىت سەل تېرىككەندەك تەلەپپۇزدا، — ساقلاپ ـ ساقلاپ يەنە يولۇڭغا ماڭامسەن-كىن؟

— ئوڭشىلىپ قالار، مېنىڭمۇ ئالدىراش ئىشىم يوق...

— مەيلى، ساقلايمەن دېسەڭ، بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالماي، ئارقا تەرەپكە چىقىپ ئولتۇر.

يۇنۇس باخشى ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوزۇپقا ياماشتى. يۇقىرىدىن كىمدۇر بىرى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى. يۇنۇس باخشى ماشىنىغا چىقىپ، ئالدىدا تۇرغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆردى. كوزۇپنىڭ يان تەرىپىدە يوغان بىر ئاق ئۆچكە مۆگدەپ ياتاتتى.

— كەل تاغا، ئالدىغىراق ئولتۇرايلى،— دەپ نىرىغا سۈرۈلدى ھېلىقى يۇنۇس باخشىنىڭ قولىنى تارتىپ ماشىنىغا چىقىرىۋالغان ئادەم،— باياتىن بېرى ئىچىم سىقىلىپ، پاراڭ سېلىشقۇدەك بىرەر ئادەم بولسىمىغۇ، دەپ ئولتۇراتتىم. نەگە ماڭدىڭ؟

— جاڭگالباغقا،— دېدى يۇنۇس باخشى جايلىشىپ ئولتۇرۇپ،— ماشىنا نېمە بوپتۇ؟

— ئىت بىلەمدۇ! . . . بىر ئوبدان مېڭىپ كېلىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پىشىلداپ ئوتى ئۆچۈپ توختاپ قالدى. مانا، شوپۇرنىڭ ئەتىۋىركىنى ئۇيەر - بۇيەرگە تىقىپ كوچىلاپ ھەپىلىشىۋاتقىنىغا بىر سائەت بولاي دېدى. . . ھېلىمۇ خۇدا ئوڭشاپ مۇنۇ قاتار تېرەكنىڭ سايىسىگە كېلىپ توختاپ قالدى دېگىنە، بولمىسا كۆنگە قاقلىنىپ قاقلا بولۇپ قالاتتۇقكەن. ھازىرقى ياش باللارنىڭ ھالى شۇ،— دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى ئۇ،— تەييار ماشىنىنى گۇركىرىتىپ ھەيدەشنىلا بىلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، سەللا بىر يېرىدىن كاشىلا چىقتىمۇ، تەۋەككۇلگىلا ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كوچىلاپ تۇرغىنى تۇرغان. كونا شوپۇرلار بولىدىغان بولسا يەنە باشقا گەپتە. بىر يەرگە ئۇسۇپ بېشى مىجىلىپ كەتكەن ماشىنىنىمۇ يەنە يولغا سۆرەپ ئاچىقىپ، بىر يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دېگەن يېرىگە يەتكۈزۈپ بارىدۇ. بىز كىچىك چاغلاردا، بىزنىڭ مەھەللىدە زايىر دەپ بىر شوپۇر بولىدىغان. ۋاھ، گەپ قىلما، شوپۇر بولار ئۇنداق بولماس. ھەرقانداق ماشىنىنىڭ ئاچچىق ئۇچەيلىرىدىكى كېسەللىرىنى تېپىپ چىقالايتتى.

كاساپەت، ھاراقنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەتتى. يەر دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتسىمۇ، يەنە رولغا يۆلەشتۇرۇپ چىقىرىپلا قويساڭ، ماشىنىسىنى گۇركىرىتىپ ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى. زايىر شوپۇر لەگەنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. «نېمە تاماق يەيسەن؟» دەپ سورىساڭ، «قويە پولۇ، مانتا دېگەنلىرىڭنى، لەگمەنگە يەتمەيدۇ» لا دەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى چاقچاق قىلىپ: «زايىرنىڭ ماشىنىسىغىمۇ ماي كەتمەيدۇ، مەنتەگنى قۇيسا مېڭىۋېرىدۇ» دەيتتى.

— ئەجەب قىزىق گەپلەرنى قىلىدىكەنسەنغۇ ئۇكا، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى يۇنۇس باخشى.

— مېنى دەمسەن؟ . . . شەھەرگە كىرىمەن، تاغقا چىقىمەن؛ يەنە تاغقا چىقىمەن، شەھەرگە كىرىمەن. شۇ تايىنى يوق بىر ئىش.

— بۇ ئوتتۇرىدا بىكارغىلا پالاقلاپ يۈرمەيدىغانسەن؟ قانداق قىلىپ يارماق تاپىسەن؟ دەۋاتىمەن.

— تاغدىن مال ھەيدەپ كىرىپ قۇشخانىغا ئۆتكۈزىمەن، ئاندىن يەنە مۇشۇنداق بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تاغقا چىقىمەن. تاغدىن يەنە شەھەرگە كىرىمەن. . . تىرىكچىلىك تاغا.

— ۋاھ، كاتتا تىجارەتچىكەنسەن. . . مۇنۇ ئۆچكىنى قاسساپلار قىرى ئىكەن، دەپ ياراتمىدىمۇ يا شەھەردىكىلەر ھازىر ئۆچكە گۆشى يېمەيدىغان بولۇپ قاپتىمۇ؟ نېمىشقا قايتۇرۇپ چىقىۋاتىسەن؟ . . .

شۇنداق دەپ يۇنۇس باخشى ھېلىقى ئۆگدەپ ياتقان

ئۆچكىگە قاراپلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— نېمە بولدۇڭ تاغا؟... مىسجەزىڭ يوقمۇ؟ چىرايىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتىغۇ؟
— ھېچ، ھېچ ... ھېچنېمە بولمىدىم. نېمىشقا بۇ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى بوياپ قويدۇڭ؟
— ئۇ دېگەن ئادەتتىكى ئۆچكە ئەمەس، سەركە دېگىنە. شەھەرگە مال ھەيدەپ ماڭغان چېغىمدا، ھەممە قويلارنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇ سەركە ماڭىدۇ. مۈڭگۈزىنى بوياپ بەلگە سېلىپ قويمىساڭ، قۇشخانىغا بارغاندا قاسساپلار ئۇنىمۇ تۇتۇپ سويۇۋېتىپ قالىدۇ ـ دە... پاھ، بۇ سەركىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بىر دېمە. شەھەرگە كىرگەندە قېرىنداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇزەشتۈرۈپ شۇنداق تاراسلاپ مېڭىپ كېتىدۇكى، شەھەردىكى بوينىغا ئالا ـ بۇلىماچ گالستۇك چىگكەن بايۋەچچىلىرىڭ بىر ياقتا قالىدۇ. يەنە كېلىپ يولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ماڭىدۇ دېمەمسەن. تۆت كوچىلارنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە قىزىل چىراغنىڭ يورۇغىنىنى كۆرسە، خۇددى بىرى ئۆگىتىپ قويغاندەك چىپپىدە توختايدۇ. «توۋا، ھايۋانمۇ شۇنداق ئەقىللىق بولىدىكەن ـ ھە!» دەپ ياقاڭنى تۇتماي قالمايسەن.
يۇنۇس باخشى سەركە يانقان تەرەپكە يەنە بىر قاراپ قويدى. سەركە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماي ئۈگدەپ ياتاتتى.
— بۇ سەركە بىرەر ئەسكى تاملىق، كونا قەبرىستانلىقلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە سەل توختاپ تۇرۇۋالىدىغۇ، دەيمەن؟

— نەق شۇنداق قىلىقى بار، تاغا، سەن بۇنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— مەنمۇ بىر چاغلاردا مالچىلىق قىلغان. مۇنداق سەركىلەرنىڭ شۇنداق غەلىتە قىلىقلىرىمۇ بولىدۇ. . . ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە ئازراق قارىسى باردۇر ھەقىچان؟

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەن تاغا، سەن بىر كارامەتچىمۇ، قانداق؟ — دەپ ھەيران بولدى تىرىك مال سودىگىرى،— يا سەن قورسىقىدىكى قارىنى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ . . . سەن دېگەندەك ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە بىر پارچە يەردە قارا تۈكى بار.

— ساڭا مۇنداق ئوبدان سەركە نەدە ئۇچراپ قالغاندۇ، ئۇكام؟

— ئېيتسام كەلسەم گەپ تولا، سەن يا ئىشىنىسەن، يا ئىشەنمەيسەن. . . بىر كۈنى قويلارنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتۇق، تۇزگە چىققاندا تۇيۇقسىز بىر شامال كۆتۈرۈلۈپ ھەممىمىز قۇيۇندا قالدۇق. شۇنداق دەھشەت، غەلىتىلا بىر قۇيۇن. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپقا پىتىراپ كەتكەن ماللارنى يىغىپ سانىساق بىر سەركە كەم. ئۇنىڭ ئورنىغا مانا مۇشۇ قارا قورساق سەركە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىمىزنىڭ سەركىسى نەگە كەتتى؟ بۇ سەركە قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ شۇنچە ئويلاپمۇ ئەقلىمنى يەتكۈزەلمىدىم. ماللارنى ھەيدەپ ماڭدۇق. قارىسام، بۇ سەركە ھەممە قوينى باشلاپ بىر ئوبدان ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ. خۇدا ئاسماندىن تاشلاپ بەردىمۇ ياكى باشقا بىرەرىنىڭ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بىزنىڭ ماللارغا قېتىلىپ قالدىمۇ؟ بىلەلمىدىم. شۇنىڭدىن بېرى بۇ سەركە

مەن بىلەن بىللە. . .

«نەق ئۆزى شۇ،— دەپ ئويلىدى يۇنۇس باخشى،— قۇيۇندا پەيدا بولغان بولسا نەق ئۆزى شۇ. دادام: سەل چوڭايسا تېكە بولىدۇ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن».

تىرىك مال سودىگىرى سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

— هازىر بۇ سەركە شۇنداق ئۆگىنىپ كەتتىكى، قويلارنى شەهەرگە ئۆزى باشلاپ بېرىپ، قۇشخانىنىڭ ماۋۇ دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ ـ دە، قاسساپلار قويلارنى تۇتۇپ، پۇتىدىن باغلاپ، قاتار يانقۇزۇپ سويۇشقا هازىرلانغىلى تۇرغاندا، ئاۋۇ دەرۋازىسىدىن غىپلا قايتىپ چىقىۋالىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر بۇ سەركىنىڭ مۇڭگۈزىدىكى بەلگىگە قاراپلا سويۇلمايدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. . . ماۋۇ قىزىق گەپنى ئاڭلا. بىر كۈنى تاغدىن سېتىۋالغان ماللارنى بىر مال قورۇسىغا جەملەپ، ئۆزۈم ماللارنىڭ يېنىدا ياتتىم. قۇلاق سالسام، قويلار نېمە دەپ پىچىرلىشىۋاتىدۇ دېمەمسەن؟ ئۇلار:

— ئەمدى بىزنى بىر ئوبدان ماكانلىرىمىزدىن ئايرىپ نەگىمۇ ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ — دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. يەنە بىزنىڭ بۇ سەركە ئەقىللىقتە:

— نەگە ئېلىپ باراتتى، سىلەرنى شەهەرگە ئەكىرىپ ئوينىتىپ چىقىدۇ،— دەپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى ئۇ قويلارغا،— شەهەر دېگەننى بىلەمسىلەر؟ مانا، مانا، هېچقايسىڭلار بىلمەيسىلەر ئەمەسمۇ. شەهەر دېگەن شۇنداق بىر كاتتا يەر. ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئاقىدۇ، ئەتراپى ياپيېشىل يايلاق. كېچىسى يۇمشاق

ئورۇندا ئېغىناپ يېتىپ ئۇخلايسىلەر. ئۇ يەردە بۆرە ـ قاپلان دېگەنلەردىن ئەنسىرەش ئوشۇقچىلا ئىش. تاغدىن غۇلاپ كېتىدىغان، بوران ـ چاپقۇندا قالىدىغان ئىشلار تېخىمۇ يوق. چاكارلار خىزمىتىڭلاردا پايپېتەك بولۇپ، ئالدىڭلارغا يۇمشاق، خۇشبۇي ئوتلارنى توغراپ ئەكېلىپ قويىدۇ. چاينىماي يۇتساڭلارمۇ بولىدۇ. شەھەر دېگەنگە كېچىسى كىرىپ كېلىدىغان بولساڭلار ئايهاي، ئالىيېشىل ئېلېكتر چىراغلىرى چاقناپ، كۆزۈڭلارغا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ... ئۇ يەردىكى چىراغلىرى بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ تۇرىدىغان رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىچۇ تېخى...

بىزنىڭ بۇ سەركە قويلارغا شەھەر توغرىسىدا شۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىكى، ئۇ گەپلەرنى مەنمۇ قاملاشتۇرۇپ دەپ بېرەلمەيمەن. مۇنداق تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق قوي ئەتىسى بۇ سەركىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭماي قالامدۇ، دەيسەن؟ تېخى ئۇ مال سويۇلىدىغان ھېلىقى قۇشخانىلار توغرىسىدا قويلارغا نېمە دېدى، دېمەمسەن. ئۇ قويلاردىن:

— ئۇ يەردە «قۇشخانا» دەپ بىر يەر بار، بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى. بىچارە قويلار:

— بىلمەيدىكەنمىز، ئۇ قانداق يەر؟ — دەپ بېشىنى ئىرغاڭشىتتى.

— ھەي، سىلەر دۇنيادىن ھېچنېمىنىلا كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپ بارغان جانىۋارلار ـ دە! ھالىڭلارغا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ... «قۇشخانا» دېگەن بۇ دۇنيادا ئازاب چەككەنلەرنى ئۇ دۇنياغا — ئۇدۇل جەننەتكىلا

يولغا سالىدىغان ئورۇن. قولىغا پىچاق تۇتقان، بۇرۇتلۇق پەرىشتىلەر بۇ ئىشنى بىجىرىدۇ. بۇ يەردە جەننەتكە يولخېتى ئالغانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا، گۇناھىدىن ھېساب بېرەلمەي تۇرۇپ قالغان بۇرادەرلىرىگە «بەي ـ بەي! » دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپلا، سىراج كۆۋرۈكىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. «بەي ـ بەي» دېگەننىڭ بىلەرسىلەر؟ توغرا، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سىلەر تۇرماق شەھەردىكى خېلى تەربىيە كۆرگەن ئورۇق ـ تۇغقانلىرىڭلارمۇ بىلمەيدۇ. قىسقىسى، بۇ «خوش! » دېگەنلا گەپ. . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇنۇس باخشى سەسكىنىپ كەتتى.

«ھەي، ۋاپاسىز مەخلۇق! — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ئوغلاق چېغىڭدىلا بىر ھارامزادە نەرسە ئىدىڭ. ھەممىگە خۇشامەت قىلىپ سالام بېرىپ، خەقلەرنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ جېنىڭنى ساقلاپ قالغان. . . مەھەللىدىكى قويلارنى ئازدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا ئوغرىلىقچە چۈشكەن. . . كېيىن مېنى ئېلىپ قېچىپ باخشى قىلدىڭ. ئەمدى مۈڭگۈزۈڭنى بوياپ قويغانغا كېرىلىپ كېتىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ يۈرەمسەن؟ ! . . . خەپ، مەن ساڭا تېتىمىسام، يۇنۇس باخشى ئېگەن نامىمنى يۆتكىۋېتەرمەن! »

يۇنۇس باخشى كوزۇپتىن بېشىنى سوزۇپ تۆۋەنگە قارىدى. شوپۇر ماشىنىنى ئوڭشىيالماي جىلە بولۇپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇمۇي، كۆن خېلى ۋاخ بولۇپ قالدىغۇ، ماڭمامدۇق؟ — دېدى يۇنۇس باخشى.

— شۇ تاپتا تاغا، مەن سېنىڭدىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن. ماشىنا ئوت ئالمىسا قانداق قىلىمەن؟ . . . ئىشىڭ ئالدىراش بولسا سەن چۈشۈپ ماڭغاچ تۇر! — دەپ تېرىكتى شوپۇر.

— ئېغىر بويۇڭنى يېنىك قىلىپ، غاچچىدە ماشىنىغا چىقىپ يەنە بىر ئوت ئالدۇرۇپ باقمامسەن؟

شوپۇر يىگىت قولىدىكى تاماكىسىنى بىر - ئىككى شوراپ يەرگە تاشلىدى - دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كابىنكىغا چىقتى. رولنى تۇتۇپ، ماي تەپكىسىنى بىرلا بېسىۋىدى، ماشىنا گۇررىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. ھەيرانلىقتا ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

## 4

يۇنۇس باخشى ئەتىسى ئۆز ئۆيىدە تۇغ باغلىدى. دەسلەپتە قولىغا دېپىنى ئېلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئاۋۇدى. ئۇ يۇكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ۋارقىراپ خۇداغا نالە قىلاتتى. ئاللانىڭ بەندىلىرىنى بىھۇدە ئۆلۈم - يېتىم، دەرد - ئەلەملەردىن خالاس قىلىشىنى، يەر يۈزىدىن زۇلمەت، قارا نىيەت، يامانلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى، جىن - شاياتۇن، ئىبلىسلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىنى تىلەيتتى. ئاخىرىدا ئۇ قولىدىكى داپنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئاللا سالغىنىچە تۇغنى چۆرگىلەپ قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى . . . دەل شۇ مىنۇتتا، چۆل يولىدا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، تىرىك مال سودىگىرى قۇيۇندا تېزىپ كەتكەن قويلىرىنى بىر يەرگە

جەم قىلالماي ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. قارا قورساق سەركە بىر جايدا پىرقىرىغۇچتەك پىرقىــراپ، شۇنچە كۆچەپمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىدى ـ دە، ئاچچىق بىر مەرەپ يەرگە يىقىلدى. «ھەي، يامان بولدى، يامان بولدى!» دەپ ئۇنىڭ بېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى مالچى. ئۇ پىچىقىنى ئېلىپ، سەركىنىڭ كانىيىغا سۇرىۋىدى، بىر تامچىمۇ قان چىقمىدى.

يۇنۇس باخشى ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەك بولۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پايانسىز چۆللۈكتە قارا قورساق سەركىنىڭ ھارام بولۇپ قالغان گۆشى تاشلىنىپ ياتاتتى. ئاچ كۆز سودىگەر سەركىنىڭ ئازراق بولسىمۇ پۇلغا يارايدىغان مۈڭگۈزى بىلەن تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

«ئاپلا! — دەپ ھەسرەت چەكتى يۇنۇس باخشى، — بۇ ھارامزادىنىڭ زىيىنى ئۆلگەندىمۇ تۈگىمەيدىكەن ـ دە!... دادام: ‹ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ، مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ› دېگەن ئەمەسمىدى؟... ئەمدى ئۇنىــڭ تېرىسىدىن كېرىلگەن داپقا يەنە نۇرغۇن بىچارىلەر ئۇدىسۇل ئوينايدۇ؛ ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ساپ بولغان پىچاقتا يەنە قانچە مالنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ!...»

يۇنۇس باخشى بېشى ئايلىنىــپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ شۇ يەردىلا يىقىلىپ قالدى.

# ياخشى چۈش كۆرۈك

مەھەللىمىزنىڭ چېتىدە خېلىلا چوڭ بىر ئاممىۋى باغچا بار. پېنسىيىگە چىققانلار ئاخشىمى ـ ئەتىسى شۇ يەرگە يىغىلىپ قالىمىز. نېمە ئىش بار، دەيسىلەر؟ بەزىلىرىمىز شاخمات ئوينايمىز، بەزىلىرىمىز كورت؛ بەزىلىرىمىز بايىلا يەپ چىققان تاماقنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۈششاق چامداپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭىمىز، ئوڭدا يېتىپ ـ دۈم قوپۇپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرىدىغانلارمۇ بار؛ يەنە بەزىلىرىمىز ئولتۇرۇۋېلىپ، ھازىر بازاردا نېمە ئەرزان، نېمە قىممەت؟ قايسى ئاغرىققا قانداق دورا پايدا قىلىدۇ؟ ئاخشام تېلېۋىزوردا قانداق يېڭى نومۇرلارنى قويدى؟ كىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى؟ كىم ياش خوتۇن ئېلىۋالدى؟ پېنسىيىگە چىقىپ دۇكان ئېچىپ كىم پايدا ئالدى؟ كىم زىيان تارتتى؟ . . . دېگەندەك پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىمىز.

كەچكى تاماقتىن كېيىن، ئازراق سالقىنداي دەپ باغچىغا چىقىۋىدىم، كۆل بويىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئېگىشىپ كېتىپ بارغان ئوبۇل ئەپەندىگە كۆزۈم چۈشۈپ

قالدى. بۇ ياش ۋاقىتلىرىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە مۇئەللىم بولغان، كېيىنكى ئۆمرى نەشرىياتتا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈش بىلەن ئۆتكەن كونا زىيالىي ئىدى. مېنى كۆرسە دائىم:

— خوش شائىر ئەپەندىم، دېھقان ئۇنداق ئۇلۇغ، مۇنداق ئۇلۇغ، دەپ شېئىر يازىسىلەر، ھەر بىرىڭلىنى دېھقان بول، دەپ شۇ يېزىغا ئاپىرىپ قويسا، زادى قانچە كۈن تۇرارسىلەر؟ . . . تووۋا، مۇشۇ كۈندە ئانىسىنى ئۆمۈر بويى قاقشاتقان ئاغىنىلەر ۋاي ئانام، دەپ شېئىر يېزىپ ھالى قالمايدىغان بولدى - ھە؟! . . . دېگەندەك گەپلەر بىلەن چېقىشىپ قوياتتى. ئوبۇل ئەپەندىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن بولغانىكەن. شۇ تاپتا بۇ ئورۇق ئادەم يەلكىسىنى بىر پاتمان غەم بېسىۋالغاندەك مۈكچىيىپ كېتىپ باراتتى.

— ھاي ئوبۇل ئەپەندىم، ئوبۇل ئەپەندىم! — دەپ چاقىردىم.

ئوبۇل ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە قارىدى - دە، مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئوتتۇرىمىزنى ياپىيېشىل سۇ ئوتلىرى بېسىپ كەتكەن كۆل ئايرىپ تۇراتتى. ئىككىمىز ئالدىراش بىر - بىرىمىزگە قاراپ مېڭىپ، كۆلنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۇچراشتۇق. قىزغىن سالاملىشىپ، شۇ ئەتراپتا تۇرغان بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

— خوش شائىر ئەپەندىم، ئىلھام ئىزدەپ چىقتىڭىزمۇ، نېمە؟ — دېدى ئوبۇل ئەپەندى چاقچىقىنى باشلاپ،— سىلەرنىڭ ئىشىڭلار نېمىدېگەن ئوڭاي. مانا مۇشۇ لەش باسقان كۆلنى كۆرۈپ دېڭىزنى كۆردۈم، دەپ

شېئىر يېزىۋېرىسىلەر. بۇ باغقا تولا چىقىدىغان بولۇۋالدىڭىز، ئاز كۈندىن كېيىن «جەننەتنى كۆردۈم» دەپ بىر شېئىر يازىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ:

— قەدىر ئەھۋال.

— قارىسام، غەم باسقاندەك بولۇپ مۈكچىيىپلا قاپسىز.

— ھە، خىيال . . .

— نېمە خىيال ئۇ، ئوبۇل ئەپەندىم؟

— قارىمامسىز، خەق دېگەن پۇلنى شاراقشىتىپ غازاڭدەك خەجلەيدىغان بولۇۋالدى. بىز بولساق قېرىدۇق، قولىمىزدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، شۇ ئازغىنە پېنسىيە پۇلىنى ئايدىن - ئايغا قانداق ئۇلاشتۇرىمەن، دېگەن خىيال!

— يېقىندىن بېرى قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟

— نېمە توغرىسىدا؟ — دەپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى ئوبۇل ئەپەندى.

— ئاڭلىسام، سىز كوچىدا قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرۈپتىدەكسىز؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ئاڭلىدىم، بىر ئەمەس، بىر - ئىككىيلەندىن.

— قىپقىزىل يالغان!

— توۋا، ئۇلار قاراپ تۇرۇپ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن مۇشۇنداق يالغاننى توقۇغانمىدۇ؟!

— سىز شۇ گەپكە ئىشەندىڭىزما؟ . . . ھەر قانچە

بولسمۇ مەن مۇشۇ سالاپىتىم بىلەن كوچىدا ياپپالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرەرمەنمۇ؟!
ئوبۇل ئەپەندىم ئورۇق گەۋدىسىنى رۇسلاپ، سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى.
— ئەمدى، ئادەم دېگەن قېرىغاندا ھەر قىسما بولۇپ قالىدۇچۇ،— دېدىم مەن،— پېنسىيىگە چىققاندىن بىرى ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولۇۋالدىڭىـــــز. تېلېۋىزوردىكى يالىڭاچ خوتۇنلارنى تولا كۆرۈۋېرىپ، مەنمۇ بىر شۇنداق چىقىپ باقمايمەنمۇ، دەپ قالدىڭىزمۇ دەيمەنا؟
— توۋا دەڭە!
— ئەمىسە بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟
— سىزگە راست گەپنى قىلسام، چۈشۈمدە شۇنداق يالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قىزىقچىلىق قىلىپ بىر ـ ئىككىيلەنگە سۆزلەپ بەرگەندەك قىلىۋىدىم.
— تازىمۇ غەلىـــــتە ئىـــــش بوپتۇ ـ ھە! . . . قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەكسىزما؟
— يەنە كېلىپ نەدە دېمەمسىز؟ كۈپكۈندۈزدە، نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىدە.
— ھېچ بولمىغاندا، ئۈستىڭىزدە ئاسما مايكا بىلەن كالتە ئىشتانىڭىز باردۇ؟
— ھېچنېمە يوق، ئانىدىن تۇغما پېتىم.
— يائاللا، مۇشۇ ئورۇق بەستىڭىز بىلەن ـ ھە!؟ . . . بازاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە بىر قورۇق ئىسكىلىــــت مېڭىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، چۇرقىرىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچقاندۇ؟
— قىزىق يېرى شۇ، ھېچكىم ماڭا قاراپ ھەيرانمۇ

بولمىدى، تەرەپ - تەرەپكىمۇ قاچمىدى. كۆپىنچە ئادەملەر مېنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك، دەپ بىر مۇنچە لاتا - پۇتىلارنى ئۈستىگە ئۇشۇقچە يۆك قىلىپ ئارتىۋالغانلىقىغا خىجالەت بولۇشتىمۇ، قانداق، ھەممىسىلا قىزىرىپ يەرگە قاراشتى. تېخى بىر كوچا ساقچىسى يېنىمدىن چاس بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر كىرا ماشىنىسى يانداپ كېلىپ: «خىزمىتىڭىزدە بولايمۇ؟» دېۋىدى، «كېرەك ئەمەس!» دەپ قولۇمنى سىلكىدىم.
— «ماقۇل» دەپ، يالىڭاچ پېتى ماشىنىغا كىرىپ ئولتۇرغان بولسىڭىز تېخىمۇ قىزىق بولاتتىغۇ، دەيمەن؟
— ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟ . . . ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كىرا ھەققىنى تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. يالىڭاچ ئادەمدە نەدە پۇل، پۇل سالىدىغانغا نەدە يانچۇق؟ . . . ئەنە شۇنداق پىيادە، بەھۇزۇر مېڭىپ كېتىۋېرىپتىمەن. كۆرگەنلەر: «چىرايىڭىز ناھايىتى جىددىي، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بەك سالماق مېڭىپسىز» دېيىشىدۇ.
— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دەپ ھەيران بولدۇم مەن،— چۈشىڭىزدە يالىڭاچ كېتىپ بارغانلىقىڭىزنى كۆرگەنلەرمۇ بارمىكەن؟
— نېمە بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ مەندىن بەتتەررەك ھەيران بولدى ئۇبۇل ئەپەندىم،— مەن دېگەن بازاردا كېتىپ بارغان تۇرسام، ھەممە ئادەم كۆرمەيتتىمۇ! ؟
— ھە بوپتۇ، سۆزلەۋېرىڭ! ؟
— شۇنداق قىلىپ، يالىڭاچ مېڭىپ كېتىۋېرىپتىمەن. ھېلىقى شەھىرىمىزنىڭ چېتىدىكى چوڭ مەيداننى

بىلىسىز؟
— قايسى مەيداننى دەيسىز؟ . . . يوق ماشىنا، پىكاپلارنىڭ سودىسى بولىدىغان مەيداننى دەۋاتامسىز؟
— ۋاي خۇدايىمەي، سىز نىمانداق ھە دېسە ماشىنىنىڭلا گېپىنى قىلىسىز، پىكاپ ساتىدىغان يەردە مەن نېمە ئىش قىلاي! ھېلىقى، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى تازا قىزىق يايما بازار بولىدىغان مەيدانچۇ؟ توپتوغرا شۇ يەرگە بېرىپلا توختاپتىمەن. نەدىن كەلگەن قەھرىمانلىقىكىن بىلمىدىم. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ: «خالايىق!» دەپ نوتۇقنى باشلاپتىمەن.
— يالىڭاچ پېتىڭىز؟
— يالىڭاچ پېتىم.
— ھەممە خەق كۆلۈپ دومىلاپ كېتىشكەندۇ؟
— كۈلىشمۇ ئېچىدە كۈلدىمۇ، بىلمىدىم، قارىسام، ھەممەيلەن نېمە دەركىن، دەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. «خالايىق، ھازىر جاھان ئۆلگىرىلەپ نەگە كەتتى؟ ۋاقىتنىڭ قەدىمى قايسى ئەسىرگە يەتتى؟ بىز قاچانغىچە ئىپتىدائىي ئادەملەردەك زىبۇ زىننەت دەپ رەڭلىك تاش - مېتاللارنى بەدەنلىرىمىزگە ئېسىۋېلىپ، يۈز - كۆزىمىزگە ھەر خىل بوياقلارنى سۈركەپ، ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ يۈرىمىز؟ لاتا - پۇتىلارغا يۆگىلىۋېلىپ، ئەيىبلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇشقا نە ھاجەت!؟ . . . ئىنسان بۇ دۇنياغا يالىڭاچ تۆرەلگەن، يەنە ياپيالىڭاچ كېتىدىغۇ، مانا قاراڭلار، مانا مەن ئەلگە قىرىق يىل ئىشلەپتىمەن، كۆپچىلىكتىن يوشۇرغۇدەك ھېچ نېمەم يوق.

تېرىلىرىمىنىڭ ئاستىدىكى قوۋۇرغىلىرىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تۇغۇلۇپ قانداق يۈگەككە يۈگەلگىنىدىن باشلاپلا پېشانىمىزگە باي ـ كەمبەغەللىك، تەلەيلىك ـ تەلەيسىزلىكنىڭ تامغىسى بېسىلىشقا باشلاپتۇ. ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يۆگىكى ئەمەس، يۆگەك ئىچىدىكى ۋۇجۇدى بەلگىلەيدىغۇ! ؟ . . . كىمكى كۆپنىڭ ئالدىدا قورقۇنچى بولمىسا يالىڭاچ بولالايدۇ. قېنى، كىيىم ـ كېچەكىمىزنى سېلىپ تاشلاپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولايلى! . . . » دەپتىمەن. يەنە نېمىلەرنى دېدىمكىن ئېسىمدە يوق. ئەيتاۋۇر بىر مۇنچە ۋالاقلىغان ئوخشايمەن. شۇنىڭ بىلەن، قانداق بولدى دېمەمسىز؟ پۈتۈن بازار ئۆپۈر ـ تۆپۈر بولۇپ، ھەممە بەس ـ بەستە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغىلى تۇردى.

— پەرۋەردىگار، نېمە دەيدىغانسىز؟ ئۇ يەردە ئاياللارمۇ بار بولغىيدى؟ !

— ھازىرقى كوندە بازاردىكى ئادەمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئايال دەڭە!

— ئاياللارمۇ كىيىم ـ كېچىكىنى سېلىپ تاشلىدىما؟

— سالدى! . . . سىزنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا چۈشەنچىڭىز قانچىلىككىن، بىلمىدىم، ئايهاي، خۇدا يارانتقان ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرەي دېسىڭىز، ئۇنى يالىڭاچ ھالەتتە تاماشا قىلىڭ! ئاياللارنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان قامىتى، ئىشلەمچىلەرنىڭ بۇرتۇپ چىققان بولجۇڭ گۆشلىرى، كاسىپلارنىڭ چىڭقالغان كۆپكۆك تومۇرلىرى، دېهقانلارنىڭ كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان

تېرىلىرى. . . بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىنسان پورترېتىنى سىزىدىغان رەسسام ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ماتېرىيال بولۇپ ئاشىدۇ. بايا ئۇلارنى كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان ئۇستىدىكى كونا، يىرتىق لاتا - پۇتىلار ئىكەن. . . ھەممەيلەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىشۇدى، تېخىچە خۇدۇكسىنىپ، كىيىمىنى سالالماي مەھكەم ئورۇنۇۋالغانلار باشقىلارنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار كىملەر دېمەمسىز؟ تازا پوزۇر كىيىنىپ، يۈز - كۆزىنى ئالىيېشىل بويىۋالغان خېنىملار، شەھەرنىڭ ھارامدىن بېيىغان بايلىرى، جانى جىڭ دەپ ساتىدىغان كاززاپلار، زادى قانداق پۇل تېپىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق مەخلۇقلار. «خوش غوجاملار، قېنى ھەر قايسىلىرىمۇ ماۋۇ ئۇستىلىرىدىكى جەندازىلىرىنى سېلىشىپ باقاملا، زادى قانداق ئادەملىكلىرىنى بىر كۆرۈپ باقايلى!» دەپ بەزىلەر ئۇلارغا ھۆرپەيدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن تارتقۇشلاپ سالدۇرۇشقا باشلىشۇدى، ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلا بولدى. كېلەڭسىز يوغانغان قورساقلار، كۈن نۇرىنى كۆرمەي لەشتەك ساڭگىلاپ كەتكەن تېرىلەر، ئەيش - ئىشرەت، قىمار سورۇنلىرىدا خۇنىنى يوقىتىپ كۆكەرگەن بەدەنلەر، قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان نومۇسلۇق جايلار. . . ۋاي قويۇڭ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى باشقىدىن كىيگۈزۈپ قويىمايمۇ بولمىدى. مانا، بەزىلەرنىڭ ئۇستىدىكى چۈمپەردىسىنى قايرىۋەتسىڭىز، كارامىتى شۇنچىلىكلا ئىكەن. . . نېمە

ساراڭلىقىم تۇتتى، ھېلىقى يالىڭاچ ئاغىنىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان ئېگىز بىناغا قاراپلا مېڭىپتىمەن. ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا پىكاپقا چۈشۈپ قاچماقچى بولغان بىرسىنى تۇتۇۋالدۇق. بۇ كىم دېمەمسىز؟ ھېلىقى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىنى سېلىشقا مەسئۇل بولغان پالانچى. ئىككى يىلدا پۈتىدۇ، دېگەن بىنا تۆت يىلدىمۇ پۈتمەي، ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى پۈتمىگەن بىلەن بىر قانچە ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي داچىسى ئاللىبۇرۇن پۈتۈپ بولدى. ھە ـ ھۇ بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ ھەيرانلا قالدۇق. ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئىككى قولى نەق جەينىكىدىن ئەگرى ئىكەن. پۈتۈن شەھەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىپ، ھېچكىمگە قۇيرۇق تۇتقۇزماي يۈرىدىغان يەنە بىر ھارامزادە نەق پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىلا ئۇچراپ قالدى. ئاللا ـ توۋا دېگىنىڭگە قويماي ئۇنىمۇ يالىڭاچلىۋىدۇق، قورسىقى تۆت، ئاشقازىنى سەككىز بولۇپ چىقتى. ئىش بىلەن كىرگەن ھەر بىر ئادەمدىن مىڭلاپ سوم پارە يېمەي قويمايدىغان يەنە بىرىنى زالنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋالدۇق. بۇ ئەبلەخ نېمىشقا كېچىسى يوتقانغا كىرگەندىمۇ گالستۇكىنى يەشمەي ياتىدىكىن دېسەك، بايا ئۇنىڭ گېلىنىڭ ساق يېرى يوق، ھەممىسى تۆشۈك ئىكەن، بۇ بالا ـ قازاغا دەسلەپتىلا ئۇچرىغان ھېلىقى ئۈچى: «مۇنداق يالىڭاچلىغىلى تۇرساڭلار، بۇ بىنادا بىجىرىم ئادەم چىقامدۇ؟ يالىڭاچلايدىغان گەپ بولسا ھەممىنىلا يالىڭاچلاڭلار، بىزدىنمۇ غەلىتە ئىنسانلارنى كۆرسىلەر» دەپ ئالدىمىزغا

چۈشۈپ، بىزنى بۆلۈممۇ - بۆلۈم باشلاپ كىرگىلى تۇردى. قاراڭ، بۇلاردا ۋىجدان دېگەن بارمۇ؟ ئىش تەتۈرىگە ئايلانسا، مۇشۇنداق بىر - بىرىنى ساتقىلى تۇرىدۇ. قېنى قىزىپ كەتكەن ئاغىنىلەر ئۇچرىغاننى يالىڭاچلاۋەردى. ئۆزلىرىگە ئىشەنچى بارلىرى ئۈن - تىنسىز كىيىملىرىنى سالدى. خۇدىكى بارلىرى ۋاي - دات سېلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى، قاچقانغا قويماي تۇتۇپ كىيىمىنى يەشتۇق. بۇ يەردىكى يالاقچى، خۇشامەتچىلەرنىڭ ئەپتىنىڭ سەتلىكىنى دېمەمسىز، خوش، خوش، دەپ ئېگىلىۋېرىپ دۈمبىلىرىنىڭ ئۈستىخىنى دوكقا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ... مانا شۇ چاغدا، بىز تېخى چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن يۇقىرى قەۋەتتىن شەھەر باشلىقى چۈشۈپ كەلدى.

— بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقىنى دەمسىز؟

— نەق ئۆزى. بولۇۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ تاتىرىپ، پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىدا توختاپ قالدى. بىزمۇ بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قالدۇق. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن پۈتۈنسۇرۇك بىر شەھەرنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم - دە! ھەممىمىزنى سۈر باستى. «بۇ - بۇ - بۇ... نە نە نە... گە... گە... گە...» دېدى ئۇ. ئەسلىدە شەھەر باشلىقى: «بۇ نېمە گەپ!؟» دېمەكچى بولسا كېرەك. ئۆمرى كاتىپلىرى يېزىپ بەرگەن سۆز تېكىستلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدا كاتىپى يازغان بىرەر ۋاراق قەغەز بولمىسا، نەق كېكەچنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەيلى، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدۇق. «قېنى ھە، نېمىگە

قاراپ تۇرىمىز؟ جانابىي شەھەر باشلىقىنىمۇ بىر يالىڭاچلاپ باقمايلىمۇ! » دەپ ۋارقىرىدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن. دۇررىدە ئورنىمىزدىن قوزغىلىشىمىزغا قاتتىق بىر پۇشتەك چېلىنماسىما، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، خۇداغا شۈكۈر، ئۆيدە كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن. سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتە بولغان چېغى، باش تەرىپىمدىكى ئۇستەل سائىتى قاتتىق جىرىڭلاۋېتىپتۇ.

— ئاپلا، ئۇستەل سائىتىڭىز تازىمۇ بىر چاغدا جىرىڭلاپتۇ - دە! — دېدىم مەن قىزىق گەپنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى ئوبۇل ئەپەندى، — شەھەر باشلىقىنىمۇ بىر يالىڭاچلاپ باققان بولساق، يەنە نېمە قىزىقچىلىقلارنى كۆرەتتۇقكىن! . . .

گەپ بىلەن بولۇپ كۈننىڭ ئۆلتۈرۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتۇق. ئوبۇل ئەپەندى قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قانداق شائىر ئەپەندىم، ئەگەر ئاشۇنداق ئىش راستتىنلا يۈز بېرىدىغان بولسا، كۆپنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلىنىشقا جۈرئىتىڭىز يېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىز يالىڭاچ بولغان يەردە مەن نېمىشقا يالىڭاچ بولالمىغۇدەكمەن؟ ! — دېدىم مەن.

— ناتايىن! — دېدى ئوبۇل ئەپەندىم، — ھەر ھالدا كېيىم - كېچەك دەپ ئۇستىمىزگە ئارتىۋالغان بۇ لاتا - پۇتىلار خېلى كۆپ ئەيىبلىرىمىزنى يېپىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان - ئەتكىنى

تېشىدىنىلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىش بولسا، ئۇ چاغدا، خېلى ـ خېلى يوغان گەپ قىلغانلارمۇ ئاللىقاچان ئالاغا چىقالماي قالىدىغۇ، دەيمەن! ؟

ئوبۇل ئەپەندى شۇ گەپلەرنى قىلىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ، ئوبۇل ئەپەندىم! — دېدىم.

1999 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، غۇلجا.

# تولۇنئاي

يامغۇردىن كېيىن پۈتۈن تەبىئەت يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىققان پەرىزاتتەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا مەن شەھەر چېتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتىم. كۆز ئالدىمدا يېشىللىققا پۈركەلگەن دۆڭلۈكلەر، يىراقتىكى يېزىلارغا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يوللار، تۆۋەندە سۈيى يېيىلىپ ئېقىۋاتقان تاشلىق ساي تاشلىنىپ ياتاتتى. ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار كۆپكۆك يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن قويلار توپىدەك يېنىك لەيلەپ يۈرەتتى. بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قۇياشتىن تۆكۈلگەن نۇردا ھەممە نېمە بەرقۇتتەك تاۋلىنىپ، كىشىگە گويا تەبىئەت يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ، كېرىلىپ، راھەتلىنىپ نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

نېرىراقتا سوقما تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ بىر باغ تۇراتتى. مېۋىلەرنىڭ شاخلىرى تامدىن ئارتىلىپ، ياندىكى يولغا ئېگىشكەنىدى. يامغۇردىن كېيىنكى بۇ مەنزىرىلەردىن زوقلىنىپ مېڭىپ، ئاشۇ باغ تەرەپكە يېقىنلاپ قاپتىمەن. سالقىن شامال يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، يول بويىدىكى كۆچەتلەرنىڭ يۇمران ياپراقلىرىنى

يىنىڭ شىلدىرلىتاتتى. باغ ئىچىدىن قۇشلارنىڭ شوخ چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىناتتى. نىمىشقىدۇر مىنىڭمۇ ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ قالدى. تارتىنچاقلىقىمدىنمۇ بىلمىدىم، ناخشىغا ئاۋازىم خېلىلا كەلسىمۇ، ئەزەلدىن مەن كىشىلەر بار يەردە ناخشا ئېيتىپ باقمايتتىم. هازىر بولسا، گويا تەبىئەت ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سىرلىق قوللىرى بىلەن بىر يېرىمنى غىدىقلاۋاتقاندەك، ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇم، كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ چۇقان سالغۇم كېلىپ تۇراتتى. مەيلى ئەمەسمۇ، بۇ خىلۋەت دالىدا مىنىڭ ناخشامغا كىممۇ قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. . . ئۆزۈمچە خىيالىمغا كەلگەن بىر ناخشىغا توۋلاشقا باشلىدىم:

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئۇل خۇدانىڭ تەقدىرى —
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى . . .

شۇ چاغدا ئارقامدىن «ئەھە!» دەپ يۆتەلگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى، چۆچۈپ ناخشىدىن توختاپ قالدىم. ئارقامغا قارىسام، قۇياش پۇتۇن ۋادىغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. باياتىندىن بېرى چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلار مىنىڭ ناخشامنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمىپ قاپتۇ. ئەتراپتا باشقا هېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال قۇلىقىمغا بىرسى يۆتەلگەندەك ئاڭلانغان بولسا كېرەك، دەپ ناخشامنى ئېيتىپ مېڭىۋەردىم.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەنمۇ خۇدايىمنىڭ قۇلى...

«ئەھە!» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ پەيزىمنى ئۇچۇردى. چىپپىدە توختاپ ئاستا بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىدىم. باغنىڭ ئۇزۇن تېمىنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپتىمەن، توپىلىق يولدا يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئەلەڭشىپ تۇرۇپتۇ، باشقا ھېچكىم يوق. «بۇ نېمە گەپ، ناخشامغا ھەۋىسى كېلىپ، تاملارنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق!؟» دەپ ھەيران بولدۇم. يەنە كېلىپ، بۇ «ئەھە!» دېگەن تاۋۇش تەبىئىي يۆتەلگە ئەمەس، بىرەرسىنىڭ باشقا كىمدۇر بىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن گېلىنى قىرىپ ئەتەي چىقارغان ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى... ناخشامنى ئېيتىپ، يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

دەردى بار دەردمەنلىگە،
كىم قويۇپتۇ ئۇيقۇنى؟
شۇ ۋاپاسىز گۈلنى دەپ،
پۈتتى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى...

— ھويت يىگىت! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى شۇ چاغدا.
بۇرۇلۇپ قارىسام، باغ تېمىنىڭ شورا بولۇپ پەسلەپ

كەتكەن ئارىلىقىدىن بىر ساھىبجامال ماڭا شوخ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، كۆزۈمگە تاملارنىڭ ئارقىسىدىن تولۇنئاي كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، «بۇ قىز مېنى چاقىردىمۇ، باشقا بىرسىنىمۇ؟» دېگەن گۇمان بىلەن ئەتراپىمغا قارىدىم، يېقىن ئەتراپتا مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— مېنى چاقىردىڭىزما؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— ھە، سىزنى، — دېدى تولۇنئاي، — ناخشىڭىزنىڭ پەيزى بارغۇ؟

— ناخشامنى دەمسىز؟ . . . ھە، ئۆزۈمچە قاملاشمىسىمۇ غىڭشىپ قويغىنىم. تامنىڭ ئارقىسىدا نېمە قىلىپ تۇرىسىز؟

— ناخشىڭىزنى تىڭشاپ. . .

شۇ چاغدا، باغ ئىچى يىراق بىر يەردىن «رە ـ نا!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، تام ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇنئاي غايىب بولدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ، تامنىڭ ھېلىقى شورىسىدىن ئىچكىرىگە قارىدىم. ئۇ تەرەپ كەتكەن چوڭ باغ ئىكەن. رەنا مېۋە شاخلىرىنى قايرىپ، بېشىنى ئەگكىنىچە ئالدىراش كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىدىكى يولغا چىقىپ — ئېھتىمال، مېنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغىنىمنى كۆڭلى سەزدى بولغاي — مەن تەرەپكە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ كەتتى. قىزنىڭ بويىنىغا سىيرىلىپ

چۈشۈپ قالغان سۆسۈن رەڭ ياغلىقى لەرزان يەلپۈنەتتى. ئۇ بارا - بارا يىراقلاپ، گۈللۈكلەر ئارىسىدا غايىب بولدى. مەندە يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن بۇ تولۇنئاي شۇ گۈللۈكلەر ئارقىسىغا مۆكۈنگەندەك ياكى بولمىسا، تولۇنئاي پارچىلىنىپ، ئاشۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە ئايلىنىپ كەتكەندەك تەسىرات قېلىپ قالدى...

ئاردىن قىرىق يىل ئۆتتىمىكىن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندۇ، ھاياتىمغا ئاچچىق - چۈچۈك تاللاي سەرگۈزەشتىلەر ھەمراھ بولدى. ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالمىغان بولسامۇ، چاچلىرىم ئاقىرىپ، قېرىلىق يەتتى. ئېھتىمال، ياش ۋاقتىمدىكى بەزى خاتىرىلەر كىشىنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كەتسە كېرەك، يامغۇردىن كېيىنكى شۇ مەنزىرە، باغ تېمىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ تولۇنئاي ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقمىدى.

يېقىندا بىر پۇرسەت بىلەن ھېلىقى شەھەرگە يەنە بېرىپ قالدىم، ھاياجانلىنىپ، يۈرىكىمدە ساقلانغان خاتىرىلەرنى ئىزدەپ شەھەر سىرتىغا چىقتىم. ھېلىقى ياپىيېشىل دۆڭلۈكلەر، يېيىلىپ ئاقىدىغان ساي سۈيى، ئەتراپىدا چىغىرتماقلار ئۆسۈپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى ھارۋا يوللىرىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپالمىدىم. بۇ يەرلەرگە ئېگىز بىنالار چۈشۈپ، ئاللىبۇرۇن شەھەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئەتراپىتىكى ۋاڭ - چۇڭ، زاۋۇت تۇرخۇنلىرىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلار كىشىنىڭ دېمىنى سىقاتتى. ساي سۈيى قۇرۇپ

كەتكەن بولۇپ، سايىنىڭ ئۆزىمۇ تۆت ئەتراپتىن تۆكۈلگەن
ئەخلەتلەر بىلەن تىنىپ كەتكىلى تۇرغانىدى. دەل -
دەرەخلەرنىڭ ھاۋانىڭ ئېغىر بۇلغىنىشىدىن داغلىشىپ
كەتكەن يوپۇرماقلىرى بىچارىلەرچە شالدىرلايتتى.
تونۇشتۇرغۇچى ماڭا بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر، قانداقتۇر
بىر تەرەققىياتلار توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي
سۆزلەۋاتاتتى. قۇلىقىمغا ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك
بىمەنە ئاڭلاندى. كۆزلىرىم بولسا ئەتراپتىن ھېلىقى ئاددىي
سوقما تاملىق باغنى، باغ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان
تولۇنئاينى ئىستەيتتى...

1999 - يىل 30 - دېكابىر، غۇلجا.

# ئىت ئېتىش

ئەگەر بەختىياروپنى تونۇمىسىڭىز، بۇ شەھەردە ھېچكىم بىلەن تونۇشماپتىمەن، دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سىلىق - يۇمشاق مىجەزى، سىپايە مېڭىش - تۇرۇشى، گەپ قىلغاندا خۇددى سىزنىڭ بىر يېرىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان نازۇك ئىبارىلەرنى تاللاپ سۆزلىشى. . . قويۇۋېرىڭ، بۇنداق مىجەز باشقا بىر كىمدە بار دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. شۇڭا مەن ھەممە تونۇش - بىلىشلىرىم بىلەن سەنلىشىپ سۆزلەشسەممۇ، بەختىياروپنى «سەن» دېيىشكە زادىلا تىلىم بارمايدۇ. كوچىدا بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بەختىياروپكا! — دەپ سالام بېرىپ قويدىڭىزمۇ، بولدى، بالاغا قالغىنىڭىز شۇ.

— ھوي دوختۇر ئەپەندىمۇ؟ (مەن روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسىدە ئىشلىگەچكە، ئۇ مېنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ) قانداق ئۇكام ئەھۋالىڭىز؟ ئاغرىق - سىلاق، تۇمۇ - پۇچقاقتىن ساقتۇرسىز؟ ھە، خوتۇنىڭىزنىڭ، بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ قوشنا - قولۇم،

خىزمەتداشلىرىڭىز. . . ئاغىنە - بۇرادەر. . .

تاس قالدۇ ئۇ باققان ئىت - مۈشۈك، توخۇ - تۇمانلىرىڭىزنىڭمۇ ئەھۋالىنى سورىغىلى.

— ياخشى . . . ياخشى. ھە، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەيسىز كېتىشكە ئالدىراپ.

— خۇداغا شۈكۈر، كۆپىنىڭ دۇئاسى بىلەن مانا مۇشۇنچىلىك يەر دەسسەپ تۇرۇپتىمەن. نەگە ئالدىرايسىز؟ كۆڭلىڭىز ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسە تارتسا، ئازراق خىزمەتتە بولمايمۇ؟ — دەيدۇ ئۇ ئۆمرىدە بىر ئادەمنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن.

— رەھمەت، خىزمەتتە بولىدىغان ئىش بولسا، مەن خىزمىتىڭىزدە بولسام بولاتتى، ئالدىراپ تۇرۇپتىمەن.

— ئاپلا، ئاران بىر ئۇچراشقاندا - ھە،— دەيدۇ ئۇ ئەپسۇسلىنىپ،— بوپتۇ، يولىڭىزدىن قالماڭ، كېيىن بىر پۇرسەت چىقىپ قالار. . .

بەختىياروپ ئۆيدىكى خوتۇنىدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بىلەن ئەنە شۇنداق سىزلىشىپ، سىپايە سۆزلىشىدۇ.

— رىزۋانگۈل، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار، ئېيتىشقا مۇمكىنمىكىن؟ — دەيدۇ تاماق ئۈستىدە خوتۇنىغا.

— قېنى ئېيتىڭ، بەختىياروپ، قۇلىقىم سىزدە،— دەيدۇ خوتۇنى.

— بۈگۈنكى تامىقىڭىزنى دەيمەن. . .

— ھە، تاماق نېمە بوپتۇ؟

— شۇنچىلىك لەززەتلىك بوپتۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز،

ئۆمرۈمدە لەڭمەنگە ئامراق، مۇمكىن بولسا، ماڭا يەنە ئىككى پىلتا سېلىپ بەرسىڭىز. ئىككى پىلتىلا ـ ھە!

ئەگەر بەختىياروپ دەسلەپكى بىر چىنە تاماققىلا تويغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ:

— رىزۋانگۈل، ھۈنرىڭىزگە ئاپىرىن! تاماقنىڭ سېپىنى شۇنچىلىك ئوخشىتىپ قورۇپسىزكى، بازارنىڭ ئاشپەزلىرى بىكار قالسۇن... مەن مۇشۇ بىر چىنە بىلەن بولدى قىلاي. مېنىڭ يېمىگىنىمگە قاراپ تامىقىم ئوخشىمىدىمىكىن، دەپ كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالمىسۇن، بۈگۈن ئىشتىھايىم شۇنچىلىك، ئوخشىغان تاماقتىن يەنە ئازراق يېيەلمىگىنىمگە ئۆزۈممۇ ئۆكۈنۈشتە،— دەيدۇ.

بۇ ئۆيگە سىرتتىن كېلىپ قالغان ئادەم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا، غىدىقى كېلىشى مۇمكىن، ھەتتا بەزىلەر مازاق قىلىپ، بەختىياروپ ئاخشىمى ئايالىنىڭ قويىنىغا كىرمەكچى بولسىمۇ، ئاۋۋال پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كېلىپ، خوتۇنى ياتقان كارىۋاتنىڭ ياغىچىنى تاكىلدىتىپ چېكىدىكەن، خوتۇنى:

— بەختىياروپمۇ سىز؟... ھە، نېمە گەپ؟ — دېسە، بەختىياروپ:

— ئۆزۈمچە... خۇش پۇراق ھىدىڭىزنى پۇرىقىم كېلىپ... مۇمكىنمىكىن... ئەگەر مۇمكىن بولسا...— دېگەندەك تەككەللۇپ گەپلەرنى قىلىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىدا بىر ئاش پىشىم تۇرىدىكەن، — دېيىشەتتى.

بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغىنى قانچىلىك، بىلمەيمەن، ئەمما بەختىياروپنىڭ بەزى قىلىقلىرى سىز

بىلەن بىزگە ھەقىقەتەن غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بەختىياروپ سىزگە بىر گەپنى قىلماقچى بولسىمۇ، مەقسەتنى توپتوغرىلا دېمەي، سۆزنى ناھايىتى يىراقتىن ئەگىتىپ ئەكېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ سىزدىن بىرەر كىتابنى سورىماقچى بولسا، گەپنى يېقىنقى يىللاردىن بىرى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ خېلى تەمى بار بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقانلىقى، ئۆزى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كەچتە كىتاب ئوقۇيدىغانلىقى، بولۇپمۇ پۆكۈنچى دېگەن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقى ۋەھاكازالار ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلەپ، ئاندىن تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغاندەك:

— ھوي راست، شۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىزنىڭ پالانى دېگەن كىتابى سىزدە بارمىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— بار بەختىياروپكا، كېرەكمىدى؟ — دېسىڭىز،

— ئاغزىڭىزغا ناۋات ئۇكام، ئەگەر مۇمكىن بولسا . . . مۇمكىن بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز، بىر كۆرۈۋالسام. . . بولمىسا مەيلى، ھەرگىز خىجىل بولماڭ. . . بولسا، ئۆزىڭىز ئوقۇپ بولغان بولسىڭىز. . . ھە شۇنداق. . . كۆرۈپ بولۇپلا مۇبارەك قولىڭىزغا ئۆزۈم ساق ئەكېلىپ تاپشۇرسام . . . — دەيدۇ.

بەختىياروپ ئۆيىگە بىھۇدە مېھمانمۇ چاقىرمايدۇ. ئەگەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇپەيلى مېھمان چاقىرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، مېھماننى ئۇدۇللا باشلاپ بارماي، ئوشۇقچە كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، مېھمانغا ئىلگىرى بۇ كوچىلاردا

قانداق نامدار ئادەملەرنىڭ ئۆتكەنلىكى، هازىر كىملەرنىڭ ئۆلۈپ، كىملەرنىڭ قالغانلىقى، كىملەرنىڭ بېيىپ، كىملەرنىڭ گادايلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىلگىرى مانا ماۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئورنىدا كىمنىڭ قورۇ - جايى بارلىقى، بۇرۇنقى بايلار سالدۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ سەلتەنىتى، دەرۋازىلىرىنىڭ كۆركەملىكى، ئىشىك دېرىزىلىرىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر، ئەسلىدە شۇ ئىمارەتلەرنى بۇزماي ساقلاپ قېلىش لازىملىقى ... دېگەندەك بىر تالاي ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا سۆزىنى هازىر سېلىنىۋاتقان ماۋۇ بىنالارغا قاراڭ، شۇمۇ ئىمارەت بوپتۇمۇ، هەممىسى سەرەڭگە قېپىنى تىكلەپ قويغاندەك بىر نەرسىلەر، دەپ ئاياغلاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە، مېهمان بۇ مەهەللىدىكى كوچىلارنىڭ كونا - يېڭى تارىخىدىن خەۋەردار بولۇپ بولىدۇ.

بەختىياروپنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۇنىڭ قانداق تەربىيە ئاساسىدا ئاشۇنداق بىر مىجەزنى يېتىلدۈرگىنىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇ شۇنداق ئاجايىپ ئادەم. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەتلىك، تازىلىقىنى دېمەيسىز، شۇنىڭغا مۇناسىپ چىرايىمۇ شۇنچىلىك پاكىز. قاچانلا قارىسىڭىز، مەڭزى سارىم ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. هەرقانچە سىنچىلاپمۇ چېچىدىن بىرەر تال ئاق تاپالمايسىز. هېچكىم ئۇنى تۇرقىغا قاراپ يەتمىشتىن ئاشقان ئادەم دېمەيدۇ.

*   *   *

بىر يىلى قىشتا مانا شۇ بەختىياروپنىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىز قازا قىلدى. جامائەت نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويدۇق. بەختىياروپ ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەندى. بىچارىنىڭ يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلدىمۇ، يازغا چىققاندا بىر ئىت بېقىۋالدى. ئۇ ئىتنى «بارىس» دەپ چاقىراتتى. «بارىس» دېگەن زادى نەچە گەپ، ئۇ دۈگىلەيدىغان چاقمۇ ياكى ھەسەل ساتىدىغان بىرەر ئورۇسنىڭ ئىسمىمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، بەختىياروپ ئىتنى بارىس دېسە بارىس، دەپ يۈيۈپ تازىلاپ، ھويلىسىدا يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ھەرىكەتلەرنى ئۆگىتىپلا يۈرەتتى. «بارىس، قېنى كۆرۈشۈپ قويايلى! » دېسە، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېلىپ بەختىياروپقا ئۇڭ پۇتىنى سۇناتتى. «بارىس، ئاۋۇنى ئەكېلىڭ! » (ھەتتا ئۇ شۇ ئىت بىلەنمۇ سىزلىشىپ سۆزلىشەتتى) دەپ بىرنەرسىنى يىراققا تاشلىسا، ئىت ئۇچقاندەك بېرىپ ھېلىقى نەرسىنى چىشلەپ ئېلىپ كېلەتتى. ئىت بەزىدە ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئېسىلغۇدەك بولسا، بەختىياروپ سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— ھاي ـ ھاي، بارىس، سىزنىڭ بۇ قىلىقلىرىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن، قاراڭ، كىيىملىرىمنى بۇلغىۋەتتىڭىز، — دەيتتى.

ئەگەر بەختىياروپ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بۇ ئىت توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالسىڭىز، بەختىياروپ

ھاياجانلىنىپ، قوللىرىنى ئۇشقۇلاپ سۆزلەپ كېتەتتى.

— بىزنىڭ بارىسنى دەمسىز؟ سورىغىنىڭىزغا رەھمەت! — دەيتتى ئۇ، — مېنىڭ ئىت بىلەنغۇ ئانچە خۇشۇم يوق ئىدى. ئەمدى قاراڭ، رەھمەتلىك رىزۋانگۇلۇمدىن ئايرىلدىم. يالغۇزلۇق دېگەن بەك يامانكەن. ئۇياق - بۇياققا كەتكىنىمدە ئۆيگە قارانچۇق بولۇپ قالار، دەپ بېقىپ قويۇۋىدىم، ياخشى ئىت چىقىپ قالدى، ساپ ئاپشاركا نەسلىدىنكەن ئەمەسمۇ. مۇبارەك كۆزىڭىزگىمۇ چېلىققاندۇ، قۇلىقى دىڭ، تۇكلىرى مايلاپ قويغاندەك يالتىراپ تۇرىدۇ. پاھۇي، بۇ ھايۋاننىڭ ئەقىللىقلىقىنى دېمەيسىز، ۋاي ياقەي، ئۇنى ھايۋان دېگىلى بولسۇنمۇ، بەزى قىلىقلىرى ئادەمنىڭ ئۆزىلا، ھويلىدىكى قىل چاغلىق نەرسىگە قالايمىقان چېقىلمايدۇ. سارغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بويىنىنى سەل سىڭايان قىلىپ قاراپ كەتسە، ئامراقلىقىڭىز كېلىپ قۇلىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈپ قويغۇڭىز كېلىپ كېتىدۇ... مانا قاراڭ، بىرسىگە دېسەم ئىشەنمەيدۇ، ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بويىنىغا خالتا ئېسىپ، ئاغزىغا پۇل چىشلىتىپ قويۇپ بەرسەم، توپتوغرا قاسساپ دۇكىنىغا بېرىپ گۆش ئەكەپتۇ...

تۇرمۇش دېگەن تاسادىپىيلىككە باي. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتىمىكىن، بىر كۈنى قانداق بولغان، بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق قالغانىكەن، بارىس ئېتىلىپ چىقىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكانغا ھاپلا قىلىپ تاشلىنىپتىكەن، ھېلىقى چوكان ئېسىدىن كېتىپ قېلىپ يىقىلىپ قاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بەختىياروپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئايالنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، بىر نېمىلەرنى

قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قارىسا، ئۇ ياشلا بىر چوكان ئىكەن. قايتا ـ قايتا ئەپۇ سوراپ، خىلىغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بەختىياروپ ئۆزىنىڭ قەدىناس خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىر يىلدىن بېرى يالغۇز، بويتاقچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ؛ چوكانمۇ ئۆزىنىڭ بىر قېتىم ياتلىق بولغانلىقىنى، پەيلى يامان ئېرىنىڭ دەردىنى جىق تارتىپ ئاخىر ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن بېرى «ئەر دېگەن شۇنداق بولسا» دەپ قايتا ياتلىقمۇ بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پاراڭلىشا ـ پاراڭلىشا، ئىككىسىگە ئوبدانلا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاز ئۆتمەي بەختىياروپ ھېلىقى چوكاننى نىكاھلاپ ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. مەھەللىدە خېلىغىچە «بەختىياروپ ئۆزىنىڭ قىزىدەك ياش بىر خوتۇننى ئېلىۋاپتۇدەك. بۇ نېمە بەختىياروپقا قانچىلىك ئاش بولاركىن، ھېلىيىتىن سەكسىلدەپ كوچىدىن كىرمەيدىكەن...» دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈردى.

بىر كۈنى بەختىياروپنىڭ ھويلىمىزغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇ ئادەم زۆرۈر بىر ئىشى بولمىسا، قوشنا ـ قولۇملار بىلەنمۇ ئانچە كىرىش ـ چىقىش قىلىپ كەتمەيتتى.

— دېگەنبىلەن ئۆيدە ئىكەنسىزغۇ، دوختۇر ئەپەندىم. ھە، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى بەختىياروپ،— بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ ئاۋارە قىلدىممۇ، قانداق؟

— ۋاي ياقەي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ قېنى، ئۆيگە كىرىڭ!

— ياق. . . ئەمدى. . . ۋاقتىڭىز بولمىسا مۇشۇ يەردىنلا قايتاي. ئانچە زۆرۈرمۇ گەپ يوق. بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي، دەپ كۆڭلۈم تارتىپ. . .

— كېلىڭ، كېلىڭ، مانا بۇ ياققا، ئۆيگە.

بەختىياروپ بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ قالمىغاندىمەن، دېگەن خىيالدا تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە مېڭىپ، ئاخىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۇ يەردە تۇرغان ۋېلىسىپىتكە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ كىمنىڭ ۋېلىسىپىتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوغلۇمنىڭ.

— ۋاي تووۋا، بىرسى بىكارغا بېرىۋەتكەنما؟

— نېمىنى دەيسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.

— ۋېلىسىپىتنى دەۋاتىمەن، يېڭىلا ۋېلىسىپىتكەن. . .

— مۇشۇ كۈندە كىم بىكارغا بىر نېمە بېرىۋېتىدۇ، بەختىياروپكا؟ پۇلغا ئالغان!

— ئەمىسە، نېمە دەپ ئاپتاپقا تاشلاپ قويدىڭىز؟

— ھە، باللارنىڭ قىلىقى بولمامدۇ.

— گەپ باللارنى قانداق ئۆگىتىشتە!

ۋېلىسىپىتنى دەس كۆتۈرۈپ، تامنىڭ تۈۋىگە —سايە يەرگە يۆتكەپ قويدۇم.

— ياق، بولمىدى، ئۇنداق قويمايمىز، دوختۇر ئەپەندىم،— دېدى بەختىياروپ بېشىنى لىڭشىتىپ،— ئاۋۇ پارچە تاختاينىڭ لازىمى بارمۇ؟

— يوق.

— ئەكېلىڭ!

نېرىراقتا تاشلىنىپ تۇرغان تاختاينى ئەكېلىپ بەختىياروپقا سۇندۇم.

— ھە، ئەمدى ۋېلىسىپىتنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرۇڭ.

ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرۈپ تۇردۇم. بەختىياروپ ئېگىشىپ ھېلىقى تاختاينى ئىككى چاقنىڭ ئاستىغا قويدى. ئاندىن قولىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس، — دەپ چۈشەندۇردى ئۇ، — لېكىن سىز بىلەن بىز ئۆز ئادەملەر. تۇرمۇشتا سەرەمجان بولغان ياخشى. پۇلغا ئالغان نەرسىنى بۇنداق تاشلاپ قويسىڭىز، تۆت كۈندىلا كاردىن چىقمامدۇ؟ ۋېلىسىپىت دېگەننى توختاتقاندا، ئاۋۋال غاچ - غۇچ قىلىپ، ئىرىنمەي بىر سۈرتۈۋېتىدىغان گەپ، ئاندىن قۇرۇق، سايە يەردە قويىمىز. چاق تاختاينىڭ ئۈستىدە تۇرسا پاكىز تۇرىدۇ، نەم تارتمايدۇ، تۆمۈرنىڭ دۈشمىنى دات. داتلاشتىمۇ تۈگەشتى، دېگەن گەپ. قانداق دېدىم؟ ئۇشۇقچە گەپ قىلىپ رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟

— ياق، توغرا دېدىڭىز.

بەختىياروپ ھويلىدىكى گۈللەر، پېشايۋاننىڭ ياغاچلىرى، شېخى يېرىلىپ كەتكەن ئالما، ۋەھاكازالار ئۈستىدە بىر مۇنچە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ئاخىر ئۆيگە كىردى. ئايالىم بەختىياروپنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي داستىخان سېلىپ چاي قىلدى. چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق.

— خوش، بەختىياروپكا، يېڭى كېلىن بىلەن خېلى

چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ، قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— رەھمەتلىك رىزۋانگۇلۇمنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ، قىرىغىنىمدا ئەمدى ئۆيلەنمەيلا ئۆتۈپ كېتەرمەن، دېگەن، — دەپ گەپ باشلىدى بەختىياروپ، — ئەمدى قاراڭ، تەقدىر دېگەن باشقا گەپ ئىكەن. بۇ چوكان بىزنىڭ بارىس ھاپلا قىلىپ ئېتىلغان باھانە بىلەن نەق بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلىپ بەرسە بولىدۇ. مانا باھانە - سەۋەب شۇ بولدى. ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولۇپ قالدۇق. يېشىغۇ مەندىن بەك كىچىك ئىكەن، ئەمدى، ياق دەي دېسەم، بېشىغا كەلمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ، يالغۇزلۇق بەك يامان ئىكەن. . . مۇشۇ كۈندە ھەممىلا ئادەمنىڭ بۆرىكى ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ، تېلېۋىزور بىلەن رادىئونى قاچانلا ئاچسىڭىز بۆرەكنى كۈچەيتىش دورىسىنىڭ ئېلانى. . . كوچىدا كېتىپ بارسىڭىز، قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ۋەرەقىلىرىچۇ تېخى، ئېچىپ ئوقۇشقا نومۇس قىلىسىز. . .

تۇرۇپلا بەختىياروپ مۇشۇنداق ھېچ مۇناسىۋەتسىزلا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى. «ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ ئادەم ماڭا مۇشۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى قىلغىلى كىرمىگەندۇ؟ . . . بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق يىراقتىن ئەگىتىپ گەپ قىلىدىغان بىر ئەزمىلىكى بولىدىغان، ھەقىچان دەيدىغان گېپىنى ئۇدۇللا دېيەلمەي بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرامدۇ يا! » دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى. شۇ چاغدا بەختىياروپ تۇيۇقسىزلا:

— ھوي راست، مۇشۇ بارىسنى قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— نېمىنى دەيسىز؟ — دېدىم مەن.
— بارىسنى دەيمەن.
— بارىسقا نېمە بوپتۇ؟
— يېڭى خوتۇن بىلەن مەنغۇ ئەپلىشىپ قالدىم. لېكىنزە، بىزنىڭ بارىس زادى چىقىشالمايۋاتىدۇ.
— قانداق؟
— خوتۇنۇم ئۆيدىن چىقاي دېسىلا، بوسۇغىدا ھۆرپىيىپ خىرىس قىلىپ تۇرغىنى تۇرغان. بىرىنچى قېتىم قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكىمۇ، خوتۇنۇمنىڭ بارىسنى كۆرسىلا چىرايىدا قان قالمايدۇ.
— يېڭى كەلگەن بولغاچقا، يات كۆرۈپ شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن؟
— ئۆگىنىپ قالسۇن، دەپ بىر ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا تۆكۈپ بېرىپمۇ باقتى. ياق، تاماققا قارايدىغاندەكمۇ ئەمەس، خوتۇنۇمغا قاراپ خىرىس قىلغىنى قىلغان. ئاچچىقىدا شۇنداق قىلامدىكىن، يېقىندىن بېرى ھويلىغا كىرگەنلا ئادەمگە ئېتىلىدىغان بولۇۋالدى دېمەمسىز. خۇداغا شۈكۈر، ھازىرغىچە بىرەرسىنى چىشلىۋالمىدى. ئەمدى، ئىت دېگەننىڭ سۈرى بار-دە، ھاپ قىلىپ يۈگۈرسە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دەرۋازىنىڭ ياغچىغا يۆلىنىپلا قالىدىكەن. يېڭى ئايالنى ياكى قوشنا-قولۇملارنىڭ بىرەرسىنى چىشلەپ قويۇپ، كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.
— باغلاپلا قويسىڭىز ئىش پۈتمىدىمۇ؟
— باغلاپ دەمسىز؟... قويۇڭ، بىر-

ئىككى كۈن باغلاپ بېقىۋىدۇق، توختىماي قاۋاپ، قۇلاق - مېڭىمىزنى يەپلا كەتتى. شۇ جانىۋارغىمۇ ھۆرلۈك لازىم - دە!... بۇ بىر نەچچە كۈندىن بىرى خوتۇنۇمنىڭ: «بۇ ئۆيدە يا ئىتىڭىز تۇرسۇن، يا مەن تۇراي!» دەپ جېدەل قىلىۋاتقىنىنى دېمەمسىز. بىرسىگە بېرىۋېتىپلا قۇتۇلاي دەپ، سەھرادىن قوغۇن - تاۋۇز سېتىپ كىرگەن دېھقانلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە ئىككى قېتىم باغلاپ بەردىم. ئىككىلا قېتىمدا تېخى كۈن ئاتلىمايلا قېچىپ كەلدى. تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى دېمەمسىز، بىر تىلەمچى ئۇقۇشمايلا ھويلىغا كىرىپ قالغانىكەن، بىچارىنى تالاپ، چاپىنىنىڭ يېرىم پېشىنى يۇلۇۋاپتۇ. ھىم، بۇ ئىتنى كۆزدىن يوقاتمىسام زادى بولمىغۇدەك، دېگەن يەرگە كېپقالدىم.

— قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلىمىكىن دەيمىنا.

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلىمىكىن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ بىرەر ياردىمىم لازىممىدى؟

— بىر ئەقىل كۆرسىتەمدىكىن دەپ، ئالدىڭىزغا كىرىشىمغۇ، دوختۇر ئەپەندىم. ماڭا قويۇپ بەرسىڭىز، ئۆمرۈمدە بىر قۇشقاچنىمۇ بوغۇزلاپ باققان بەندە ئەمەسمەن...

— ناھايىتى بىر ئىتقۇ! — دېدىم مەن، — بىر پارچە ئۆپكە - قېرىن ياكى جىگەردەك بىر نېمىنى تېپىڭ، ئىچىگە يىڭنىمۇ، مىخمۇ ياكى بولمىسا ئۇششاق ئەينەك پارچىسىنىمۇ تىقىپ، ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاڭ، يەيدۇ - دە، ئاشقازىنى كاردىن چىقىپ، ھەپتە - ئون كۈنگە قالمايلا

ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ.

— ۋاي قويۇڭ، بىچارە بارىسىنىڭ جېنى شۇ نەچچە كۈنگىچە قىينىلىپ نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ تۈگىشىپ كېتەرمەن.

— ئەمىسە، قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئەمدى، سىز دوختۇر بولغاندىكىن، يېسە شۇ زامات قاتۇرۇپلا قويىدىغان دورىلىرىڭىز بولسا بەرسىڭىز دېمەكچىمەن ـ دە، مەن نانغا ياكى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئۆپكە ـ قېرىنغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىۋەتسەم، بىچارە قىينالمايلا كۆزىنى يۇمسا...

بەختىياروپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم:

— هوي، بەختىياروپكا، — دېدىم مەن، — سىز بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىمىزنىڭ قانداق ئورۇنلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىزغۇ دەيمەن؟ بىزدە ئۇنداق زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلەتمەك تۈگۈل ساقلاشمۇ خەتەرلىك. ئۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر شۇنداق غەلىتە ئادەملەركى، قويۇۋېرىڭ، ئادەتتىكى دورىلارنىمۇ هەر كۈنى، دەل ۋاقتىدا، ئۆلچىمى بىلەن ئەكىرىپ بەرمىسىڭىز، دورا دېگەننى چاڭگاللاپ يۇتۇۋېلىپلا ئىش تېرىيدۇ... ئەڭ ياخشىسى، مەن ئىتىڭىزنى ئېتىپلىۋېتەي.

— نېمە دەيسىز؟... دەپ چۆچۈپ كەتتى بەختىياروپ.

— بارىسنى دەيمەن، قوشۇلسىڭىز ۋاڭلا قىلىپ ئېتىۋېتەي.

— سىزدە قورال بارمۇ؟ — دېدى بەختىياروپ

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— مەن نېمە دەۋاتىمەن؟ بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيىنى مېڭىسىنىڭ سۈيى بار ئاغىنىلەر يىغىلغان ئورۇن دېسىڭىز بولىدۇ. قايسى بىر يىلى، كۆزەتتە تۇرغان بىر ئادىمىمىزنى كېچىسى بىر سارالڭ كىرىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن بۇيان، زۆرۈر بولغاندا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىزگە قورال ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنغان.

— لېكىن، سىز دەرۋازىدا تۇرىدىغان كۆزەتچى ئەمەستە! ؟

— كۆزەتچى بولمىساممۇ، ھەر كۈنى شۇ بىنورمال ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۈرىمەن ـ دە. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا، قايسى بىر ساراڭنىڭ خىيالىغا بولمىغۇر خىيال كىرىپ، تۇيۇقسىز ماڭا تاشلانمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

— مۇنداق دەڭ. سىزدىكى قانداق قورال؟ مىلتىقمۇ ياكى...

— قىزىق ئادەم ـ دە، سىز بەختىياروپكا، بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيىدە مىلتىق كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇنمۇ!...

— نېمىشقا؟

— ئەگەر جېنىدىن تويغان بىر تەلۋە شارتتىدە قىلىپ مىلتىقنى تارتىۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ساناتورىيە ۋە پۈتكۈل شەھىرىمىزنىڭ ئىچىدە نېمە قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتەر؟... مەندىكىسى يان قورال — ئەپچىلگىنە تاپانچا. قورالنىڭ گېپىنى كۆرگەنلا ئادەمگە دېگىلى بولمايدۇ، سىزنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن. مانا، كېرەك بولسا ئېلىپ چىقاي. ئىتتىڭىزنى گوملا قىلىپ

ئېتىپ تاشلايلى.

— ياق، توختاڭ! — دېدى بەختىياروپ خۇددى ئۇنىڭ ئىتىنى مەن هازىرلا تاپانچىنى ئاچىقىپ ئېتىۋېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ، — بۇ ئىشنى ئوبدان بىر ئويلىشايلى. بارسىنى ئاتساق قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئاتىمىز. ئوق تەگكەندىن كېيىن قان چىقىدۇ - دە، بىچارە بارسىنىڭ جېنى قانچىلىك قاقشار... ئۇھ، مەن نېمىشقىمۇ شۇ ئىتنى باققاندىمەن، نېمە دەپ يېڭى خوتۇن ئېلىپ يۈرگەندىمەن...

بەختىياروپنىڭ تېخى ئىتنى ئاتماي تۇرۇپلا يۈرىكىنى تۇتۇپ ۋاي - ۋايلىغىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم.

— سىز كۈلىسىز، ئۇكام، — دېدى بەختىياروپ، — نېملا بولمىسۇن، ئۆزى باققان ئىتقا ئادەمنىڭ كۆڭۈل رىشتى باغلىنىپ قالىدىكەن.

— بۇ ئىشنى مۇنداق ئەپلەيمىز، — دەپ چۈشەندۈردۈم ئۇنىڭغا، — سىز ئۆزىڭىز بىر كۈننى بەلگىلەيسىز، تاپانچىغا ئوقنى بەتلەپ، يانچۇققا سېلىپ بارىمەن. ئىتنى زەنجىرلەپ مەھكەم باغلاپ قويىسىز، بولمىسا، تاپانچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى هويلىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرسەك بولمايدۇ - دە! بارسقا ئىچىم ئاغرىيدۇ، دېسىڭىز، ئۇنى باغلاپ بېرىپ، ئۆزىڭىز تالاغا چىقىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئاندىن مەن ئۇنى ۋاڭگىدە قىلىپ ئاتىمەن، ئىش تامام.

— كۈپكۈندۈزدە دېمەكچىمۇ؟... ياق بولمايدۇ. ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قوشنا - قولۇملار يۈگۈرۈپ كىرسە، بارسىنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ

چاغدا مەن خەقنىڭ نەزىرىدە قانداق ئادەم بوپقالىمەن! ؟
— ئەمىسە كېچىسى، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاتايلى.
— مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت دوختۇر ئەپەندىم، نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئىتنى ھويلىدا ئاتساق بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— شۇ بارىسنىڭ قېنى ھويلىغا تۆكۈلمىسۇن دەيمىنا!
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟
— مېنىڭچە، مۇنداق قىلساق، دوختۇر ئەپەندىم، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ كەينى كەگرى كەتكەن ئېتىز، ۋاقتىڭىز يەتكەن بىر كۈنــــى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، تاپانچىڭىزنى بېلىڭىزگە قىستۇرۇپ بېرىڭ، مەن داستىخان ھازىرلاپ، سىزنى ئوبدان بىر مېھمان قىلاي. سىز ئېيتقاندەك، يېرىم كېچىگــچە چىــــرايلىــــقچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى. ئەل ياتقاندا ئاستا ئىتنى يېتىلەپ چىقىپ، ئېتىزلىقتىكى بىر دەرەخكە مەھكەم باغلاپ قويۇپ كىرەي. سىز چىقىڭ ـ دە، گومىدە ئېتىپ تاشلاڭ.
— بارىسنىڭ ئۆلۈكــــنــــمۇ شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىۋېرىدىغان گەپمۇ ياكى ئۆزىڭىز يىغىشتۇرۇۋالامسىز؟
— خۇدايىم ساقلىسۇن، مەن ئۇ بىچارىنىڭ ئۆلۈكىگە يېقىن يولىماي!
— ئەمىسە. . .
— ماڭا قاراڭ، دوختۇر ئەپەندىم، بارىسنىــــڭ ئۆلۈكىنى ئوچۇقچىلىقتا تاشلاپ قويساق، ئەتىسىلا خەق كۆرۈپ گەپ بولىدۇ دەڭە. شۇ كۈنى ئىشەنچلىكرەك بىر بۇرادەرنىمۇ باشلىغاچ بېرىڭ. بارىسنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈۋەتسۇن، ھەققىنى مەن بېرەي.

ئىشقىلىپ، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي ھەممىنى پاك ـ پاكىز يىغىشتۇرۇڭلار، نېمە قىلغىنىڭلارنى كۆزۈمگە كۆرمىسۇن. ئەتىسى خەق سورىسا، ئىتنى بىرسىگە بېرىۋەتتىملا دەيمەن، پۈتتى.

*　　　*　　　*

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بەختىياروپتىن ئىككىنچى خەت ئالدىم: «دوختۇر ئەپەندىم،— دەپ يېزىپتۇ ئۇ،— ھېلىقى مېھماندارچىلىقتا مۇمكىن بولسا، بۈگۈن كەچتە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز، بىرەر بۇرادەرنىمۇ باشلىغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماسسىز. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. رەھمىتىمنى كېيىن ئايرىم ئېيتارمەن.»

بۇ مېھماندارچىلىققا كىمنى باشلاپ بارسام بولار، دەپ ئۇزاق ئويلاندىم. تۇيۇقسىز يادىمغا كوچىمىزنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدىغان جېلىل دېگەن يىگىت كېلىپ قالدى. جېلىلنى مەھەللىمىزدە بەختىياروپتىن قالسىلا ئىككىنچى مەشھۇر شەخس دېيىشكىمۇ بولىدۇ. قىلىدىغان تىجارىتى — ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى يوغان تەڭنىدە بىر تەڭنە قوي پاچىقىنى پىشۇرۇپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئاچىقىپ ساتىدۇ. ئۇنىڭ پاچاقنى قانداق ھۈنەر بىلەن پىشۇرىدىغىنىنى بىلمەيمەن، قولىڭىزغا ئالسىڭىز، ساپسېرىق، تىتىرەپ تۇرىدۇ؛ چاينىماي شورىسىڭىزمۇ گېلىڭىزدىن غىرتلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، لەززىتى ئاغزىڭىزدىلا قالىدۇ. شۇڭا ئۇنى «جېلىل پاچاق» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق. جېلىل بىر تەڭنە پاچاقنى بىر سائەت ئىچىدىلا

پۇل قىلىپ، قالدى ـ قانتى سۆڭەكلەرنى يىغىپ ئۆيگە ئاپىرىپ ئىت باقىدۇ. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا ئىت بازىرىدىن كەلمەي ئىت ئېلىپ، ئىت ساتىدۇ. «توغرا، بەختىياروپنىڭ مېھمانچىلىقىغا مېھمان قىلىپ ئاپىرىشقا جىلىل پاچاقتىنمۇ مۇۋاپىق ئادەم بولماس» دېدىم ـ دە، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، بەختىياروپ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان گەپنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتتىم.

— نېمە دەيدىغانسىز؟! — دېدى جىلىل پاچاق ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ، — بەختىياروپنىڭ ھېلىقى ئاپشاركىسىنى ئېتىۋېتىمىز، دەمسىز؟

— شۇنداق ئۇكا. ئۇ ئىت ھويلىغا كىرگەنلىكى ئادەمنى تالاپ، يامان بوپكەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئىتنى مەن ئاتمەن، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى ئاپىرىپ كۆمۈۋېتەمسەن يا تېرىسىنى سويۇۋېلىپ بىرەرسىگە ساتامسەن، ئىشقىلىپ كۆزدىن يوقاتساڭلا بولدى. تېگىشلىك ھەققىڭنى بەختىياروپتىن ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن.

— توۋا! — دېدى جىلىل پاچاق، — ئىتنى ئېتىۋېتىڭلار، دېگەن گەپنى بەختىياروپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىمۇ؟

— سېنىڭچە، مەن سېنى ئالاھىدە چاقىرتىپ كېلىپ يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن ـ دە!؟

— يا ئەمدى دەيمىنا، بەختىياروپ بۇ ئىتنى بەك ئاززۇلاپ باققانتى ـ دە!... شۇ ئادىمىڭىزنىڭ ئېسى جايىدىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ . . . مانا، بىر ـ ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا بەختىياروپ ئۆزى مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ، ئاشۇ سەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئاغزى بىلەن شۇ گەپلەرنى قىلدى. بۈگۈن ئەتىگەن يەنە خەت كىرگۈزۈپ، «هېلىقى ئىتنى ئاتىدىغان ئىشنى بىر نېمە قىلساق» دېگەن گەپلەرنى يېزىپتۇ. بەختىياروپ كەچتە داستىخان راسلاپ بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، دېگەن گەپ.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى جېلىل پاچاق، — سىلەر كادىر خەقلەر غەلىتە ئادەملەركەنسلەر ـ دە، تېخى ئادەم چىشلىمىگەن بىر ئوبدان ئىتنى ئادەم چىشلىۋالىدۇ، دەپمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بارمۇ! ؟ . . . بازارغا ئەكىرسىڭىز تۆت ـ بەش مىڭ سومغا ئالىدىغان ئىت ئاۋۇ!

— نېمە دېدىڭ؟ . . . ئاشۇ بىر ئىتنى شۇنچىۋالا پۇلغا ئالارمۇ؟ ! — دېدىم مەن هەيران بولۇپ.

— ئۇ دېگەن ساپ ئاپشاركا نەسلىدىن بولغان ئېسىل ئىتتە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم ـ دە:

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئۇنداق يامان ئىتلارنىڭ غالجىر بولۇپ قالىدىغان ئىشلىرى بار. ناۋادا شۇنداق بوپقېلىپ، قوشنا ـ قولۇملاردىن بىرەرسىنى چىشلەپ قويسا، بەختىياروپكامغا تۈگىمەسلا باش ئاغرىقى بولىدىغان گەپ. . .

— ماڭا قاراڭ، ئاكا، — گېپىمنى تارتىۋالدى جېلىل پاچاق، — مەن بىلىمەن، بەختىياروپ ئۇ ئىتنى پىششىق تاماق بېرىپ باققان، پىشقان ئاش يەپ يۈرگەن ئىتنىڭ غالجىر بولغىنىنى كىم كۆرگەن؟ مانا بىز ئىت بىلەن

ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەرغۇ.
— ئۇنىڭ ئۈستىگە... گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىت بەختىياروپنىڭ يېگى ئالغان خوتۇنىغىمۇ خىرىس قىلىپ زادى ئارامىنى قويمايۋاتقان ئوخشايدۇ.
— ھە، گەپ مەيەردە دەگە؟... — دەپ ئويلىنىپ قالدى جېلىل پاچاق، — ياش خوتۇن ئېلىۋالغان قېرىلارغا قويۇپ بەرسىگىز، خوتۇنى ئاناڭنى ئۆلتۈرۈۋەت، دېسىمۇ، بەزىلىرى بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. بوپتۇ، بۇگۈن بەختىيارو پنىڭ ئۆيىگە بارساق بارايلى. ئۆمرىدە بىر ئادەمگە بىر چىنە قايناقسۇنى ئوشۇق قۇيمايدىغان ئادەمنىڭ بىزگە ھاجىتى چۈشكەندىكىن مېھمان قىلسا قىلسۇن، ئىتىنى ئىتىمىزغا ئاچىقىپ باغلاپ بەرسە بەرسۇن. بەختىياروپ بېشىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرمىغاندىكىن، سىز ئاسمانغا قارىتىپ، «پاڭ - پۇڭ!» قىلىپ بىر - ئىككى پاي ئېتىڭ، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. ئوغرىلىغان ئىتنى كاڭشىتماي جۆندەيدىغان قالتىس ئەسۋابلىرىمىز بار، بېشىغا كەيدۈرىمەن - دە، ئاستا يېتىلەپ ماڭىمەن. يەكشەنبە بازارغا ئاپىرىپ ئۆزۈم نەق پۇل قىلىمەن. تۆت - بەش مىڭغا ئالمىسىمۇ، ئىككى - ئۈچ مىڭغا ئالار. مۇشۇ كۈندە ئىككى - ئۈچ مىڭ دېگەنمۇ ئاز پۇلمۇ!
جېلىل پاچاقنىڭ بۇ گېپى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم - دە:
— ھوي، ئۇنداق قىلساق چېنىپ قالارمىكىن؟ — دېدىم.
— نېمىسى چاندۇ؟! — دېدى جېلىل پاچاق

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئىت دېگەن كوچىدا مىنىپ يۈرۈيدىغان ئات ئەمەستە ئىگىسى تونۇۋالىدۇ دەيدىغانغا. ئىتنى ئالغان ئادەم هويلىسىغا ئەكىرىپ باغلاپ باقىدۇ. بەختىياروپ بۇ شەھەردىكى جىمى ئادەمنىڭ هويلىسىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەمتى؟ قانچىگە ساتسام، يېرىم پۇلنى ئالدىڭىزغا نەقلا قويىمەن.

هەي . . . ي . . . پۇل دېگەن يامان نېمە ـ دە! جېلىل پاچاقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بوشاپ كەتتىم. ئەگەر ئىككى مىڭ سومغا سېتىلسا، مىڭ سوم، ئۈچ مىڭغا سېتىلسا، بىر يېرىم مىڭ سوم، بازىرى چىقىپ تۆت مىڭغا سېتىلىپ قالسا، نەق ئىككى مىڭ سوم مېنىڭ بولىدۇ، دېگەن پىكىر كاللامدىن چاقناپ ئۆتتى.

— ئۇكا، گېپىڭىزغۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. . . — دېدىم مەن، — بىر ئوبدان ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۇۋالىغىمۇ قالىمىز دېگىنە. بىراق بەختىياروپ ناھايىتىمۇ زىل ئادەم، كېيىنكى كۈنلۈكتە ئىتنى ئاتماي، سېتىپ پۇلنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ قالسا، تۇگىمەسلا گەپكە قالىمىز. ساتساڭمۇ ئىتنى يىراقىراق بىر يەرلەرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئادەملەرگە ساتارسەن.

— بولدى، ئۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولىڭە ئاكا، — دەپ گەپنى ئۈزدى جېلىل.

* * *

كەچكە يېقىن بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. بەختىياروپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— خۇشخەر، قەدىمىڭلارغا مۇبارەك، — دېدى بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ.

— بۇ ئىنىمىزنى تونۇيدىغانسىز؟ — دېدىم جېلىل پاچاقنى كۆرسىتىپ.

— نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى بەختىياروپ، — مەھەللىمىزنىڭ يىگىتى تۇرسا، قېنى ئۆيگە، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار!

دەرۋازىدىن كىرىشىمىز بىلەن، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا زەنجىرلەپ باغلاپ قويۇلغان بارىسنىڭ قەھرى بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالدى.

— ياپىرەي، — دېدى جېلىل پاچاق، — راست ئەجەب يامان ئىتكىنا بۇ، ھېلىمۇ ياخشى باغلاپ قويۇپتىكەنسىز.

— سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، پاچاقتىنلا ئالمىسۇن دېدىم ـ دە، ئۇكا! — دەپ كۈلدى بەختىياروپ.

جېلىلنىڭ «پاچاق» لەقىمىگە كەلتۈرۈپ قىلىنغان بۇ ئەپچىل چاقچاقنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. بەختىياروپنى بۇنداق ئەپلىك چاقچاق قىلالايدۇ، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

بەختىياروپنىڭ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھويلىسىدىن ئۆتۈپ، زەنجىرنى ئۇزۇۋېتكۇدەك ئەلپازدا بىزگە قاراپ يۇلقۇنۇپ قاۋاۋاتقان بارىسقا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىۋالدۇق. بەختىياروپ بىلەن شۇنچە يىل سالام ـ سەھەت قىلىشىپ يۈرۈپمۇ بىر پۈرسىتى بولمىغاچقا، ئۆيگە كىرىپ باقمىغانىكەنمەن. ئۆي ئىچىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇرۇنقى ھاللىق ئادەملەر سالدۇرغان ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەردىن بولۇپ،

ئەينەكلىك ئىشكاپ، تامدىكى ئويۇقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمىي پىگىلار، چىنە ـ قاچا، گۈللۈك تاۋاق، چوڭ ـ كىچىك تەخسىلەر بىلەن تولغانىدى. پۇختا ياغاچلاردا ياسىلىپ، چىلانرەڭ سىرلانغان ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلاردا ئۆز ۋاقتىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نازۇك ھۈنەرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىشكاپ، ئويۇقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە چېكىلگەن گۈللەر، تام ـ تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قايسىبىر زامانلاردا رۇس يېرىدىن كىرگەن گۈللۈك پەتنۇس، چوڭ ـ كىچىك ساماۋەرلەر تېخى سىرلىرى خىرەلەشمەي يالتىراپ تۇراتتى. بۇ كونا زاماننىڭ جابدۇقلىرى بەختىياروپقا مۇشۇنداق سەرەمجان ئادەمنىڭ قولىدا بولغاچقىلا، ھازىرغىچە ئىسكەتىنى يوقاتماي كەلگەنىدى. ھەممە نەرسە پاكىزلىقى، ئېسىللىقى، قەدىمىيلىكى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. بەختىياروپ يەنە تاراقلاپ، سۇرۇلۇپ پولنىڭ سىرىنى چۇشۇرۇۋەتمىسۇن، دەپ ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتلىرىغا يۇمشاق رېزىنكە پارچىلىرىنى قېقىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى. پەردىلەر يېرىم چۇشۇرۇلگەن دېرىزىلەردىكى گۈل تەشتەكلىرى غالتەكلىك يىپ ئىشلىتىدىغان يىللاردىن قالغان يىپ غالتەكلىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى.

— قېنى، قېنى، ئاياغ كىيىملەرنى مانا بۇ يەرگە، چاپان ـ چاپانلارنى ماۋۇ جازىغا ئاسايلى . . . ھە، خوش، باش كىيىملەرنىمۇ ئېلىۋېتىڭلار، ھە، مانا بۇ يەرگە . . . — دەپ بەختىياروپ بىزنى يېشىندۇرۇپ،

ھەممە نەرسىنى جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، داستىخانغا باشلىدى، — قېنى ئۆكام، سىز ماۋۇ ئورۇندۇققا كېلىڭ! — دېدى ئۇ نەدە ئولتۇرۇشنى بىلمەي ئالدى - كەينىگە مېڭىپ پىرقىراپ قالغان جېلىل پاچاققا قاراپ، — سىز دوختۇر ئەپەندىم، چوڭ بولغاندىكىن يۇقىرىراق ئولتۇرۇڭ. . . ياق، سىز دېگەن مېھمان ئەمەسمۇ، مانا مەن مەيەردە ئولتۇرىمەن.

بەختىياروپ ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا دىكىلداپ مېڭىپ يۈرۈپ، داستىخانغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ تىزغىلى تۇردى. ئاۋۋال ئوتتۇرىغا يوغان چىنە تاۋاقتا بىر چىنە ھورى چىقىپ تۇرغان قورداقنى قويدى. تاۋاقنىڭ ئەتراپىغا چوڭ - كىچىك تەخسىلەردىكى ھەر خىل سوغۇق، پىششىق سەيلەرنى رەت - رېتى بىلەن تىزدى.

— بولدى، بولدى، بەختىياروپكا، بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز، ئايال ئۆيدە يوقمۇ، قانداق؟ — دېيىشتۇق بىز.

— بار، بار، — دېدى بەختىياروپ نان ئوشتۇپ، چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى بۇ ئۆيگە تېخى يېڭىياچى ئەمەسمۇ، ئالدىڭلارغا كىرىشتىن خىجىل بولۇۋاتىدۇ. قېنى خوش، تاماق ئالايلى!

— بەختىياروپكا، مۇنچىۋالا سەينى قورۇۋەتكىنىڭىز-گە قارىغاندا، ئانچە - مۇنچە ئىچىپمۇ قويامدۇق، قانداق؟ — دېدى جېلىل پاچاق.

— ئىچمەمدىغان ئۆكا، — دېدى بەختىياروپ، — بولمىسا تۈننى قانداق يېرىم قىلىمىز؟ ئاۋۋال ئازراق تاماق يەپ قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى!

بەختىياروپ بىر ئىشكاپىنىڭ ئالدىداق يەرلىرىنى تاراقشىتىپ ئېچىپ، بوتۇلكىلارنى چىقارغىلى تۇردى.

— ماناماۋۇ سىلەرگە ئاتاپ ئەكەلگەن ئىلى ئالمىي هارىقى، ماۋۇ ئىلى داچۇ، ماۋۇ قايىشتىمىز يىلى سوۋېتتىن كەلگەن مېهمان سوۋغات قىلغان ۋوتكا... ماۋۇ... ماۋۇسى ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ يېڭى ئايالنىڭ دوستلىرى كەلگەندە قويۇپ بەرگەن قىزىل گۈل هارىقى... قېنى ئۇكام، ياش بولغاندىكىن، هاراقنى سىز قويۇپ بېرىڭ!... مېنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مۇشۇنداق مۆرىتى كەلگەندە ئېغىز تېگىپ قويىمىسام، ئادەتتە بۇ نېمىنى ئانچە ئىچىپمۇ كەتمەيمەن. بوپتۇ، قاتاردا مەنمۇ بىر ـ ئىككى رومكا ئىچىپ قوياي، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ، جېلىل پاچاقنىڭ ئالدىغا ئېگىز پۇتلۇق بىر رومكا بىلەن بىر قانچە بوتۇلكا تىكلەندى. تاماق يېگەچ بىر ـ ئىككى رۇمكىدىن ئىچتۇق. هويلىدا باغلاقلىق تۇرغان بارس يات ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىماي هاۋشىۋاتاتتى. ئىتنىڭ قاۋىغىنى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرغاچقىمۇ، گېپىمىزمۇ ئىت ئۈستىدىلا بولغىلى تۇردى. بايا بىزنىڭ ئۆيدە بەختىيارو‌پنىڭ ئىتىنى ماختاپ هالى قالمىغان جېلىل پاچاق ئازراق ئىچىۋېلىپلا بارسنى يامانلىغىلى تۇردى:

— كاساپەت، خۇي ـ پەيلى تازىمۇ يامان ئىتكەن بۇ! — دېدى جېلىل پاچاق، — مانا مەن ئىت بازىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنغۇ، مۇنداق يامان ئىتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. خۇدايىم ساقلىسۇن، قىش كېلىپ، سوغۇق چۈشسە، مۇنداق يامان ئىتلار بىر باشتىن غالجىر

بولغىلى تۇربدۇ ــ مۇنداق يامان ئىتنى ئېتىپلىۋېتىپ كۆزدىن يوقاتقان تۈزۈك . . .

«تويا! ــ دېدىم ئىچىمدە، ــ ماۋۇ پاچاق ھېلى بىزنىڭ ئۆيدە پىششىق تاماق يېگەن ئىت غالجىر بولمايدۇ، دەۋاتاتتى، ئەمدى دەپ ئۆلتۈرغان گېپىنى» .

ــ شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، مانا سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ ئۆلتۈرۈشۇمغۇ، ــ دېدى بەختىياروپ. ئۇ بىر رومكا هاراق ئىچىپلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، ــ قېنى سەيلەردىن ئېلىڭلار . ياق، ياق، ئۇكا، ماڭا ئارىلاپ بىرەر رومكا قۇيسىڭىزلا بولىدۇ. سىلەر بىلەن تەڭ ئىچەلمەيمەن .

ــ بوپتۇ، سىزنىڭ ئۆچرىتىڭىزنى مەن ئىچىۋېتەي، ــ بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى جېلىل پاچاق، ــ هازىر پۇل تاپقان غوجاملار ئۆيىمۇ ئۆي ئىت باقىدىغان بولۇۋالدى. هۆكۈمەتنىڭمۇ كارى يوقمىكىن، خۇداغا ئامانەت! ئەگەر غالجىر كېسىلى تارقاپ كېتىدىغان بولسا . . . سىلەر ئىت بازىرىغا بېرىپ باقمىدىڭلارغۇ دەيمەن؟

ــ تويا، هازىر ئىتلار ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بىر بازار ئېچىلدىما؟ ــ دېدى بەختىياروپ هەيران بولۇپ .

ــ بولمىسا، سىزنىڭ بۇ ئىتىڭىز نەدىن كېپقالغان؟

ــ هە، بارىسىنى دەمسىز؟ ئۇنى ماڭا ساقچىدا ئىشلەيدىغان بىر بۇرادىرىم ئەكېلىپ بەرگەن .

ــ مانا، ئىت بازىرىغا بارساڭلار قىزىقچىلىق دېگەننى شۇ يەردە كۆرىسىلەر. ئىت باھاسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ : تويا، جاھان نېمە

بوپكېتىۋاتىدۇ، دەپ قالىسلەر. ھەر ەچوڭ بايلار، پۇزۇر كىيىنگەن بايۋەتچىلەر، كالپۇكىنى ئالۇچىدەك بويىۋالغان خېنىملار پۇل دېگەننى شاراقشىتىپ ساناپ، سېتىۋالغان ئېتلىرىنى پارقىراپ تۇرغان قوڭغوز پىكاپلىرىغا سېلىپ غۇيۇلداپ ماڭسا، بىر سوم تۆلەپ خادىك ھارۋىغىمۇ چۈشەلمەيدىغان بىچارىلەر ھاڭۋېقىپ قاراپلا قېلىشىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ، مۇشۇ كۈندە ئىتقا قارىغاندا، ئادەمنىڭ ھېچ ئېتىبارى قالمايۋاتامدۇ، قانداق، دەپ قالىمەن. . . راست ـ دە، ئىت بولساڭ مۇشۇ كۈندە كوچىدا تەمتىرەپ يۈرۈيدىغانمۇ ئىش يوق، ئىسسىق بىر ئۆيگە بارىسەن، خوجايىنىڭ ئالدىڭغا قويۇپ بەرگەن سۈتنى ئىچىپ، سۆڭەكنى غاجىلاپ لاغايلاپ يۈرىسەن. يات بىرەرسى كىرىپ قالسا، ئانچە ـ مۇنچە قاۋاپ قويساڭ، باققان ئادىمىڭنى كۆرگەندە قۇيرۇقۇڭنى شىپاڭشىتىپ ئەركىلەپ تۇرساڭ بولغىنى. نېمىدېگەن ئوبدان ئىش. . . مانا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتىمەن، نەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ، جان باققۇدەك تۈزۈك بىر ئىشنى تاپالماي، ئاخىر پاچاقچىلىققا تۇردۇم. تاڭ يورۇماستىنلا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قۇشخانىغا يۈگۈرەيمەن. تاغاردا يۈدۈپ كەلگەن پاچاقنى ئۈكلەۋاتقان، تازىلاۋاتقان، تۈگىمەسلا بىر مۇشەققەت. ئاخىردا ئاشقان ـ تاشقان ئۇستىخانلارنى يىغىپ كېلىپ يەنە ئىت باقىمەن . . . ھاراقنىڭ ئۆچرىتى يەنە سىزگە كېلىپ قالدى بەختىياروپكا.

— مېنى سەل ئاياڭلار ئۇكا. . . بوپتۇ، ئەكېلىڭە، قولىڭىزنى قايتۇرماي ئىچىۋېتەي.

بەختىياروپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھاراقنى يۇتۇپ،

بىر چوكا سەي ئالدى ـ دە:

— ئۇكا، بىزنىڭ مۇشۇ بارىسنى سىز دېگەن بازارغا ئاپارسا، قانچىگە ئالار؟ — دەپ سورىدى.

«ھىم، توختىماي ۋالاقلاۋېرىپ يوق ئىشنى بەختىياروپىنىڭ ئېسىگە سالدىڭ ـ دە، پاچاق، — ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئەمدى ئىتنى سېتىپ، پۇلىنى بۆلۈشىدىغان ئىشمۇ سۇغا چىلىشىدىغان بولدى.»

— ھويلىڭىزدىكى ماۋۇ ئىتنى دەمسىز؟ — دېدى جېلىل پاچاق، — مۇنداق ئىتنى ھازىر پۇلغا ئالامدۇ، ئاكا.

— نېمىشقا؟!

— مۇنداق ئاپشاركا باقىدىغان ئىش ھازىر مودىدىن قالدى.

— ھازىر قانداق ئىت باقىدىكەن؟

— ھازىر ئىت دېگەننىڭ كۆرۈنۈشى قانچە غەلىتە بولسا، شۇنچە پۇل بولۇۋاتىدۇ... مانا مەن ئۆچرىتىمنى ئىچىۋەتتىم ـ ھە!... بازارغا بىر بېرىپ كۆرۈڭلار، دېگىنىم شۇغۇ. توكى يەردە سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان يۇڭلۇق ئىتلار، يىلاندەك سىلىق تايغانلار، ئالىچىپار بىر نېمىلەر، چەتنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ ماكچايتىۋەتكەندەك غەلىتە ئىتلىرى، يەر بىلەن تەڭ ئۆمىلەپ يۈرىدىغان پىستىلەر... مانا، بارساڭلار ئاجايىپ ـ غارايىپنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردە كۆرىسىلەر. ئاپشاركا دېگىنىڭىز ھازىر ئىتقا ھېسابمۇ!؟...

— ياق، ئۇكا، سىز ئىت تونۇمايدىكەنسىز، — دەپ سەل رەنجىگەندەك بولدى بەختىياروپ، — بايا دېدىمغۇ،

بىزنىڭ بارىس دېگەن ساقچى ئىتلىرىنىڭ نەسلىدىن.
— ياق، ياق، ئاكا، مانا مېنىڭ ئىت بازىرىغا ئارىلىشىۋاتقىنىمغا ئىككى يىلچە بولدىغۇ. بۇ ئىتىڭىزنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بولسىڭىز، قاراپمۇ قويمايدۇ. خەق دېگەن ئىتىڭىزنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ دېلو ئېنىقلىمايدۇ - دە!
— پاچىقى ئۇزۇن ئىتلارنىڭ بازىرى يوق دېگىنە؟ — دېدىم مەن جېلىل پاچاق بىلەن بەختىياروپنىڭ تالاش - تارتىشىنى چاقچاققا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ. لېكىن جېلىل پاچاق «ياق، ياق» دەپ ئۆزىنىڭكىلا گېپىنى راست قىلغىلى تۇردى:
— ياق، ياق، ئاكا، پاچاققا قاراپ ئىت ئالىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتــــى. بازاردا پۇل بولۇۋاتقان بەزى ئىتلارنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ، ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بولغان بىر نېمىمۇ بۇ نېمە؟ دەپ قالىمەن. كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، ھازىر چەت ئەللەردە ئادەمنىڭ بارمىقىچىلىك كېلىدىغان كىچىك ئىتلار بارمىش. پۇلى بار غوجاملار ئۇنى پۇل سالغان يانچۇقىغا باغلاپ قويغۇدەك. . . بەختىياروپكامنىڭ ماۋۇ ئىتىنى ئەمدى سويۇپ تېرىسىنــى ساتسا ئۇن - يىگىرمە كويغا ئالامدىكىن. . .
— ھېلىقى بارماقچىلىك ئىتىڭىزنى سويۇپ ساتسا، تېرىسىنى بىر تىيىنگىمۇ ئالماس!
— ئۇ بارماقچىلىك ئىت نېمە يەيدىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— ھەقىچان نان چايناپ بېرەمدىكىــن! — دېدى

بەختىياروپ.

— ياق، ياق، — دېدى جېلىل پاچاق، — ئۇنداق ئىتلارنىڭ يەيدىغان نېمىلىرىنى ساتىدىغان ئالاھىدە ماگىزىنلار بارمىش. . . يەنە نەدە دەيدۇ، بىر يەردە بىر ئارال بار ئىكەن، ھېلىقى ئارالنىڭ ئىتلىرى ئاتتەك يوغان بولارمىش. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىتلارنى ئېگەرلەپ مىنىپ، بىكار تۇرماي ئوغلاق تارتقۇدەك. . . ئو - ئو - ئوغلاق تا - تا - تارتقۇدەك. . .

جېلىل پاچاق كېكەچلىگىلى تۇردى. نېمە بولدىكىن، دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ، مەنمۇ تۇرۇپلا قالدىم. ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەردەك چىرايلىق بىر چوكان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالام، ياخشىمۇ سىلەر؟

— ھوي، سىز تېخى ئۇخلىمىدىڭىزما؟ ! — دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بەختىياروپ، — سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ مېنىڭ يېڭى ئايالىم بولىدۇ. ئىسمى . . . ئىسمى. . . — بەختىياروپ ئايالىنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى، — ئىسمى. . . ھە، بۇ ئىنىلىرىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ماۋۇ دوختۇر ئىنىمىز روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسىدە ئىشلەيدۇ، مېڭىسىنىڭ دەردى بار ھەر قانداق ئادەمنى بىردەمدىلا ساقايتىدۇ. ماۋۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى جېلىل، پاچاق ئېلىپ، پاچاق ساتىدۇ. . .

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز ! ؟

— چۆچۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى بەختىياروپ، — ئادەمنىڭ پاچىقىنى ساتامدىكىن، دەپ قالدىڭىزمۇ،

قانداق؟ قوينىڭ پاچىقىنى پىشۇرۇپ ساتىدۇ، قوينىڭ.
— مۇنداق دەڭە،— دەپ كۈلۈپ كەتتى بەختىياروپ-نىڭ ئايالى،— يەنە سۈيۈق - سەلەڭ بىر نېمە قىلىپ بېرەيمۇ قانداق؟
— ياق، تاماق يېتەرلىك بولدى، ئاۋارە بولماڭ! — دېيىشتۇق.
— كۆڭلۈڭلار بىر نېمە تارتقۇدەك بولسا، تارتىنماڭلار،— دېدى بەختىياروپ،— بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ.
— رەھمەت، بۇ سىڭلىممۇ ئارام ئالسۇن! — دېدىم.
بەختىياروپنىڭ ئايالى:
— ئەمىسە، چېيىڭلارنى بىر يەڭگۈشلىۋېتەي! — دېدى - دە، يوتىسىنى تىزىمىزغا سۈركەپ تۇرۇپ بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى.
— پاھ، بەختىياروپكا، — دېدى جېلىل پاچاق، — ئىتتىن تەلىيىڭىز بولمىغىنى بىلەن، خوتۇندىن تەلىيىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ!
— رەھمەت! — دېدى بەختىياروپ، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ئۇكا، سىزنىڭ مۇشۇ بارىس توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىز تازا ئادىل بولمىدى جۇمۇ. بارىسمۇ ئۇنداق - مۇنداق ئىتلاردىن ئەمەس. بارىسنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دېگىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتسام، ھەي . . . ي، دەپ كەلسەم گەپ تولا. . . توۋا دەيمەن، ئەشەنسەڭلار، مۇشۇ بارىسنىڭ چىرايى بارغانسېرى رەھمەتلىك ئاكامغىلا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. . .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ جېلىل پاچاق ئىككىمىز نېمە

دەيدىغاندۇ؟ دەپ بەختىياروپنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدۇق.

— دادام رەھمەتلىك سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپقان ئادەمكەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بەختىياروپ، — لېكىن بىز دادىمىزدىن بەك كىچىك ئايرىلىپ قالغان. دادام ھەج قىلىپ كېلەي، دەپ بىر كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىگەنىكەن. ئانام بىچارە دادامنى مانا كېلەر، ئەنە كېلەر، دەپ كۈتۈپ بىر ئۆمۈر تول ئۆتكەن. ھازىر ئويلىسام، ئانام خېلى پۇختا ئايالكەن. ئۆي - بىساتنى بۇزۇپ - چاچماي، قولىدا بارىنى تېجەپ خىراجەت قىلىپ، بىزنى قاتارغا قاتتى. ئاكامنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ، ئۆيىنى ئايرىپ قويدى. مېنى ئوقۇتتى، ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيدۈرۈپ تەربىيە قىلدى. شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن، مانا ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىدىم. ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز قولۇمدا ئۇزاتتىم. لېكىن، شۇ ئاكامزە، بىر ئۆمۈر ئىشنى ئىلگىرى باسماي كەمبەغەلچىلىكتىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئاكام رەھمەتلىك خوتۇنۇم رىزۋانگۇلگە شۇنداق ئۆچ ئىدى. ئۇ خوتۇنمۇ ئاكام كەلگۈدەك بولسا چىرايىنى ئاچماي، بىر چىنە چايمۇ قۇيمايتتى. كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزمۇ بىر - بىرىمىزنى كۆرسەك ئىت - مۇشۈكتەك ھۈرپىيىشىدىغان بولۇپ كەتتۇق. جاھان دېگەن شۇنداقكەن، بولمىسا بىر قورساقتا يېتىپ، بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قېرىنداشلار. نېمە گەپ دېسەڭلار ئاكام قورسىقىدا، ئانامدىن قالغان ھەممە دۇنيانى ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىسىپ يېتىپ، ئۆزۈڭنىڭلا

قىلىۋېلىشتىڭ، دېمەكچى. مەن: ئانام سېنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ چىقىرىۋەتكەن، ھەققىڭ توگىگەن، دەيمەن. شۇ دەتالاش. مانا كۆردۈڭلار، ئانامدىن قالغان قىل چاغلىق نەرسىنى تەۋرەتكىنىم يوق، ھەممىنى تەۋررۈك، دەپ ساقلاپ، ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىمەن. لېكىنزە، شۇ كەمبەغەلنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ چاقىرىپ ياخشى گەپ قىلىپ: «كەل، ماۋۇ بىر چىنە چاينى بولسىمۇ تەڭ ئىچەيلى» دېمەپتىمەن. شۇڭا بىچارە ئاكام: «ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ يۈرۈپلا ئۆزى ئۆلۈپ كەتتى. يەنە ئۇرۇق - تۇغقان دېگەن تۇرۇپلا ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالىدىكەن. بىر - ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئاكام قاپىقىنى تۈرۈپ دىۋەيلىگىنىچە ئالدىمدا تۇرغۇدەك، بىر تۇرۇپ ئاكام ئەمەسكەن، بارىسكەن دېگۇدەكمەن، بارىس چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. ماۋۇ يېڭى ئايالىم تالاغا چىقالماي ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، بارىس بوسۇغىدىلا خۇددى چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. زەن سالسام، بارىسنىڭ چىرايى رەھمەتلىك ئاكامنىڭ چىرايىغا شۇنداق ئوخشاپ قاپتۇكى، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى...

جېلىل پاچاقنىڭ سەل ئىچى پۇشتىمۇ:

— كۆزىڭىزگە شۇنداق كۆرۈنگەندۇ، بەختىيارويكا، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئانچە - مۇنچە دۇئا تەلەپ قىلىپ قالىدۇ، دېگەن

گەپ بار. ئاكىڭىزنىڭ تولا چۈشىڭىزگە كىــــرىشـــى شۈنىڭدىنمىكىن. تىرىكىدە ھالىدىن خەۋەر ئالالمــغان بولسىڭىز، ھېلىھەم بولسىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ياغ پۇرىتىپ، سەدىقە ـ پەدىقە بېرىپ، ئاكىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرۇپ قويۇڭ. روھى بولسىمۇ خۇش بوپقالىدۇ. . . ھاراق كىمگە كەلگەنتا؟

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — دېدىم مەن، — ھاراقنى ئىچىۋېرىپ ئىتنى ئاتىمىز، دەپ باشقا بىر نېمىنى ئېتىپ قويمايلى، قوپۇپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرمەيلىمۇ.

— شۇنداق قىلامدۇق؟ — دېدى بەختىياروپ، — ئەمىسە سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئىتنى ئەپچىقىپ باغلاپ قويۇپ كىرەي.

— زەنجىرنى قىسقىراق قىلىپ باغلاڭ ـ ھە! — دېيىشتۇق.

— بۇ غەلىتە بىر ئادەمكىنا! — دېدى جېلىل پاچاق بەختىياروپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئىتىڭنىڭ چىرايى ئاكاڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بولسا، ئاكاڭغا تىرىك ۋاقتىدا قىلالمىغان ياخشىلىقنى شۇ ئىتقا قىلىپ، ئوبدان بېقىپ ساۋابىنى ئالامسەن، خوتۇنۇڭغا خىرىس قىلدى، دەپمۇ ئۇنى ئاتماقچى بولغان بارمۇ! ؟ . . . يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق جېنى تۇمشۇقىغا كېلىــــپ قالغان قېرىلارغا تېگىۋېلىپ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراس قالغان مال ـ دۇنيانى بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئويۇننى ئويناپدىغان خېنىملار كۆپىيىپ قالدى. قاراپ تۇرۇڭ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بەختىياروپنىڭ كۆزى يۇمۇلسۇنا، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن قىــزغىنىپ يىـــغقان دۇنيالـــــرىنىـــڭ

ھەممىسىنىڭ توپىسىنى مۇشۇ خوتۇن سورۇمسا. . .
ئىتنى راستلا ئېتىپ قويماڭ ـ ھە، بەختىيارۇپنىڭ
ئاكىسىنى ئاتقاندەك بولۇپ قالىسىز. . .

«نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ پاچاق» دەپ ئويلىنىپ
ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر ھازادىن كېيىن بەختىياروپ
كىرىپ كەلدى.

— ئەمدى يۈرۈڭلار! — دەپ بىزنى باشلاپ كوچىغا
ئېلىپ چىقتى ئۇ.

تالادا كۆز كۆنلىرىنىڭ سالقىن ئايدىڭ كېچىسى
ھۆكۈم سۈرۈۋېتپتۇ. مۇزدەك ھاۋانى قېنىپ ئىچىمگە
سۈمۈردۈم. ئۇچۇقچىلىقلار، تۇتاش كەتكەن ئۆگزىلەر ئاي
نۇرىدا يورۇپ تۇرۇپتۇ. ئالدىمىزدا ئېگىز سۇۋادان
تېرەكلەرنىڭ سايىسى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان كوچا
سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئېرىقتىكى
سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. تۇنىڭ بۇ
مۇقەددەس جىمجىتلىقىنى بارىسنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىلا
بۇزۇپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ تەرەپكە مېڭىپ ئېتىزلىقتا چىقساڭلار،
بارىسنى ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويدۇم.
ئەنە، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاۋاتقانسىلەر؟ . . . تووا، تۇرۇپلا
كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ! . . . ئەمىسە، خوشلاشقىنىم مۇشۇ
بولسۇن. خۇداغا ئامانەت، مەن كىرىپ كەتتىم! — دەپ
بەختىياروپ دەرۋازىنى تاراققىدە ئېتىپ كىرىپ كەتتى.

بىز نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ، زىرائەتلىرى
يىغىۋېلىنغان ئېتىزلىققا چىقىپ قالدۇق. نېرىراقتا
شاخلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ ئۆسكەن بىر توپ سۆگەت ئېنىق

كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۆگەت تەرەپتىن بارسىنىڭ قەھرى بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى كېلەتتى. جېلىل پاچاق ئىتنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، «پاڭ ـ پۇڭ» قىلىپ ئاسمانغا بىر ـ ئىككى پاي ئوق ئاتتىم ـ دە، مەنمۇ كەتتىم.

*　　*　　*

ئەتىسى سەھەردە كىمدۇر بىرىنىڭ دەرۋازامنى ئەنسىز تاراقشىتىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. چىقىپ قارىسام جېلىل پاچاق، چىرايى بىر قىسىملا.

— نېمە بولدى! ؟ — دېدىم مەن.

— ئاكا، ئاخشام. . . ئاخشام. . . ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بوپكەتتى، بىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— نېمە ئىش بولاتتى، مەن ئاسمانغا قارىتىپ بىر ـ ئىككى پاي ئوق ئاتتىم. سەن ئىتنى يېشىۋېلىپ ماڭدىڭ. ھە، مېنى مەست بولۇپ قالدى، دېدىڭما؟ ! — دېدىم.

— توغرا، سىز «پاڭ ـ پۇڭ» قىلىپ ئوقىڭىزنى ئېتىۋېتىپ خاتىرجەم كەتتىڭىز. مەن ئىتنى ئوبدان نوختىلاپ، زۇۋانىنى ئۈچۈرۈپ ئېلىپ ماڭدىم. كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن. بۇ ئىتىزلىقتىن مەھەللىگە كىرىپ كېتىدىغان كوچىنىڭ ئېغىزىنى ھېچ تاپالمايمەن. پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. «نېمە بولدۇم، مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ! » دەيمەن. بىر چاغدا، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا: «مېنى نەگە ئاپىرىسەنۇي! » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. چۆچۈپ

ئارقامغا قارىسام، «نېمىنى كۆردۈڭ؟» دېمەمسىز، يوغان بىر ئادەم. . .

— نېمە؟

— يوغان بىر ئادەم كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. قولۇمدىكى زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ئۇنىڭ بوينىدا تۇرىدۇ. قورققىنىمدىن زەنجىرنى تاشلاپ بەدەر قاچتىم. كېچىچە ئۇخلىيالىغان بولسام، ئېغىز - بۇرنۇمغا چىقىپ كەتكەن ماۋۇ ئۇچۇقلارنى قاراڭ! . . .

«ماۋۇ پاچاق مېنى ئەخمەق كۆرۋاتامدۇ، قانداق؟ — دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە، — ئىتنى سېتىپ يېرىم پۇلىنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ تاپقان گېپىنى قارا! »

— توۋا، ئەجەب ئىش بوپتۇ - ھە، ئۇكا؟ . . . — دېدىم - دە، ئاچچىقىمدا دەرۋازىنى گۇپپىدە يېپىپ كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈنلەردىن باشلاپ بەختىياروپ كۆزۈمگە باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بوپقالدى. بىر كۈنى ئۇنى كوچىدا ياقىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە پۇرلىشىپ كەتكەن گالستۇك باغلىۋالغان، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالمىغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەختىياروپكا، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — دەپ كۆرۈشتۇم.

— ئەھۋال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت ئۇكام، ئەھۋالىمنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— نېمە بولدى؟
— مانا قاراڭ، — دېدى بەختىياروپ، — سىلەر كەتكەن كۈندىن باشلاپ ماڭا تۈزۈك ئۇيقۇ يوق. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە بىرسى كېلىپ دەرۋازىنى تاتىلاپ تىرنىشتۇرغاندەك قىلىدۇ. «ھەققىچان شۇ بارىس بولسا كېرەك» دەپ چىقسىپ دەرۋازىنى ئاچاي دەيمەن، قورقۇنچ بېسىپ زادى ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ئاخىر بىر كۈنى غەيرىتىمگە ئېلىپ، قورقۇپ دەرۋازىنى ئاچتىم. قارىسام راستىنلا بارىسكەن.
— نېمە دەيدىغانسىز، بىر بارىسنى ئېتىۋەتمىگەنمىدۇق!
— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران. قارىسام بارىس، ئىككى پۇتىدا تىككىدە بولۇپ ئۆرە تۇرۇپتۇ. . .
بەختىيارو پنىڭ ئېيتىشىچە، بارىس ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ كۆرۈشۈپمۇ كېتىپتۇدەك. بۇ — ھېلىقى بىز ئىت ئاتقىلى چىققان كۈندىكىدەك ھەممە ئۇيقۇغا چۆمگەن خىلۋەت كېچە ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ بوينىغا قولىنى تاشلىشىپ جىمجىت كوچىدا خېلىغىچە مېڭىپتۇ. ئازراق چىراغ يورۇقى بار يەرگە كەلگەندە بەختىياروپ تازا زەن سېلىپ قارىسا، يېنىدا بارىس ئەمەس، ئاكىسى تۇرغۇدەك، ئويغانسا چۈشىمىش. . .
— ھەي بەختىياروپكا، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرۈپ باققان ئىت ئەمەسمۇ، سېغىنىپسىز — دە! — دېدىم.
— شۇنداقمىكىن. . . ھە، يەنە نېمە دېمەكچىدىم، ئۇنتۇپ قالدىم. . . خەير سالامەت بولۇڭ، ئۇكا، — دەپ مېڭىپ كەتتى بەختىياروپ.

شۇ كۈنى جېلىل پاچاقنى كوچىدا كۆرۈپ، ۋارقىراپ توختىتىۋالدىم. بىر چەتكە تارتىپ:

— جېلىل ئۇكا، بەختىياروپنىڭ ئىتىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋېلىپ دېلو ئېنىقلاۋاتامسەن، قانداق؟ — دېدىم.

— بۇ - بۇ - بۇ، نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— سەن مېنى ئۇنچە ئەخمەق كۆرمە،— دېدىم مەن،— ئىتنى ئېلىپ كېتىۋاتسالڭ ئىت ئادەمگە ئايلىنىپ، «مېنى نەگە ئاپىرىسەنوي!» دەپ ۋارقىراپتۇدەك، سەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپتۇدەكسەن. ئۆزۈڭچە مۇشۇ گەپكە خەق ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ . . . بارىس ھەر كۈنى كېچىدە كېلىپ بەختىيارو پنىڭ دەرۋازىسىنى تاتىلاپ زادىلا ئارامىنى قويماپۋاتقۇدەك. ئىتنى سېتىپ ماڭا بېرىدىغان پۇلۇڭنى چېكەڭگە تاڭ. ياخشىسى ئىتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر. بەختىياروپ ئىتىنى تولا ئويلاۋېرىپ ساراڭ بولاي دېگىلى تۇرۇپتۇ.

— ئۇ ئىتنى مەن نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟ . . . ئەستاغپۇرۇللا، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان گۇي بولغاندىكىن، بوپتۇ. مەن بەختىياروپقا باشقا بىر ئىت تېپىپ بېرەي. . .

يەنە بىر كۈنلەردە بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەختىياروپكا، ئاڭلىسام جېلىل پاچاق سىزگە چەت ئەلنىڭ ياخشى بىر ئىتىنى ئاپىرىپ بېرىپتۇدەك، ئۆيگە ئۆگىنىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاي قويۇڭ دوختۇر ئەپەندىم،— دېدى بەختىيا-
روپ،— ھەر نېمە بولسا ئۇ ئىنىمىزنىڭ كۆڭلىگە
رەھمەت. ئىت دەپ يەر بېغىرلاپ ماڭىدىغان بىر نېمىنى
كۆتۈرۈپ كەپتۇ. مەندىن بۇرۇن ئايالىم چىقىپ قولىدىن
ئالدى. ئىككىسى بىردەمدىلا ئاپاق - چاپاق بولۇپ،
يومىداقلىشىپ كەتتى. ھويلىدا خوتۇن ئىتتىپ بەرگەن
تاماقلارنى يەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ. يا تۇزۇك قاۋىسا كىمنىڭ
دەردى، ئالمىنىڭ شېخىدىن بىر تال ئالما توككىدە قىلىپ
يەرگە چۈشسىمۇ قورققىنىدىن بەدەر قېچىپ كاتىكىگە
كىرىۋالىدۇ. شۇمۇ ئىت بوپتۇمۇ!؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە
ماۋۇ بىزنىڭ يېڭى خوتۇننىڭ زاڭلىقىنى دېمەمسىز،
ياسىنىپ - تارىنىپ، شۇ ئىتنى زەنجىرلەپ بىر چىقىپ
كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىراقلا ئۆيگە كېلىدۇ. ۋاي
گەپ قىلماڭ، بۇمۇ بىر يېڭى چىققان مودىمىش!
بىر كۈنى ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم، دەرۋازا
«غاچ» قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدى. دېرىزىدىن قارىسام
بەختىياروپ كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. «يەنە نېمە ئىش
بولغاندۇ؟» دەپ ئالدىغا چىقىپ، ئۆيگە باشلاپ كىردىم.
ئۇنىڭ ئەمدى ھويلىمىزدىكى قالايمىقانچىلىق، ئاپتاپتا
تۇرۇپ قالغان ۋېلىسىپىتلارغا قارىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.
— ئورۇنسىز ۋاقىتتا كېلىپ سىزنى بىسەرەمجان
قىلمىغاندىمەن؟ — دېدى بەختىياروپ خىجالەت ئارىلاش
بىر قىسما جىلمىيىپ.
— ياق، ياق، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدىم، — چاي
قىلسۇنمۇ؟
— ئۇزاق ئولتۇرمايمەن، رەھمەت. بىر - ئىككى

ئېغىزلا گەپ،— دېدى بەختىياروپ ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ،— كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ، بىلمىدىم، تۈنۈگۈن مەن نەق بارسىنىڭ ئۆزىنى كۆردۈم.

— نەدە؟

— كوچىدا

— كوچىدا دەمسىز؟

— ھە، چوڭ كوچىدا.

ھەر قانچە بولسا بارس تىرىلىپ قالمىغاندۇ؟ باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالغانسىز.

— مېنىڭچە، بارسىنىڭ ئۆزى. كۆرۈۋېلا يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ناتونۇش بىر ئادەم يېتىلەپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇستىگە چۇچىلارنى تۇتقان يوپۇقلارنى يېپىپ، بويىنىغا ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، قۇيرۇقىغا رەڭلىك لېنتىلارنى چىگىپ، ئالامەت ياسىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ، «بىزنىڭ بارسقۇ، بۇ!» دېيىشكە تىلىمۇ بارمىدى. كوچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ قاراپ كېتىشىپتۇ. بارس بېشىنى تىك تۇتۇپ، گىدەيگىنىچە ھېلىقى ئادەمگە ياندىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا ماڭىمۇ قاراپ قويمىدى، قاراڭ.

— سىز ئۇنى شۇنچە باققان تۇرسىڭىز، تونۇمىغانمىدۇ؟

— ماڭا ئاچچىقى بار ـ دە!

— نېمە ئاچچىقى بولىدۇ؟... ھەي... ي...

سىز باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ياق، يۈرىكىم تونۇپ تۇرىدۇ، نەق بارسىنىڭ ئۆزى. نېمە ئاچچىقى بار، دېسىڭىز، مەن ئۇنى

ئانقۇزۇۋەتمەكچى بولۇپ، سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ باردىم ـ دە!

— قويۇڭە، ئىت بۇنى قانداق بىلدۇ؟

— بۇ، ئىت ئەمەس، مېنىڭ ئاكام ـ دە! . . . ئۇنىڭ چىرايى ئاكامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرسا، مەن ئۇنى ئەتىۋارلاپ باقماقتا يوق، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان تۇرسام . . . بەلكىم ئۇ شۇ كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلمشقان گەپلىرىمىزنى هويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىغاندۇ. ۋاھ، بىزنىڭ بۇ بارىس شۇنداق هوشيار دەڭە.

— ماقۇل، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، بارىسنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى كىمكەن؟ ئۇنىڭ قولىغا بارىس قانداق چۈشۈپ قاپتۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى بەختىياروپ، — يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ باقتىم. ئۇلار بازارنى ئارىلاپ خېلى ماڭدى. هېلىقى ئادەم قانداقتۇر بىر دۇكانلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، بىر نېمىلەرنى سېتىۋالغان بولدى. شۇ پۇرسەتتە مەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، بارىسقا سۇركىلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپمۇ باقتىم، ياق، ئۇ ماڭا قارايدىغاندەك ئەمەس، نەق ئاكامنىڭ ئۆزى، ئاكامنىڭ ئاشۇنداق ئاداۋىتى كۈچلۈك بولىدىغان. . . ئۇلار بازاردىن چىقىپ يەنە بىر ئۇزۇن كوچا بىلەن ماڭدى. ئاندىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى. ئۇ يول بىلەن چوڭ كوچىغا چىقىپ، يەنە بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. شۇ يەردە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ غايىب بولۇشتى. بىنانىڭ ئالدىغا بارسام، ئىشىكى ئاپتوماتىك ئېچىلىدىغان تۆمۈر ئىشىك ئىكەن.

قۇلۇپىنىڭ سان ـ سىفىرلىرىنى تەۋەككۇلگە بېسىپ، خېلى ھەپىلەشسەممۇ ئاچالمىدىم، يا بىرەرسى چىقمىدى. ئىشىك ئالدىدا ئەگىپ يۇرسەم، يۇقىرىدىن بىرسى: ھوي ئادەم، سىزگە كىم كېرەك؟ دەپ ۋارقىرىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن بىر كالا بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا گەپ قىلىۋېتىپتۇ...

— نېمە دېدىڭىز!؟

— كالا دەۋاتىمەن، مۈڭگۈزى بار كالا، ئاياللار چاترىقىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ سۈتىنى ساغىدىغان سىيىرنىڭ نەق ئۆزى. كۆزىدە كۆزەينەك، قولىدا يىپ ـ يىڭنە، تېخى يوغان ئەمچىكىگە بىر ئەپچىل لىپتىكىمۇ تاقىۋاپتۇ. قورققىنىمدىن ئارقا ـ كەينىمگە قارىماي قاچتىم. بۈگۈن ئەتىگەن بېرىپ ھېلىقى بىنانى زادىلا ئىزدەپ تاپالمىدىم.

بەختىياروپىنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغانلىقىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەي پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «ھەي، مۇشۇ ئادەممۇ ئاز كۈندىن كېيىن بىزنىڭ روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسىگە بېرىپ قالامدۇ، قانداق!؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. شۇ كۈندىن باشلاپ، بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بوپقالدىم.

ئارىدىن يەنە قانچىلىك ئۆتتى، ئۇقمايمەن. بىر كۈنلەردە مەھەللىدە: جىلىل پاچاق ھەر كۈنى كەچلىكى بەختىياروپىنىڭ دەرۋازىسىنى ئەگىپ كەتمەيدىكەن. ھەقىچان بەختىياروپىنىڭ ياش خوتۇنىغا قانات سۆرەپ

يۇرەمدىكىن، بازارغا پاچاق ئەپچىقىپ ساتىدىغان ئىشتىنىمۇ قاپتۇ. خوتۇنى «سەن ئىش ـ ئوقىتىڭنىمۇ تاشلاپ، ھەر كۈنى كەچلىكى نەگە يوقاپ كېتىۋاتىسەن؟» دەپ جېدەل قىلىپ يۈرگۈدەك. . . دېگەن گەپلەر پەيدا بوپقالدى.

جېلىل پاچاقىقا قاتتىق بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقتىم. ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— ئۇكا، بەختىياروپنىڭ ئايالى يانپېشىنى تىزىڭغا يۆلەپ تۇرۇپ چاي قۇيغاندا، خېلى ئوبدان ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان چېغى ـ ھە! — دېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا ئەندىككەندەك قاراپ.

— ئاڭلىسام، كېچە ـ كېچىلەپ بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن كېتەلمىگۈدەكسەنغۇ؟

— ھە! — دېدى جېلىل پاچاق پەرۋاسىزلا، — ھەممە ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئۆزىڭىز. . .

— مەن؟!

— بولمىسا، مېنىڭ بەختىياروپ بىلەن نېمە باردى ـ كەلدىم بارتتى؟ . . . ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزىڭىز باشلاپ باردىڭىز. بارىس ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە كېلىپ، بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى تىرنىشىپ ئارام بەرمەيۋاتقۇدەك، دېگەن گەپنى قىلغانمۇ ئۆزىڭىز. شۇنىڭ بىلەن مەن «بۇ قانداق گەپ بوپكەتتى؟» دەپ بىر كۈن

ئويلاندىم. يېرىم كېچىدە بەختىياروپىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ماراپ تۇرسام، بارىس راستتىنلا پەيدا بوپقالدى. ئەپلەپ تۇتۇۋالدىم. ئۆلتۈرۈۋېتىپلا كۆزدىن يوقـــتاي دېگەندىم، يەنە قولۇم بارمىدى. بۇ ئىت ئەمەس، تاراقلاپ تۇرغان پۇل ـ دە، ئاكا! . . . يىراق بىر يەرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئادەمنى تېپىـــپ ساتتىـــم. ئەمدى قانداق بولغاندۇ؟ . . . دەپ قىزىقىپ يەنە بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بەختىياروپىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارسام، ئىت شۇ يەردە ئەگىپ يۈرۈپتۇ. يەنە تۇتۇپ، يەنە ساتتىم. سىز بىلمەيسىز، ئاكا، مۇنداق ياخشى ئىتلار كۆڭۈل قويۇپ باققان ئادىمىنىڭ ئۆيىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مانا مەن ھازىر شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش. كۈندۈزى قېنىپ ئۇخلايمەن، كېچىسى بېرىپ بارىسنى تۇتىمەن؛ بۈگۈن ماۋۇ بازاردا ساتسام، يەنە بىر قېتىمدا باشقا بىر يەردىكى بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىمەن. توۋا دەيمەن، بۇ ئىت جىق تۇرسا بارغان ئۆيدە ئىككى كۈندىن ئوشۇق تۇرمايدۇ. قانداق قېچىپ چىقىدىغانلىقىغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقلى ھەيران. يېقى ئىگىسى ئۇنىـــڭ بىـــلەن ئوبدانراق تونۇشۇپ، ئۆگىتىۋالغۇچە ئىت بەختىياروپىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بوپقالىدۇ. شۇنداق بولىسمۇ چېنىپ قالمىسۇن، دەپ بىر قېتىمدا بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ ساتتىم، بىر قېتىمدا ئۇستىگە يوپۇق ياپتىم، يەنە بىر قېتىمدا قۇيرۇقىغا لېنتا تاقىدىم. ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ بىر قۇلـــقىـــنـــى

كېسپلىۋەتتىم. بۇ ئىتنى تونۇيالماي ئىككى قېتىم سېتىۋالغان ئاغىنىلىرىمۇ بارغۇ، دەيمەن. شۇ ئالدىراشچىلىقتا هازىر پاچاق ساتىدىغانغا نەدە چولا. بارسىنى بۇدا تۇتىدىغان بولسام تۈكلىرىنى بۇدۇرلا قىلغۇز ۇۋېتەيمىكىن، دەۋاتىمەن. ئاكا، سىز سەل تەخىر قىلىڭ ـ هە، — دەپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلىدى ئۇ، — هەقىچان ماۋۇ پاچاق ئىت ساتقان پۇلدىن ماڭىمۇ بېرىمەن، دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، پۇلنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ ۋەدىسىنى ئۇنتۇدىمۇ نېمە؟ دەۋاتقانسىز، كۆڭلۈمدە بار. هازىر ئوقەتنىڭ تازا قىزىۋاتقان ۋاقتى. بىر كۈنى ئالدىڭىزغا ئىزدەپ بېرىپ ئوبدان رازى قىلىمەن. خەير، ئەمسە گەپ شۇنداق بولسۇن ـ هە! . . .

جېلىل پاچاق شۇنداق دېدى ـ دە، ئالدىراش ئۆيىگە ماڭدى. «نېمە گەپ بوپكەتتى ئۆزى! ؟» دەپ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم.

* * *

جېلىل پاچاقنىڭ بارسىنى تەكرار سېتىپ قانچىلىك پۇل تاپقىنىنى بىلمەيمەن. ئەمما شۇ كۈنلەردە بەختىيارۇپقا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك بولۇپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ، دائىم مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان

مەگزىلىرىنىڭ قېنى قاچتى. قىش كېتىپ باھارغا ئۇلاشقاندا، بۇ ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى. جېلىل پاچاق ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ بىلىگە ئاق باغلاپ، خۇددى يېقىن قېرىندىشىغا ھازا ئاچقاندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ، ئۇنىڭ تاۋۇتى ئەتراپىنى ئاۋات قىلدى. بەختىياروپ خۇددى ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغىنىنى بىلىدىغاندەك، مەرھۇم ئايالى رىزۋانگۇلنىڭ قەبرىسى يېنىغا بىر يەرلىكنى كولىتىپ قويغانىكەن. جامائەت ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق. ئۇ چاغدا، يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جېلىل پاچاقنىمۇ ئاچچىقىپ بۇ يەرگە كۆمىدىغانلىقىمىز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

شۇ كۈنى جېلىل پاچاق بارىسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىنىمۇ كەسمەكچى بولغانىكەن، قانداق قىلغان، ئىت تۇمشۇقىغا تارتىپ قويغان نۇختىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىپ جېلىل پاچاقنى تالاپ، گورەن تومۇرىنى ئۈزۈۋېلىۋېتىپتۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا قانسىراپ ئۆلدى. ساقچىلار بارىسنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر بەختىياروپنىڭ تۆل قالغان خوتۇنىغا باشقىچە تەسىر قىلدىمۇ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مەھەللىدە: بەختىياروپنىڭ ئايالى قورۇ ـ جايىنى ساتماقچى

بولۇۋېتىپتۇدەك، دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپنىڭ راست - يالغىنىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بەختىياروپىنىڭ ئۆيىگە باردىم. قارىسام، بۇ ئۆيلەرنىڭ بەختىياروپ بار چاغدىكى ئىسكەتى پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. ھويلىنىڭ ئىچى قالايمىقانچىلىق، دەرۋازىنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە ئەخلەت، ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە بىر پىستە كۆچۈك نېمىلەرنىدۇر پۇراپ يۈرۈپتۇ. بەختىياروپىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ھەتتا ئۇنىڭ بوۋىلىرىنىڭ جامالىنى كۆرگەن تەۋەررۈك چىنە - قاچىلار توپا بېسىپ تاشلىنىپ يېتىپتۇ. ھېلىقى ئاجايىپ ئويما نەقىشلەر چېكىلگەن قەدىمىي ئىشكاپلارنىڭ ئەينەكلىرى سۇنغان، ئىشكىلىرىنىڭ گىرەلىرى ئاجرىغان ھالدا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇرۇپتۇ. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى.

— سىڭلىم، ياخشىسى بۇ قورۇ - جايىنى ساتمىسىڭىز بوپتىكەن، — دېدىم بەختىياروپىنىڭ ئۇپا — ئەڭلىكىنى ھارغۇچە سۈرتۈپ، ھېلىقى پىستىنى يېتىلەپ بازارغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىمۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە كىمدۇر بىرى كېلىپ، بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىرىقشىتىپ زادى ئارام بەرمىگۈدەك.

2000 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# ئادەت

«مىش ـ مىش پاراڭلار» ژۇرنىلى ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا بىر نىمە يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىكەن. گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلمەي خىيال قىلىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم.

يارالتقان ئىگەم ھەر بىر كىشىگە تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا ئۆزىگە خاس بىر مىجەز ئاتا قىلسا كېرەك. بولمىسا، دۇنيادىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، پەرق ئەتكىلى بولماي قالاتتىمىكىن، دەيمەن. مانا مۇشۇ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئاغىنىلەرنى ئېلىپ ئېيتايلى، قارىسىڭىز ھەممىسىلا كاتتا ـ كاتتا ئەسەرلەرنى يازىدىغان ئادەملەر، ئەمما ھەر بىرىنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ھەۋىسى، يېزىقچىلىق ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاچچىق چاينى دەملەپ قويۇپ ئولتۇرۇپ يازسا، بەزىلىرى تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ يازىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرىپ قالسىڭىز، يازغۇچىنى ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە كۆرىسىز. بەزىلىرى كۈندۈزى يازسا،

بەزىلىرى كېچىدە، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئۇخلىتىۋېتىپ، ئەل ـ ئايىغى بېسىققاندا يېزىشقا ئولتۇرىدۇ. تېخى يېزىۋاتقان ئەسىرىدىكى قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ۋارقىراپ رەپىتىس قىلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەسەر يازىدىغانلارمۇ بار. بىر بوتۇلكا ھاراقنى يېنىغا تىكلەپ قويۇپ، ھەر بىر ئىلھامى قاچقاندا بىرەر ـ يېرىم رومكىدىن ئوتلاپ تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغانلارنىمۇ ئۇچراتقانمەن. ئۇنى دېسەڭلار، ھاۋا رايىغا قاراپ ئەسەر يازىدىغان پەسىل يازغۇچىلىرىمۇ بار. مانا ئۆزۈمنى ئالسام، كۈن ئىسسىپ كەتكەندە ھېچنېمە يازالمايمەن. يازىچە لەلەڭلەپ يۈرۈپ، سوغۇق چۈشۈپ، گەجگەمنى قورۇشقا باشلىغاندا، يېزىق ئۈستىلىگە قايتىپ كېلىمەن. شۇڭا، باشقىلار مېنى زاڭلىق قىلىپ: «قىشلىق يازغۇچى» دېيىشىدۇ. ئاڭلىسام، نەسىر يازىدىغانلار تولىراق باھار كېلىپ، ئەتراپ كۆكەرگەندە قولىغا قەلەم ئالغۇدەك. شائىرلارنىڭ كۆپىنچە جىگدە چېچىكى مەزگىلىدە يازغان شېئىرلىرى ئاجايىپ پاساھەتلىك چىقارمىش. . . قەيەردە دەيدۇ بىر يازغۇچى بار ئىكەن. دائىم چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەرنىلا ھېكايە قىلىپ يازىدىكەن، چۈش كۆرمىسىگۈچە ھېچنېمە يازالمىغۇدەك . . . كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، پالانچى دېگەن يازغۇچى قولىغا قەلەم ئالغان ھامان خوتۇنى يېنىدا ئولتۇرۇپ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ بېرىدىكەن. . . تەنقىدكە تەنقىد يازىدىغان بىر ئوبزورچى ئاغىنەم بولىدىغان، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، تاكى بىرەرسىدىن قاتتىق دەشنام

يېمىگۈچە ئىلھامى قوزغالمىغۇدەك. . . چەت ئەلدە بىر مەشھۇر يازغۇچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئىسسىق سۇغا پۇتىنى چىلاپ ئولتۇرۇپ يازغانمىش . . . قايسىبىر شەھەردە غەلىتە مىجەزلىك بىر يازغۇچى بارمىش، ھەر بىر يېڭى رومانىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلىش ئالدىدا، ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، بويتاق بولۇۋېلىپ ئەسەر يازىدىكەن، رومانىنى ئېلان قىلىنغاندا، قەلەم ھەققىگە باشقىدىن خوتۇن ئالىدىكەن. خوتۇن ئىجادىيەتنىڭ دۈشمىنى، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ يازغان رومانىمۇ ئۈچ، ئالغان خوتۇنىمۇ ئۈچمىش. يېڭىدىن يەنە بىر رومان يازماقچى بولغانىكەن، ھازىرقى ياش خوتۇنى ئۇنىمايۋېتىپتۇدەك. . . مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار.

بىر رومانى ئېلان قىلىنغان بىر بۇرادەر ماڭا يېقىندا ھالىنى ئېيتىپ:

— قويۇڭ، قويۇڭ، يازغۇچىلىق دېگەنمۇ قىلىدىغان ئىشمۇ؟ — دېدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قارىمامسىز، ئۆمرۈمدە يازغىنىممۇ بارى - يوق شۇ بىر رومان. ھەر بىر ۋارىقىنى يازغۇچە بېشىمنىڭ ئون نەچچە تال تۈكى چۈشۈپ، رومانىمۇ پۈتتى، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆزۈممۇ پايىنەكۋاش بولۇپ بولدۇم. . . — دېدى ئۇ.

لېكىن، ئارۇپى خۇشخۇي يەنە باشقا بىر مىجەزدىكى يازغۇچى - دە! بىر نەچچە كاتتا رومانلارنى يېزىپ ئېلان قىلىپ بولدى. بېشىنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرەپ قويغىنى

يوق. ئوبزورچىلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىچە، ئۇنىڭ يازغانلىرى دائىم چەت ئەلنىڭ قايسىبىر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاپ قالغۇدەك. ئاڭلاپ كەلسىڭىز، بىزنىڭ بۇ ساھەدە ئۇششاق گەپ تولا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەنقىدچى دېگەن نېمىلەرگە قويۇپ بەرسىڭىز، ئۆزىنىڭ قولىدىنمۇ ھېچنېمە كەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭكىنىمۇ پەقەت ياراتمايدۇ. بەزىدە بىرەر ۋاراق سالام خەتنى يازغۇچە، دەيدىغان گەپنى تاپالماي تەرلەپ كېتىسىز، نەچچە يۈز بەتلىك رومانىنى گەپ بىلەن توشقۇزۇپ چىقماق ئوڭايمۇ؟! قىسمەن سەھىپىلىرى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالسا قالىدىغاندۇ!...

— يازدا يازدى، قىشتا يازدى، دېگەن نېمە گەپ ئۇ!؟ — دەپ قايناپ كېتىدۇ ئارۇپى خۇشخۇي بەزىدە مېنى كۆرسە،— مانا، مەن قايسى ۋاقىتتا يازغۇم كەلسە، قولۇمغا قەلەمنى ئالىمەن - دە، سىياھنى ئوبدان سۈمۈرگۈزۈۋېلىپ، ئولتۇرۇپ يېزىۋېرىمەن. بەزىدە يېزىق ئۆيىگە بىر كىرىپ كەتسەم، ئايلاپ چىقمايدىغان چاغلىرىممۇ بولىدۇ...

— تاماققۇ يەرسىز؟

— ئانچە جىق ئەمەس ... ئىلھام كەلمىگەندە، ئەل - ئاغىنىلەرنى تېپىپ ئويۇنۇمنى ئوينايمەن.

بۇ ئاغىنەمنىڭ مىجەزىنى تونۇشتۇرسام، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئەسەر يازمىغان چاغلىرىدا نەدە ئويۇن - كۈلكە بولسا، شۇ يەردە يۈرىدۇ. ئارۇپنىڭ ئۆزىگە «خۇشخۇي» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك بەلكىم. بولۇپمۇ ئۇ يۇمۇر ئاڭلاشقا شۇنچىلىك خۇشتار. تازا ئەپسانە

يۇمۇرلار بولسا، كۆزىنى مىت قىلماي ئۇلتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئاڭلايدۇ. پالانى يەردىكى پوكۇنى بىر يېڭى يۇمۇر بىلىدىكەن، دېگەننى ئاڭلاپ قالسا، ئىزدەپ - سوراپ بېرىپ ئاڭلاپ كېلىدۇ. تېخى ئۇنىڭ تازا قىزىق يۇمۇرلارنى ئاڭلاپ قالسا، خاتىرىلىۋالىدىغان كىچىك بىر قويۇن دەپتىرىمۇ بار.

— ئارۇپى، بۇلارنى خاتىرىلەپ نېمە قىلارسىز؟ — دەپ سورىسىڭىز،

— ئېسىم ياخشى ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈرىدۇ ئۇ، — بەزى سورۇنلاردا مەنمۇ باشقىلاردەك قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، ھەممەيلەننى تازا بىر كۈلدۈرۈۋېتەي دەيمەن، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ بىرسى كاللامغا كەلسە نېمە دەپ بېرەي. شۇڭا، قىزىق يۇمۇرلار بولسا، شۇ زامان خاتىرىلەپ قويىدىغان بولدۇم.

ئەمما، بۇ ئاغىنىمنىڭ يۇمۇر سۆزلەپ قېلىشىدىن خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن. ئۈچ - تۆت ئېغىز گەپ بىلەن تامام بولىدىغان يۇمۇرنى ئۇ ئەزمىسىنى ئېزىپ، خوتۇنلار كىر يايىدىغان ئارغامچىدەك ئۇزارتىپ، شۇنداق بىر نېمە قىلىۋېتىدۇكى، قويۇۋېرىڭ، يۇمۇرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار كۈلدى دېگەندىمۇ، يۇمۇرنىڭ قىزىقلىقىغا ئەمەس، ئارۇپنىڭ سۆزىنىڭ تېتىقسىزلىقىغا كۈلىدۇ.

ئارۇپنىڭ مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى ئوقۇسىلا ئىچى پۇشىدۇ.

— پالانى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېلىقى ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم، — دەيدۇ ئۇ.

— ھە، قانداقراقكەن؟ — دېسەم،

— ھەي، سىز نېمانداق. . . — دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈ.

— نېمە بولدى؟ !

— پۈتۈن بىر رومان بولىدىغان ۋەقەنى كىچىككىنە بىر ھېكايە قىلىۋېتىپ ئولتۇرۇپسىز. ئىسىت، شۇنچە ياخشى ۋەقەكەنۇ. . . خەپ، بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالغان بولسىزە. . .

راست ئېيتىدۇ. ئارۇپنىڭ قولىغا مۇنداق ۋەقە چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، سوزۇپ رومان قىلىدىغىنىغا ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا مەن قايىل.

* * *

كېچىچە ئويلىنىپ، ئەتىسى تۇرۇپ «يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» نى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئالدى بىلەن بىر گرافا تۈزدۈم. گرافىنىڭ باش تەرىپىگە يازغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئەدىبىي تەخەللۇسى، ھەقىقىي يېشى، يوشۇرغان يېشى، قانچە قېتىم ئۆيلەنگەن، تۇرمۇش ھەۋىسى دېگەندەك ئۇششاق كاتەكچىلەرنى سىزدىم. گرافىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «يېزىقچىلىق ئادىتى» دېگەن چوڭ كاتەكچە قالدۇردۇم. شۇ ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئارۇپى خۇشخۇي كىرىپ كەلدى. ئالدىمدىكى قەغەزلەرنى ئالمان ـ تالمان يىغىپ دۆم قىلىپ قويدۇم.

— ھە، ھە، ئەپەندىم، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئىشىكنى چەكسەممۇ تۇيمايسىز، — دېدى ئۇ.

— كىلىدۇ، كىلىدۇ ... ياخشىمۇسىز؟ ... ئولتۇرۇڭ! — دېدىم مەن.

— نېمە يېزىۋاتىسىز؟ — دېدى ئارۇپى ئورۇندۇقتا كىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرگە كۆز تاشلاپ.

— ھېكايە.

— يەنە شۇ ھېكايىمۇ؟ ... ماۋزۇسى؟

— مۇشۇك بىلەن چاشقان.

— نېمە ئۇ، چۆچەكمۇ؟

— ياق، ھېكايە.

— مۇشۇك بىلەن چاشقان دېگەن قانداق ھېكايە ئۇ؟ ... ئۇنىڭدا نېمىلەرنى تەسۋىرلىمەكچىسىز؟

— ۋەقەسى ئاددىيلا، — دېدىم مەن يالغاندىن خىيالىمغا كەلگەنلا بىر گەپنى توقۇپ، — بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقان كۆپىيىپ كېتىپ، ھەممە نېمىنى غاجاپ ھېچ ئارامىنى قويمايدۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ چاشقانلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلالماي، ئاخىر بىر مۇشۇك بېقىۋالىدۇ. مۇشۇك بىر ھەپتىگە قالمايلا ھەممە چاشقانلارنى سۈر - توقاي قىلىپ ئەدىپىنى بېرىپ، بۇ ئۆيگە چاشقان دارىماس قىلىۋېتىدۇ. ھېلىقى ئادەم: «ۋاھ، بۇ ئۇبدان گەپكەنغۇ، مەن نېمىشقا بۇرۇنراق مۇشۇك باقمىغان بولغىيتتىم» دەپ ئويلاپ، يەنە ئىككى مۇشۇك سېتىۋېلىپ، بۇ ئۈچ مۇشۇكنى ئوبدان بېقىپ بوردايدۇ. بۇ مۇشۇكلەر ئىگىسى بەرگەن بەزلەرنى يەپ، سۈتنى ئىچىپ، بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ، ئويقۇدىن باش كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىرەر چاشقاننى كۆرۈپ

قالسمۇ، بىر ـ بىرىگە بەس سېلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن قىمىر قىلىپمۇ قويۇشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۆيدە يەنە باشقىدىن چاشقان كۆپىيىپ، مۇشۇكلەرنىڭ بېشىدا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. . . مانا شۇ.

— ۋاھ، ۋاھ ـ ۋاھ، بۇ قالتىس ۋەقەكەن ـ دە! — دەپ كەتتى ئارۇپى، — مەن ھەممىنى چۈشەندىم. بىر ئادەم ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئىشقا ھەرگىز ئۈچ ئادەمنى يىغىۋالماسلىق كېرەك. ئىش ئاز، ئادەم جىق بولسا، ئىشلىگۈچىلەر بىر ـ بىرىگە بەس سېلىپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىمۇ بولمايدۇ، دېمەكچىسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقمىكىن.

— مىكىن ـ پىكىنىڭىزنى قويۇڭ. بۇ ئەسىرىڭىزدە ئىلگىرى سۆرمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيىڭىز شۇ. سىز ھازىرقى مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش چاقىرىقىنى بەدىئىي جەھەتتىن يورۇتماقچى بوپسىز. . . لېكىنزە. . . لېكىنزە ئاغىنە. . . كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن. بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپلا يازىدىغان بولسىڭىز زايىلا قىلىۋېتىسىز، ھەم قەلەم ھەققىدىن زىيان تارتىسىز، ھەم شۆھرەتتىن!

— شۇنداق بولارمۇ؟

— شۇنداق بولماي . . . ئەڭ ياخشىسى ئاغىنە، بۇ ۋەقەنى ماڭا ئۆتۈنۈڭ، بۇنىڭدىن پۈتۈن بىر رومان پۈتۈپ چىقىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— ئىشەنمەمسىز؟ . . . شۇڭا سىز ھېكايىچى، بىز رومانچى ـ دە!

— ئۆتۈنسەممۇ ئۆتۈنەي. لېكىن، بۇ كىچىككىنە

ۋەقەنى سىزنىڭ قانداق قىلىپ يوغان بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقىدىغىنىڭىزغا زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

— قاراڭ، — دەپ چۈشەندۈردى ئارۇپى خۇشخۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېلىقى ئۈچ مۇشۇك ئۆيىنىڭ تۇنۇكىدىن پوكلا قىلىپ چۈشۈپ قالمايدۇ ـ دە؟ ھەر بىر مۇشۇكنىڭ كېلىش مەنبەسى بار. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن چوڭ بولغۇچە ئارىلىقتا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يازسىڭىز، ھەر بىرى ئاز دېگەندىمۇ بىر بابتىن ئۈچ باب بولىدۇ. مەن رومانىمدا ئۈچ مۇشۇكنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكېلىدىغان قىلىپ يازمايمەن، بىرىنچى مۇشۇكنى ھېلىقى ئادەم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر، چاشقانلارنىڭ ئۇنىڭغا سالغان ئازابلىرى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يازسىڭىز ئىككى بابتىن ئېشىپ كېتىدۇ. خوش، بەش باب پۈتتىمۇ؟ . . . ئەمدى، ئۆي ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە خوتۇنىمۇ باردۇر، يە ئۇ بويتاقمۇ؟

— مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشماپتىمەن.

— سىزنىڭ ھېكايىڭىزدا بۇ تەرەپلەرنى يېزىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بىلەن، مېنىڭ يازماقچى بولۇۋاتقىنىم رومان ـ دە! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ يېزىش كېرەك. ئېرىنىڭ بىر مۇشۇكنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى مۇشۇكنى ئەنە شۇ خوتۇن ئەكېلىدۇ. ئېرى نېمە ئىش قىلسا، سەندىن مەن قالامدىم، دەپ دورايدىغان ئاشۇنداق غەلىتە خوتۇنلار خېلى بار. بۇ خوتۇننىڭ مۈرەككەپ تارىخى، مىجەزى ـ خاراكتېرى، ئىلگىرى چالا ـ پۇچۇقلا بىر ئەرگە تېگىپ چىقىپ كېتىپ، مۇنۇ چاشقانلارمۇ بوزەك

قىلىدىغان ياۋاش ئادەمنى قىلتىقتىغا چۈشۈرۈپ، مەن قىزمەن، دەپ تېگىشلىك دىققەتنى تارتقۇدەك ئىشلارنى يازغىلى تۇرسىڭىز كەم دېگەندىمۇ ئۈچ باب كېتىدۇ. جەمئىي قانچە باب بولدى؟

— سەككىز باب.

— ھە، سەككىز باب . . . ئەر ـ خوتۇن بولغان يەردە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە. مىسالى، ئۇلارنىڭ ئۆزۈمنىڭلا راست، دەيدىغان بىر ئەركە قىزى بار دەيلى، مۈشۈك باقىدىغان گەپ ئوخشايدۇ، دەپ ئۈچىنچى مۈشۈكنى ئەنە شۇ قىز كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ قىزنىڭ كېچىسى ئانىسى تارتىپ سالدۇرۇپ قويىدىغان تار پۇشقاقلىق ئىشتىنى، بىر غېرىچ چەمى بار ئايىغى، كىندىكىنىمۇ ياپالمايدىغان غەلىتە كۆڭلەكلىرى، چەت ئەل ناخشا چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئايرىم ھۇجرىسى . . . دېگەنلەرنى گەپنى ئۇزارتماي يازغاندىمۇ كەم دېگەندە ئىككى باب بولىدۇ. . . شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ مۈشۈكىنى ماختاپ، بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭلا مۈشۈكلىرىنى بېقىپ سەمرىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ مۈشۈكلەر ھۇرۇنلىشىپ، سىز ئېيتقاندەك، بېشىدا چاشقانلار يۈگۈرۈپ يۈرسىمۇ كارى بولمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. بۇ جەريانلارنى تەپسىلىي يازسىڭىز، يەنە بىر قانچە باب بولىدۇ. ئەمدى ھېسابلاپ بېقىڭە، جەمئى قانچە باب بولدى؟ . . . بىز تېخى چاشقان بىلەن مۈشۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى قىزىق ۋەقەلەرگە كەلمىدۇق.

— چاشقان بىلەن مۈشۈكلەر ئوتتۇرىسىدا نىمە قىزىق

ۋەقەلەر بولماقچى؟

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ ۋەقەنىڭ تازا قىزىق قىسمى ئەنە شۇ. مەسىلەن، چاشقانلارنىڭ ئىچىدە تازا مەككار، هارامزادىسىدىن بىرى بار دەيلى، ئۇ ھېلىقى ئۈچ مۈشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە غىتژ - غىتژغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئاچچىقىدا بىر مۈشۈك ئۆي ئىگىسىنىڭ هارىقىنى ئوغرىلاپ ئىچىپ، ئاخىرىدا بىر هاراقكەش بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بىرى ئۆزىنى چاغلىماي كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ خىروئىن چېكىشكە ئۆگىنىپ قالىدۇ. ئۈچىنچى مۈشۈك چىشى مۈشۈكلەرنى ئىزدەپ تالادىن كىرمەيدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۆينى يەنە چاشقانلار بېسىۋالىدۇ. . . مانا، كۆرۈۋاتقانسىز؟ هازىرنىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈن بىر روماننىڭ قۇرۇلمىسى كاللامدا پىشىپ بولدى. بۇ رومانغا يېزىلىدىغان كىرىش سۆز، خاتىمىلەر توغرىسىدا سىزگە تېخى ھېچنېمە دېمىدىم. . . بولدى قويۇڭ، تولا تالاشماڭ. مەن بۇ ۋەقەنى بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقاي، شۇ چاغدا كۆرۈڭ، شۇنداق بولسۇن - هە، خەير ئەمىسە!

ئارۇپى خۇشخۇي شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. «راست، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى رومان بولىدىغان ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ ئۇلتۇرغاندىمەنمۇ! ؟» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

*　　　*　　　*

خېلى كۆنلەرگىچە ئارۇپى خۇشخۇينىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم. «بۇ ئاغىنە مۇشۇك بىلەن چاشقانلار ھەققىدىكى رومانىنى يېزىشنى باشلىغۇەتكەنمۇ، قانداق؟» دەپ ئويلاپ، ئىچىم تىتىلداپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن چەكتىم. شۇنچە چەكسەممۇ ئىچكىرىدىن ھېچقانداق سادا يوق. «ئادەم يوقمۇ نېمە؟» دەپ ئىشىكنى ئىتتىرسەم، ئىشىك قىيا ئېچىلدى. قارىسام، ئارۇپى خۇشخۇي ئەتراپىغا بىر - بىرىدىن يوغان كىتابلارنى ئېچىپ قويۇپ، خۇددى سەكسەن خالتىنى يېيىپ قويغان دورىپۇرۇشتەك، كىتابلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇ كىتابتىن بىر جۈملە، بۇ كىتابتىن بىر ئابزاس كۆچۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپلا ئۆيگە كىردىم.

ئارۇپى ئارقىسىغا قاراپ، مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھوي - ھوي . . . قا - قا - قانداق شامال ئۇ - ئۇ - ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ . . . كە - كە - كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىدەك بىئەپ كۈلۈمسىرەپ.

كۆزۈمنىڭ قىرىدا قارىسام، ئېچىقلىق تۇرغانلارنىڭ

ھەممىسى بىر زامانلاردا، كىملەرنىڭدۇ مۈشۈك بىلەن چاشقانلار توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرى ئىكەن.

— ھە، يېزىۋېتىپسىز ـ دە؟ — دېدىم.

— ھە. . . ھە. . . — دەپ ئىنجىقلىدى ئۇ.

— مۈشۈك بىلەن چاشقانما؟

— ھە. . . تېخى ئەمدىلەتىن باشلاپ. . .

— ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ، قۇراقچىلىق قىلىشقا ئۆتتىڭىزمۇ نېمە؟ . . . مۇنداقمۇ ھۇنىرىم بار دەڭ؟!

— ھوي، سىز تېخى ئۇقمامسىز؟ — دېدى ئارۇپى شەلپەردەك قىزىرىپ، — مۇنداق ئانچە ـ مۇنچە كۆچۈرۈپ قويۇش ھازىرقى يېڭى چىققان مودا.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەن قايتاي، «ئىجادىيەت» ئۈستىدە ئىكەنسىز، — دەپ قايتتىم. ئارۇپى ئارقامدىن:

— ھوي نېمىگە ئالدىرايسىز؟ . . . بىر دەم ئولتۇرماي، — دەپ قالدى.

ئۆيگە كېلىپ، ھېلىقى تۇزگەن گرافىلىرىمدىن بىر ۋاراقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، «ئىسىم ـ فامىلىسى» دېگەن كاتەكچىگە «ئارۇپى خۇشخۇي» دەپ تولدۇردۇم ـ دە، ئۆۋەندىكى «يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» دېگەن كاتەكچىگە «يېڭى مودىدا يازىدۇ» دەپلا يېزىپ قويدۇم.

2000 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئاق مەسچىت

كېچىچە چىققان قاتتىق بوران قارا بۇلۇتلارنى شەرققە سۈرۈپ، سەھەرگە يېقىن ئاسمان گۈمبىزىدە سانسىز يۇلتۇزلار يەنە چاراقلاپ كەتتى.

«خىسلەتلىك ئالەم! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىققان ھەيدەر بوۋاي بىر قولىدا چۆگۈننى تۇتقىنىچە ئاسمانغا قاراپ،— مانا، كېچىچە بۇ دالادا بوران قۇتراپ، ئاسماننى دۇم كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈركىرەپ كەتكەنىدى، بىردەمدىلا جاھان يەنە تىنچىپ سۈكۈتكە چۆككۈپتۇ.»

قەيەردىدۇر بىر نەرسىنىڭ تاشلارغا تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازى سەھەرنىڭ بۇ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. بوۋاي قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ سەزگۈرلۈكى ياش ۋاقتىدىكىدىن قېلىشمايتتى. تۆۋەندە — قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپتە كىمدۇر بىرى ياققان چىراغ غىل - پال يورۇپ غايىب بولدى. بوۋاينىڭ كۆزىگە بىر يورۇق يۇلتۇز كۆكتىن خارابىلىك ئىچىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۆچكەندەك بىلىندى... بىلگۈچى ئاللا، بوۋاي

قاچاندۇر بىر چاغدا، يەنە مۇشۇنداق يۇلتۇزلۇق سەھەر ۋاقتىدا تالاغا چىقىپ، قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئۈستىدە يورۇپ تۇرغان غەلىتە نۇرنى كۆرگەنىدى. ئۇ كەملەردە بوۋاي ياش ۋە باتۇر ئىدى. يەردىن ئارغامچا بويى ئېگىزلىكتە ئېسىلىپ تۇرغان ھېلىقى نۇرنى قوغلىشىپ ئۇ تاڭ يورۇغۇچە ماڭدى. ئەتراپقا يورۇق چۈشكەندە ئۆزىنىڭ تازىمۇ يىراقلاپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. دەريا ئۈستىنى داكىدەك نېپىز تۇمان قاپلىغان بولۇپ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى بولسا ئارقىدا قالغانىدى. بەزىدە كۆزنىڭ ئادەمنى ئاشۇنداق ئالداپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. بوۋاي ھازىر ئۆزىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيتتى.

ھەيدەر بوۋاي تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، تاشلارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلانغاندەك بولدى. بوۋاي يەنە جىمجىت تۇرۇپ قۇلاق سالدى. قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى كىمدۇر بىرى كولاۋاتقاندەك قىلاتتى. «ھە، يەنە بىر تەۋەككۇلچى تەلىيىنى سىناۋېتىپتۇ ـ دە!» دەپ قولىنى شىلتىدى بوۋاي.

بوۋاينىڭ پۈتكۈل ئۆمرى دىگۈدەك مانا مۇشۇ دۆڭلۈكتە ئۆتكەن. كىشىلەر بۇ يەرنى «تاشدۆڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. دۆڭ ئۈستىدە قورام تاشلاردىن ئۇل قويۇپ سالغان ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت بار. تاشدۆڭ يىراق ـ يېقىندىكى يۇرتلارغا ئاشۇ مەسچىتى بىلەن مەشھۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا،

تاشدۆڭ بىر مەھەللە بولغانىكەن. ئالەمنىڭ شۇنچە كەڭرىچىلىكىدە، كىشىلەرنىڭ نېمىشقا بۇ تاقىر، تاشلىق دۆڭگە ئۆيلەرنى سېلىپ، مەھەللە قىلىپ ئولتۇرۇشقىنىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال، بۇ يەرنىڭ بىر مەھەللە بولۇپ قېلىشىغا ئاشۇ ئاق مەسچىت سەۋەب بولغاندۇ. بۇ مەسچىت تاشدۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە سېلىنغانىدى. مەسچىت ئۆزىنىڭ كۆركەم قۇرۇلمىسى، ئېگىز پەشتاقلىرى بىلەن ناھايىتى سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچى نېمىدېگەن ئۇلۇغ. ئادەملەر ئۆزى شۇنچە نامرات ياشىسىمۇ، يارانقان ئىگىسىگە ئىبادەت قىلىدىغان سورۇنلارنى يەنە ئۇلار ئاجايىپ بېزىگەن. ئاق مەسچىتنىڭ ئىشىك ـ دېرىزە، ھەر بىر تۈۋرۈك، تام ـ تورۇسلىرىغا چېكىلگەن نەقىشلەر بۇ مەسچىتنى سالدۇرغۇچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە ماھىر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، خېلى ئەقىدە بىلەن ئىش قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتىدىغان بىر قەدىمىي يول بار ئىدى. ئۇزۇن سەپەردىن كېلىۋاتقان يولۇچىلار يىراقتىن ئاق مەسچىتنىڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرى ۋە ئېگىز مۇنارلىرىنى كۆرۈپ، «ھە، ئاق مەسچىتكە يېتىپ كەپتۇق ـ دە!» دەپ خۇشال بولۇشاتتى ۋە بۇ يەردە بىردەم ـ يېرىمدەم توختاپ، ناماز ۋاقتى بولغان بولسا نامىزىنى ئوقۇپ، دېمىنى ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

بۇ يەر ئىلگىرى مەھەللە بولۇپ، كېيىن مەسچىت سېلىنغانمۇ ياكى ئاۋۋال مەسچىت سېلىنىپ، ئاندىن مەھەللە بولغانمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى بىر سوئال ئىدى. بەزىلەر:

«مەسچىت دېگەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بار جايغا سېلىنىدۇ ـ دە! ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاۋۋال خېلى ئاۋات بىر مەھەللە بولغان، ئاندىن بۇ مەسچىت چۈشكەن» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ يەرگە ئاۋۋال ئاشۇ ئاق مەسچىت بىنا قىلىنغان، ئاندىن مەسچىت ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىپ، مەھەللە قىلىپ ئاۋاتلاشتۇرغان» دەيتتى. ئەقلىي يەكۈن چىقارغاندا، ئالدىنقى قاراش توغرىدەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە جامائەت بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەسچىت سېلىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقىدۇ ـ دە! ؟ لېكىن، كېيىنكى قاراشتىكىلەرنىڭمۇ ئۆز ئاساسلىرىغا ئىسپات بولىدىغان قىزىق ھېكايىلەر ئەل ئىچىدە ئېقىپ يۈرەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا، تاشدۆڭ ئۈستىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سەھرا يولى بىلەن مالللىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بىر كاتتا باي بولغانىكەن. كارۋان دائىم مۇشۇ دۆڭگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلاقلىرىنى توختىتىدىكەن. خىزمەتكارلار تاشدۆڭ ئاستىدىكى كۆۋەجەپ سۇ ئېقىپ تۇرغان سايدىن تۇلۇملارغا سۇ ئالىدىكەن. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۆشۋاغلىرىنى بوشىتىپ ھاردۇق ئالغۇزۇپ، بىرەر ۋاخ نامازلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدىكەن. باينىڭ كاللىسىدا: مۇشۇ دۆڭ ئۈستىگە بىرەر مەسچىت سالدۇرۇپ قويماق لازىم ئىكەن، دېگەن خىيال غىل ـ پال ئەكس ئېتىدىكەنۇ، سودىسى تازا يۈرۈشۈپ تۇرغان ئالدىراش چاغلىرى بولغاچقا، يەنە ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. يىلالار ئۆتكەنسېرى، بايغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ پۈزۈر

تونلىرى بىلەن ئات ئۈستىدە ھەر قانچە چاندۇرماي قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرسىمۇ، ئۈستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بەقۇۋۋەت چاغلىرىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ ئېسىگە ئۈنتۇلۇپ كەتكەن بىر ئىشنى ئالغاندەك بولۇپ، ئېتىنى ئېگەرلىتىپ مىنىپ، تاشدۆڭ ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ توختاپتۇ ـ دە، ئېگەردە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆشۈپ كېتىپتۇ.

ئادەم دېگەن شۇنداق. ياشايسەن، ياشايسەن، تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە ھەر تەرەپكە پالاقلاپ بىر ئۆمۈر مال ـ دۇنيا يىغىسەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى، قېرىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ھېچ كىشىنىڭ بايلىقى، تاجۇ تەختىگە باقماي يېتىپ كېلىدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى، مىڭ جاپالاردا يىغقان مال ـ دۇنيالىرىڭنى گۆرگە بىللە ئېلىپ كېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ قالىسەن ـ دە، ۋاھ، مەن بۇنچىۋالا دۇنيانى نېمىگە يىغدىم؟.. ئەسلىدە بۇ قورساقنى ھەر كۈنى ئازغىنا تاماق، يېتىپ ـ قوپۇشقا بىرەر كىشىلىك ئورۇن بولسىلا بولىدىغان جاھان ئىكەنغۇ! ؟ دېگەن يەرگە كېلىسەن...

شۇنداق قىلىپ، باي ئات ئۈستىدە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپتۇ. شۇ چاغدا قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپتىن چاڭ ـ ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان دەرۋىش سۈپەت بىر ئادەم چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇ ئادەم ئۇزۇن بىر تاياقنى ھاسا قىلىپ تايىنىۋالغان بولۇپ، بېشىدا يىرتىق كۇلاھ، ئۈستىدە

نىپىز ئەستەرلەنگەن، رەڭگى ئۆڭگەن چەكمەن چاپان بار ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك باي! — دەپ باينىڭ خىيالىنى بۆلۈپتۇ ھېلىقى دەرۋىش سۈپەت كىشى.

باي ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بوپقالغان ئادەمگە ئىتتىك قاراپتۇ. چۆللەرنى كېزىپ يۈرىدىغان ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى «ھۆرمەتلىك باي» دەپ چاقىرغىنىغا خۇشال بولۇپ پەخىرلىنىپتۇ ۋە ئات ئۈستىدە قەددىنى رۇسلاپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەن مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاستىڭىزدىكى ياخشى ئات، قىممەتلىك ئېگەر - جابدۇقلار، ئۈستىڭىزدىكى ئېسىل تونلىرىڭ ھەرقانداق ئادەمگە سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىڭىزنىڭ پاكىز ياسىتىلغىنىغا قاراپ، شەھەردە ئەڭ ئۇستا ساتىراشنىڭ قولى تەگكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، بىلگۈچى ئاللا، مەن يەنە شۇنىمۇ پەرەز قىلدىمكى، ھەقىچان سەن بۇ يەردە: ياشىدىم، ياشىدىم، ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ . . . مەن ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە بۇ دۇنيادا قېلىپ، ئانامدىن تۇغما ھالەتتە ئۇ دۇنياغا كېتىمەنكەن. . . دېگەنلەرنى خىيالىڭدىن ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. شۇنداق، تاجۇتەخت، شان - شەرەپ، ئامەت ۋە بايلىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر. ساڭا بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك ئەقىل بەرگىنى ئۈچۈن ياراتقان ئىگەمگە شۈكۈر قىل. شۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشەنمەي، بىر ئۆمۈر كىبىر

بىلەن ئۆتۈپ كېتىـــدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس! — دەپتۇ دەرۋىش.

باي ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ھېلىقى ئادەمگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

— سەن توغرا ئېيتتىڭ. مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرەر ساۋاپلىق ئىش قىلاي دەيمەن. خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن، مەن ئۆمرۈمدە قانچىلىك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمىدىم، دەيسەن؟ بىر تەڭگە ئۈچۈن قانچە كىشىلەر بىلەن ياقىلاشتىم، قانچە ئادەملەرنـــى ئالداپ ۋەيران قىلدىم. شۇ تاپتا ئىككىمىزنى يالىڭاچلىسا، سەن مەندىن پاكىراق بولۇشۇڭ مۇمكىن،— دەپتۇ باي.

— بىلگۈچى خۇدا! — دەپتۇ دەرۋىش.

— بەزىدە، خۇدايىم نېمىـــشقا بەزىلەرنـــى باي، بەزىلەرنى گاداي قىلىپ يارىتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئامەتنى بەزىلەرگە كۆپ، بەزىلەرگە ئازراق بېرىدىـغاندۇ؟ دەپ ئويلىنىدىغان بوپقالدىم. سەن ئېيتقىـنا، باي بىـــلەن گادايىنىـڭ زادى پەرقـــى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ باي دەرۋىشتىن.

— بەلكىـــم گاداي ساڭا قارىغاندا كۆپرەك ياش تۆككەندۇ، سېنىڭ كۈلكەڭ ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغاندۇ. پەرقى شۇنچىلىكلا. . . خوش، سەن نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دەرۋىش.

— ئىككىمىز تۇرغان مۇشۇ دۆڭگە كېلىشتۇرۇپ بىر مەسچىت سالدۇراي دەيمەن. قارا، مـانا بـۇ يـولدىـن يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئۇلار بۇ يەرگە

چۈشۈپ نامىزىنى ئۆتىسۇن، يامغۇر - يېشىنلاردا بۇ يەردە پاناھلانسۇن. سېنىڭ مەسلىھىتىڭ قانداق؟ — دەپتۇ باي.
— ياخشى نىيەت! — دەپتۇ دەرۋىش.
— خۇدا خالاپ مەسچىت پۈتۈپ قالسا، مەن سېنى شۇ مەسچىتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچىمەن. مەيلى بۇ يەردە ئادەم بولسۇن، بولمىسۇن، سەن ئۆزۈڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەزان چاقىرىپ نامىزىڭنى ئۆتەۋەر. سېنىڭ ۋە مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى شەھەردىكى سودا دۇكانلىرىمدىن كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ باي.
دەرۋىش كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:
— مەن ئۇچۇن ئالەمدىكى ھەممە دىنلار ئوخشاشلا ئۇلۇغ. ئىنسانلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ، «بۇ ئالەم قانداق بىنا بولدى؟ مېنى كىم ياراتتى؟ دۇنيادىكى ياخشى - يامان قىلمىشلارنىڭ سورىقى بولامدۇ، يوق؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەن. پەقەت شۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن ھەر خىل دىنلار كېلىپ چىققان. قارا، بۇ تاشدۆڭنىڭ تۆۋىنىدە بىر قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى تاشلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەرنى ئاختۇرساڭ، ئاتەشپەرەسلەر ئىشلەتكەن ئىسرىق قاچىلىرىنىمۇ، بۇتپەرەسلەر چوقۇنغان بۇتلارنىمۇ ئۇچرىتىسەن. ھەر كىم ياراتقان ئىگىسىنى ھەر خىل يول بىلەن ئىزدىگەن، ئۇنىڭغا ھەر خىل شەكىل بىلەن سىغىنغان. بىر ئەقىدىدىكىلەر يەنە بىر ئەقىدىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى مۇتلەق خاتا دەپ، بىر - بىرىگە قارشى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغان. ئەسلىدە ھەممىمىزنىڭ

ياراتقان ئىگىمىز بىر. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ھەممىگە باراۋەر. كۆپكۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بايلارنىڭ سارايلىرىنىمۇ، كەمبەغەللەرنىڭ قىيسىق كەپىلىرىنىمۇ ئوخشاشلا زىننەتلەپ تۇرىدۇ. قۇياش مۇسۇلمانلارنىڭمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭمۇ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭمۇ. . . ھەممىنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش نۇر تۆكىدۇ. شۇنداق دېگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن قانچە مەسچىت ـ خانىقالاردىن قوغلاندى بولدۇم. ئەگەر سەن يېڭىدىن سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان مەسچىتىڭدىن مېنى قوغلىمايدىغانلا بولساڭ، مەن ئۇ يەردە كۆپنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مىڭ مەرتىۋە رازى. مۇسۇلمانچىلىق مەن ئۈچۈن بىر ئاللاغا سېغىنىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدە! . . . قارا، ئەتراپ چەكسىز كەڭ دالا. يەنە بۇ يەردە قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ خارابىلىكىمۇ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. مۇنداق خالىي جايدا ياراتقان ئىگەم ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ، تاتلىق خىياللارنى سۈرۈش نېمىدېگەن ھۇزۇر! . . . — دەپتۇ.

— سېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭ قانداق تاتلىق خىياللار ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باي ھەيران بولۇپ.

— ئويلىساڭ شۇنچىلىك كۆلكىلىك. بىر ـ بىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر تالىشىمىز. ئاخىرىدا تالاشقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قوللا كېتىمىز. شۇ تالىشىش، بەسلىشىشلەردىن جەڭگى ـ جېدەللەر كۆتۈرۈلىدۇ؛ شۇ تالىشىش، بەسلىشىشلەردىن بايلارنىڭ سارايلىرى، شاھلارنىڭ قەسىرلىرى قەد كۆتۈرۈپ، ئاجايىپ شەھەرلەر بىنا بولىدۇ. دەل ئاشۇ تالىشىش،

بەسلىشىشلەرنىڭ ئۆزى ئاخىرىدا يەنە ھەممىنى بەربات قىلىدۇ. . . — دەپتۇ دەرۋىش.

باي دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە قانچىلىك يەتتى، ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ، ئۇ ھەممىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. باي نامازغا زورۇر بولغان بىر قانچە ئۇششاق ئايەتلەرنى بىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يارانقان ئىگىسىگە ئىشىنىدىكەن، سېغىنىدىكەن، ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئەنە شۇنداق ئاددىيلا ئىكەن.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، باي تاشدۆڭگە ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ. مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى باينىڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بوپتۇ. باي بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنمۇ ياكى ھېلىقى دەرۋىشمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم، باي ۋاپات بولۇش ئالدىدا شەھەردىكى بارلىق دۇكانلىرىنى ئاق مەسچىتكە ۋەخپە قىلىپ قالدۇرغان، دېيىشىدۇ. خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە، ئاق مەسچىتكە يېتەرلىك خىراجەتلەر شۇ دۇكانلاردىن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغاشقىمىكىن، ئەتراپتىن سوپى - ئىشان، مۇرىتلار بۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىپ، بىر مەزگىل بۇ مەسچىت قالتىس ئاۋاتلاشقانىكەن. ھەر جۈمە كۈنى بۇ يەردە قانچە ماللارنىڭ بېشى كېسىلىپ، يوغان داش قازانلار پۇرۇقلاپ قايناپ، زىكرى - سۆھبەتلەر قىزىپ كېتەتتىكەن. شۇ زامانلاردىن باشلاپ، ئاق مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىشىپ، ئاستا - ئاستا بۇ يەردە مەھەللىمۇ پەيدا بولغانىكەن. بىر

يىلى كەلگەن غايەت زور كەلكۈندە، تاشدۆڭنىڭ
تۆۋىنىدىكى سايىنىڭ سۈيى تاشقىنلاپ، ئەتراپقا سېلىنغان
ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن، پەقەت دۆڭ
ئۈستىدىكى ئاق مەسچىتلا ئامان قالغان، دېيىشىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئاۋاتلىقى زادىلا ئەسلىگە
كېلەلمىگەن، يىراق ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ مانا
شۇ ھەيۋەتلىك مەسچىتلا قالغانىكەن. . . ئاتا - بوۋىلىرىدىن
ئاق مەسچىتنىڭ شۆھرىتى، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە بولغان
زىكرى - سۆھبەتلەرنىڭ داغدۇغىسى توغرىسىدىكى
ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بەزى يولۇچىلار ھېلىمۇ بۇ يەردىن
ئۆتكەندە يىراقتىنلا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاق
مەسچىتكە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن يېقىنلىشىپ، بىر -
ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ئېھتىمال، ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان
ئادەملەر تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئاق مەسچىتكە ئانچە
يىراق بولمىغان تۈزلەڭلىكتە سوزۇلۇپ ياتقان قەدىمكى
شەھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قاچاندۇر بىر
زامانلاردا بۇ يەردە رەت - رەت كوچىلىرى بولغان، ئېگىز
سېپىللار بىلەن قورشالغان ئاۋات بىر شەھەر قەد
كۆتۈرگەن بولسا كېرەك، ھازىر زومچەك - زومچەك توپا
دۆۋىلىرىگە ئايلانغان بىر خارابىلىكلا كۆزگە چېلىقاتتى.
ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر تارىخقا باغلىنىشلىق
تېپىشماقتەك جىمجىت - سۈكۈتتە ياتاتتى. كېيىنكى
چاغلاردا بەزى تارىخچىلار بۇ شەھەرنىڭ قاچان، كىملەر
تەرىپىدىن بىنا بولۇپ، يەنە نېمە سەۋەبلەردىن تاشلىنىپ
كەتكىنىگە ئىسپات تاپماقچى بولۇپ تارىخىي خاتىرىلەرنى

خېلى ئاختۇرۇشقان، ئەمما بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى تولۇق خاتىرىلەنگەن مۇكەممەل ماتېرىياللارنى تېپىش مۇمكىنمىدى! ؟ . . . قانچە قولىيازمىلار يوقالغان ياكى نېمە سەۋەبلەردىندۇر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن؛ بەزى خاتىرىلەر بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن خاتىرىلەر بىر پۈتۈن تارىخنىڭ بۇرجىكىنىلا يورۇتالايدۇ؛ ئەنە شۇ غۇۋا يورۇقلۇقتىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى قىياسلا قىلىشىدۇ، خالاس.

خارابىلىكتە ھېلىمۇ پات - پات ئاشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ قىدىرغۇچىلار پەيدا بوپقالاتتى. ئۇلار خارابىلىكنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىنى كولاپ، قانداقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، قەدىمكى مىس يارماق. . . دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ، خالتىلىرىغا سېلىپ غايىب بولۇشاتتى. بۇ يەرنى كۆپرەك كېلىپ مالتىلايدىغانلار يوشۇرۇن بىر خەزىنىنى تېپىۋېلىپ، تۇيۇقسىز باي بولۇپ كېتىش ئۈمىدىدە يۈرگەن خىيالپەرەسلەر ئىدى. ئۇلار شېرىن ئارزۇلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۇيقۇنىمۇ تاشلاپ، ئاچ - زېرىن ئىشلەپ، تاكى خام - خىياللىرى بەربات بولغۇچە ھەپىلىشەتتى. بىز نېمىشقا ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆمۈپ قويغان تەييار بايلىقلارنى تېپىۋېلىشنىلا ئويلايمىز؟ ئۇلارنىڭ شۇ بايلىقلارنى قانداق يوللار بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقمايمىز؟ دېگەن سوئاللار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى.

*　　*　　*

ئاق مەسچىت تەرەپتىن قېرى كىشىنىڭ زەئىپ تاۋۇشتا نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!»

مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بوشلۇقنى تىترىتىپ، كەڭ دالاغا سىڭىپ كەتكەندەك بولدى. ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىدىن ئاڭلانغان بايىقى شاراقشىغان ئاۋازمۇ جىمىپ قالدى.

ئازدىن كېيىن ئەتراپ يورۇپ، ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ قىپقىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلدى ـ دە، پۈتكۈل دالا قىزغۇچ نۇرغا چۈمۈلدى. ھەيدەر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ، مەسچىت ئالدىدا قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشىگە قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولغان ھېلىقى باي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان دەرۋىشنىڭ قانچىنچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ قېرىغان، كۆپ ئىشلارنى ئۇنتۇغانىدى. تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەنسىز يىللار، قاتتىق نامراتچىلىق كىشىلەرنى قورساق غېمىدە ئەمتىرەپ يۈرىدىغانلا قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋەتكەندەك، ئاددىي بىر دەرۋىشلەر ئاجايىپ پەلسەپىۋى قاراشلارنى بايان قىلالايدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى. ھەيدەر بوۋاي خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئۇدۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك، مەيلى ناماز ئۆتەيدىغان جامائەت بولسۇن، بولمىسۇن، ئەزان چاقىرىپ نامىزىنى ئۆتەيتتى.

شۇ ئەتراپتا بوۋاينىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرى تۇرۇپتۇ. بوۋاي تەڭتۇش، يارۇ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلدى. ئىككى قەدىناس ئايالىنى مۇشۇ ئەتراپقا دەپنە قىلدى. ئۇ قانچە قېتىم بۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلىپ، باشقا بىر يەردە ئۆز كۈنىنى ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. ئەمدى، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئەتىگەنمۇ، كەچمۇ ئەجەل ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغانىدى. بۈيۈك قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەرقانداق خاقانىنىڭ ئوردىدىن چىقىشىدىنمۇ سەلتەنەتلىك ئىدى. كىم بىلىدۇ، بوۋاي بەلكىم ئەتىكى قۇياشنى كۆرەلمەس. ئۇ قۇياشنىڭ ھەر كۈنى قىپقىزىل ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەندە، باشلىنىۋاتقان يېڭى بىر كۈنلۈك ئۆمرى ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بوۋاي بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بويى ئېگىزرەك بىرسىنىڭ قولىدا كالتە ساپلىق جوتۇدەك بىر نەرسە بىلەن قارا چىراغ تۇراتتى. بويى پاكارراق ئىككىنچىسى تاياقنىڭ ئۇچىغا بىر خالتىنى باغلاپ مۈرىسىگە تاشلىۋالغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىملىرىگە ياماق چۈشكەن بولۇپ، پۇتىدىكى ئاياغ كىيىملىرىنىڭ يىرتىقىدىن پۇتىنىڭ بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يىگىتلەر، قاياقتىن كېلىۋاتىسىلەر؟ سەپەر قاياققا؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— بىز يىراقتىن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى سەھرادىن كەلدۇق بوۋا،— دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت،— مېنىڭ ئىسمىم تاھىر، ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ئەكرەم. كەمبەغەللىكلىك جېنىمىزغا پاتتى. بىر باي بولۇپ باققۇمىز بار ئىدى . . .

— كېچىچە خارابىلىكنى ئىمىسقلاپ يۈرگەنلەر سىلەر ئىكەنسىلەر - دە؟

— كېچە قاتتىق بوران چىققىنىنى تۇيمىدىڭمۇ بوۋا؟ . . . بىز تېخى سەھەرگە يېقىنلا، بوران توختىغاندا ئۇ يەرگە بارغانىدۇق.

— قانداق، ئالتۇن - پالتۇن تاپالىدىڭلارمۇ؟

— ئالتۇن! — دېيىشتى ئىككى يىگىت تەڭلا،— ئالتۇن دېگەننى نەدە شۇنداق ئوڭاي تاپىدىغان ئىش باركەن؟ قولىمىزغا كوزا - قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى. بۇرۇنقىلار مۇشۇ خارابىلىكنى كولاپ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تېپىۋالغان، دەپ ئاڭلايمىز، راستمۇ؟

ھەيدەر بوۋاي كۈلۈپ كەتتى.

— راست، بىز شۇنداق ئاڭلىغان،— دېدى پاكارراق كەلگەن يىگىت ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

كۆزلىرى يوغان، چىرايلىق كەلگەن بۇ قارىقۇمچاق يىگىت ئەمدى مۈرىسىدىكى خالتىنى قولىغا ئېلىپ، پېشانىسىنى سىلىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ مەسچىت تەرەپكە قاراپ تۇراتتى،— پاھ، بۇ قالتىس ئېسىل مەسچىتكىنا! ؟

— بۇرۇن بىر كىشى ئاشۇ خارابىلىكتىن بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋېلىپ، مانا مۇشۇ ئاق مەسچىتنى

سالدۇرۇپتىكەنغۇ؟ . . . بىز شۇنداق ئاڭلىغان،— دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت. ئاق يۈزلۈك بۇ يىگىتنىڭ يېڭىدىن خەت تارتقان بۇرۇتلىرى كالپۇكى ئۈستىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— شۇنداق گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان، راست ـ يالغىنىنى بىلمەيمەن،— دېدى بوۋاي.

— ئىشقىلىپ، بۇ مەسچىت بۇ تاشدۆڭگە ئاسماندىنلا مۇشۇنداق چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟ ئۇنى سالدۇرغان بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم باردۇ؟

— كاساپەتنىڭ پۇلى تازا جىققەن ـ دە؟ ئۇ كىشى تاپقان پۇلىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىشقا نېمىشقا باشقا يەرنى ئەمەس، دەل مۇشۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى يېنىدىكى تاشدۆڭنى تاللىۋالغاندۇ؟ بۇ ئەتراپتا، مۇنداق چوڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغۇدەك ئادەممۇ يوققۇ؟

— بۇ تەرەپلىرىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە،— دېدى ھەيدەر بوۋاي،— بەلكىم ئۇ ساخاۋەتلىك ئادەم بۇ يەردىكى قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭدا قانداق ئادەملەر ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئاز ـ تولا بىلىدىغاندۇ ياكى سىلەر ئېيتقاندەك بىر كومزەك ئالتۇننى خارابىلىكتىن تېپىۋېلىپ، خارابىلىك يېنىدىكى مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۆزىگىلا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ قويغاي، دېگەندۇ. . . قېنى يىگىتلەر، مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرۈپ باقامسىلەر؟

بوۋاي يېڭى كەلگەن ھەر بىر كىشىگە مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرسىتىپ، ئايدالادا مۆجىزىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئىمارەتنىڭ ئېسىللىقى بىلەن ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار تاش

پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ، مەسچىتنىڭ ئېگىز پېشايۋىنى ئاستىدىكى نەقىشلىك ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئوڭ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ ئىلمىكىنى سول بىلىكىگە تاشلاپ، قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئىتتىردى. ئىشىك ئىغىر غاچىلداپ ئېچىلدى.

— قېنى، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، دەپ كىرىڭلار.

يىگىتلەر مەسچىت ئىشىكىدىن كىرىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنى ئازراق سۈر باسقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ دېھقان باللىرى تۇغۇلغاندىن بېرى ھېچبىر يەردە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھۈنەر-سەنئەت نامايان بولۇپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ تام-تورۇس، مېھراپىنىڭ ئەتراپلىرىدىن ھەر بىر بۇرجەكلىرىگىچە ھەممە يەرگە ئاپئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلغانىدى. مەسچىت ئۆگزىسىنى ھەيۋەتلىك ئون ئىككى تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، مەسچىت ئىچىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بارلىق چوڭ-كىچىك ياغاچلارغا نەپىس گۈللەر ئويۇلغانىدى. يىراق بىر خىلۋەت ماكاندا، كىملەرنىڭدۇر، نېمە سەۋەب بىلەن مۇنداق ئاجايىپ قۇرۇلۇشنى بەرپا قىلغىنىنى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. يىگىتلەر ئون ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەر بىرىنى دېگۈدەك ئەيمىنىپ سىلاپ بېقىشتى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە چېكىلگەن گۈل-چېچەكلەرنىڭ شەكلىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى... گەرچە بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق قەدىمكى ئىمارەتلەرنى قايتا سىرلاپ، تۈزەشتۈرۈپ

قويندىغانلارمۇ ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسىمۇ، بۇ مەسچىتنى كىم ياسانقان؟ ئۇ قايسى يىلى، نېمە ۋەجىدىن، دەل مۇشۇ ئورۇننى تاللاپ بۇ مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولغان؟ بۇ تام ـ تورۇس، تۈۋرۈكلەرگە نەپىس نەقىشلەرنى ئويغان ھۈنەرۋەنلەر كىم؟ ئۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئاق مەسچىتنىڭ بىرەر يېرىگە ئىككى ئېلىك خەت بىلەن بولسىمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. ئېھتىمال، ئۇ زاماننىڭ ساخاۋەتچىلىرى «قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنى پەقەت ياراتقان ئىگەملا بىلسە كۇپايە» دەپ قارىسا كېرەك.

— قېنى يۇرۇڭلار، ئۆيگە چىقايلى،— دېدى ھەيدەر بوۋاي تۆت تەرەپكە قاراپ ھەيران بولغان يىگىتلەرگە،— تېخى ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچمىگەنسىلەر؟

يىگىتلەر ھەيدەر بوۋاينىڭ ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. تۆۋەنكى تەرەپتىن بىر قىز قاپاقتا سۇ ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. خۇددى تولۇنئايغا قاش ـ كۆز چىقىرىپ قويغاندەك چىرايلىق بۇ قىز ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ ناتونۇش يىگىتلەرنى كۆرگەندىكى ۋىللىدە قىزىرىشى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزىللىقى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ئۆزگىچە بىر رەڭ بەرگەنىدى. شۇ تاپتا يىگىتلەرگە غەلىتە مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئاي بىلەن كۈن ئۇيۇقتىن تەڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تەسىرات بەردى.

— ھە، ئۇ مېنىڭ نەۋرە قىزىم گۈلسۈم،— دەپ يىگىتلەرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى بوۋاي،— ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە. چاي ھازىر تەييار بولىدۇ.

بوۋاينىڭ باشلىغان ئۆيى ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ھۇجرا ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي بولسىمۇ ناھايىتى پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. دالان ئۆيدىكى سۇپا ئۈستىگە كونا بوز كىگىز تاشلانغان، ئوچاق بېشى ۋە سۇپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يەرلىرى سېغىز لايدا كۆكۈل قويۇپ سۇۋالغانىدى. تامدىكى ئويۇقلارغا كوزا، ھېجىر قاچا، ماي قاپىقى دېگەندەك لازىمەتلىك نەرسىلەر قويۇلغانىدى. ئوچاقتا ئېسىقلىق تۇرغان قازاننىڭ تۈۋىقى ئۈستىدە ئۇزۇن يىللار تۇتۇلغانلىقتىن قىزىرىپ پىشقان ئەپچىلگىنە نوگاي چۆمۈچ تۇراتتى. ئىچكەركى ئۆيدىكى كونا قەدىمكى ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن ـ كۆرپىلەر رەتلىك يىغىلغان بولۇپ، پەسكە كونا گۈللۈك تېكىمەت كىگىز سېلىنغانىدى. تۆردە قۇراق چۈشكەن بىر كۆرپە تاشلاقلىق تۇراتتى. بوۋاي مېھمانلارنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ، ئۆزى كۆرپىگە چىقىپ سۇنايلىدى.

يىگىتلەر ئاق مەسچىتنىڭ ۋە ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشقان گۈزەل قىزنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان تەسىراتىدىن تېخى يېشىلىپ بولالمىغانىدى. ئېگىز بويلۇق يىگىت تاھىرنىڭ كۆزلىرى بوۋاينىڭ تامدىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان سەللىسى بىلەن ئۆتكەن پەرىجىسىگە مەقسەتسىزلا تىكىلگەنىدى. بويى پاكارراق يىگىت ئەكرەم بولسا ئىچىدە: «بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئەجەب گۈزەل قىزكىنا. شۇنداق جانان بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتسە،

باشقا ھەرقانداق ئىغىر كۈنلەر كەلسىمۇ بىلىنمەيدىغۇ دەيمەن؟ . . .» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئارىنى بىر دەملىك جىمجىتلىق باسقاندىن كېيىن، گەپ يەنە قەدىمكى شەھەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مال ـ دۇنيا ئۈستىدە باشلاندى. يىگىتلەرنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالى تەلىيى بىر ئوڭدىن كېلىپ بېيىپ كېتىشتىلا ئىدى.

— بۇ يەردە ئالتۇن ـ كۈمۈش چېچىلىپ ياتىدۇ، دەپ سىلەرگە كىم ئېيتتى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

— مۇنداق گەپلەر تولىغۇ، — دېدى تاھىر، — مېنىڭ بىر تاغام بار. ئۇنىڭ گېپىگىغۇ تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ بوۋا، ئۆزى چېكەرمەن. چېكىۋېلىپ غەلىتە خىياللارنى سۆزلەپ، شۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىدۇكى، قېپقىزىل يالغان گەپلەرنىمۇ خۇددى راستتەك قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ كۆپ يەرلەرگە بارغىنى راست. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر زامانلاردا ئۇ يامۇلغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن. ئۇلارغا كۆلدە بويىغان ماتادا تىكىلگەن بىر قۇر كىيىمنى كىيدۈرۈپ، ئوقى يوق مىلتىقنى كۆتەرتىپ، «ئوڭغا مارش، سولغا مارش!» دەپ كۈندە مەشىق قىلدۇراتتىكەن. بىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ئۇرۇشقا بارغۇدەكمىز» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ. ئەسكەرلەر: «مۇنداق سېپىلنىڭ ئىچىدە كۈندۈزى قۇرۇق پوپوغا يۈگۈرۈپ، كېچىسى پىت بېقىپ ئولتۇرغاندىن ئۇرۇشقا بارساقمۇ بارايلى» دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇلارنى سەپكە تىزىپ،

قولىدىكى مىلتىقلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىردىن كەتمەن ـ كۈرجەكنى تۇتقۇزۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار: «مىلتىقنى تاشلاپ، كەتمەن ـ گۈرجەك بىلەن قىلىدىغان بۇ قانداق ئۇرۇشتۇ؟!» دېيىشىپ ھەيران بوپتۇ. ئەسلىدە يامۇل ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقىنى باقالماي، بۇ خارابىلىكتە كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇن ـ كۈمۈش بار، دەپ ئاڭلاپ، ئەسكەرلەرنى بۇ يەرگە ئالتۇن كولاتقىلى ئېلىپ ماڭغانىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ كولاپتۇ، كولاپتۇ. زادى قانچىلىك بىر نېمە چىققىنىنى ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

— شۇنداق ئىشنى سەنمۇ ئاڭلىغانمۇ بوۋا؟ — دەپ بوۋايغا تىكىلدى تاھىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەكرەم.

— بۇ تېخى يېقىن يىللاردا بولغان گەپلەرغۇ، مەن نېمىشقا بىلمىگۈدەكمەن؟ — دېدى بوۋاي، — شۇ چاغدا نۇرغۇن چېرىكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ئالتۇن تاپىمىز، دەپ خارابىلىكنىڭ ئىچىنى تىلغىۋەتكەنىدى. ھە، شۇلارنىڭ ئىچىدە سىنىڭ تاغاڭمۇ بار ئىكەن ـ دە؟ ... ھېچنېمە تاپالماي، ئاخىرىدا دېھقانلارغا ھاشار سېلىپ ئېرىق چاپتۇرۇپ، مىڭ مۇشەققەتتە بۇ يەرگە بىر ئېرىق سۇمۇ باشلاپ كەلگەن، خارابىلىكنىڭ ئىچىنى يول ـ يول قېزىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن شارقىرىتىپ سۇ ئېقىتقان. شۇ ئېرىقلارنىڭ ئىزناسى خارابىلىك ئىچىدە ھازىرمۇ بار.

— ئۇ يەرگە سۇ ئېقىتىپ نېمە قىلماقچىكەن؟

— توپىنى سۇ بىلەن چايقاپ ئېقىتىۋېتىپ، سۈزۈلۈپ قالغان ئالتۇنلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئەكەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ

— قانداق، راستلا تاغارلاپ ئالتۇنلارنى سۇزۇۋالدى-مۇ؟

— بىلمىدىم. ئۇلار ئەتراپقا جىسمەكچىلەرنى قويۇپ، ھېچكىمنى خارابىلىككە يېقىن كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنداق بىر - ئىككى ئاي ھەپىلەشتى. چېرىكلەرگە قارىساڭ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز، ئۇستىۋېشى توپا - تۇمان، بەكمۇ ئاۋارە كۆرۈنەتتى. ھە دېسىلا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن توخۇ، تۇخۇم ئوغرىلاپ دېھقانلارنىڭمۇ ئارامىنى قويمىدى. شۇ چاغدا ھەممىمىز: «ھەي، بۇلارنىڭ ئالتۇن تاپالىغىنىمۇ تايىنلىقمىكىن، بولمىسا خەقنىڭ كاتىكىنى مالتىلاپ يۈرمەس ئىدى» دېيىشكەنىدۇق. بىر كۈنلەردە ئۇلار ئۆزلۈكىدىن غايىب بولۇشتى. بۇ يەرگە شۇنداق تەلەي سىناپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار خېلى بار. ھازىرغىچە بىرەرسى يوغانراق بىر نېمە تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا داستىخان راسلىدى. ئەكرەمنىڭ كۆزى نان - توقاچلارنى تىزىپ، چاي قۇيۇۋاتقان قىزغا ئاغدۇرۇلدى. قىزنىڭ كېلىشكەن قامىتى، ساغرىسىدا ئويناپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچى، ئۇنىڭ يۇمران بەدەنلىرىدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق يىگىتكە ئىللىق بىر سېزىم ئاتا قىلماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ باياتىن بېرىقى سۆزى تاھىرنى ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇمۇ قىزنىڭ چاي قۇيۇۋاتقان قولىغا تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، خىيالى: «تەس گەپ ئىكەن - دە! . . . ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى

شۇنچە ئاختۇرۇپ تاپالمىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قۇرۇق قول كولاپ بىز قانداق تاپالايتتۇق؟» دېگەنلەردە ئىدى. «ياق، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى،— دەپ خىيالنى داۋام قىلدى تاھىر،— كىم بىلىدۇ، يىللاردىن بېرى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان دۇنيالار بەلكىم تىرەنلا بىر يەردە، قايسىبىر تەلەيلىكنىڭ بىر كەتمەن چېپىپلا قومۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ...»

— خوش قېنى، جوزىغا يېقىنراق كېلىپ چاي ئىچىڭلار،— دەپ يىگىتلەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى بوۋاي،— سىلەر نېمىشقا ئىزدەيدىغان نېمەڭلەرنى كۈندۈزى ئىزدىمەي، خارابىلىكتە قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرىسىلەر؟

ئىككى يىگىت ئىتتىك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بوۋاي نان ئوشتۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

— بىز تەرەپتە چوڭ بىر مازار بار،— دەپ گەپ باشلىدى تاھىر چايدىن ئوتلاپ تۇرۇپ. ئۇ گەپنى تولىراق قىلاتتى. بوۋاينىڭ نەۋرە قىزىغا قىزىقىپ قېلىۋاتقان ئەكرەم بولسا ئۈنچىقماسراق يىگىت ئىدى،— چوڭلار ئۇنى «ناھايىتى ئۇلۇغ مازار» دېيىشىدۇ، زادى كىمنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئۇقمايمىز. مازارنىڭ ئېگىز گۈمبەزلىرى قىيسىيىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالدى. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا شاخلىرىنى يېيىپ ئۆسكەن بىر ـ بىرىدىن يوغان قارىياغاچلار بار. بالا ۋاقتىمىزدا، كۈندۈزى ئۇ يەردە مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينايتتۇق. كېچىسى مازارنىڭ ئەتراپى شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. قارىياغاچلارنىڭ ئۇستىدە جىنلار ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك، دەپ ئەيمىنىپ، ئۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ. مازارنىڭ

يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيدە مازارنىڭ شەيخى يېتىپ قوپىدۇ. قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، مۇكچىيىپ ماڭىدىغان غەلىتە ئادەم. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەيخنىڭ جىنلارنى ياۋاشلىتىۋېتىدىغان ئايەتلىرى بارمىش، شەيختىن جىنلارمۇ قورقىدىكەن. مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى يىراقتا سەپەر قىلماقچى ياكى چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئازراق ياغ پۇرىتىپ، قويماق - پوشكال سېلىپ، ھېلىقى شەيخنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ...

— قېنى، چاي ئىچكەچ سۆزلە،— دېدى بوۋاي.

تاھىر ئازراق نان يەپ، چايدىن بىر سۇمۇرۇۋېلىپ، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى بولدۇق.

— نېمە قىلماقچى بولدۇڭلار؟

— چوڭلارنى دوراپ، شەيخنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى بولدۇق. بىراق، ياغ پۇرىتىپ، پوشكال سالىدىغانغا نەدە پۇل. مەن بىر يېتىم بالا، ھېلىقى تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن. ئۆزى ياخشى ئادەم، بەك كەمبىغەل، چېكىنىۋېلىپ: «تاھىر، خۇدايىم بىزگىمۇ ‹ئال قولۇم› دەپ ئازراق بىر نېمە بېرىۋەتسە، بىر باي بوپكەتسەك - ھە!» دەپ قۇرۇق خىيال قىلىدۇ، ئىشى راۋاج تاپمايدۇ. ماۋۇ ئەكرەم ئاغىنەمنىڭمۇ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى شۇنداق ياۋاش ئادەم، ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھەر يىلى قورسىقى دومبىيىپ تۇرىدۇ، ئارقا - ئارقىدىن بەشنى تۇغدى. ئۇكىلىرىنى يۇدۇپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بۇ ئاغىنەمنىڭ بويىمۇ ئۆسمەي

قالدى. ئۆگەي ئانىسى شۇنچىلىك زالىم، ئۇنىڭغا تويغۇدەك تاماقمۇ بەرمەيدۇ.
تاھىر شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئاغىنىسىگە قاراپ قويدى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چىنىلەرگە چاي قۇيۇۋاتقان قىز ئەكرەمگە ئىچى ئاغرىپ قاراپ قالدى. ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلغىنىغا خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.
— ھوي، چاي ئىچىڭلار، چاي ئىچكەچ پاراڭ قىلىڭلار! — دېدى بوۋاي.
— شۇنداق قىلىپ، ئەكرەم ئىككىمىز، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ دەپ مەسلىھەتلەشتۇق، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تاھىر ئاغزىدىكى ناننى چايناپ تۇرۇپ، — توختا، بىر ئامالىنى قىلىمىز، دېدىم. قوشنىمىزنىڭ كاتىكىدىن تۇخۇم بېسىپ ياتقان بىر توخۇنى ئوغرىلاپ، ئاستىدىكى تۇخۇملىرىنىمۇ قوشۇپ يانچۇققا سېلىپ چىقتىم. شەيخنىڭ ئالدىغا باردۇق. ھېلىقى ئەسكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىمىزگىلا ئۇ:
— كېلىڭلار باللىرىم. ھە، سەپەر قاياققا؟ — دەپ سوراپ قالدى.
ئەكرەم ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ئارانلا پەرق ئەتتۇق. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەيخ شۇنداق سىرلىق ئادەمكەن. ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوقمىش، غايىبتىن كەلگەن ئاۋازلار ئۇنىڭغا كىمنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى، مەخپىي

سىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرارمىش. ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىكەن. بىزمۇ گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىگە بېرىپ، تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. شەيخ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:

— ھە، بىلىمەن، بىلىمەن، سىلەر بارماقچى بولغان يەر نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا بىر شەھەر ئىدى. توقلۇق، باياشاتچىلىقتىن شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇزۇقچىلىققا پېتىپ قېلىپ، ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، بىر كېچىدىلا ئاسماندىن قۇم - تۇپراق يېغىپ، شەھەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، — دېدى.

بىز «تۇۋا!» دەپ ياقىمىزنى تۇتتۇق. شەيختىن:

— ئۇنداقتا بىز ئۇ يەرگە بارساق بولارمۇ؟ بارمىساق بولارمۇ؟ — دەپ سورىدۇق. شەيخ:

— بېرىشقا نىيەت قىلغان بولساڭلار بېرىڭلار، ئەمما ئۇ يەرنى كېچىسى ئاختۇرۇڭلار، — دېدى.

بىز بۇ گەپنى چۈشەنمىدۇق. قاراڭغۇ كېچىدە نېمىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ ئۇ بىزنى ئوغرىلىق قىلغىلى كېتىپ بارىدۇ، دەپ قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟ دەپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدىم. شەيخ:

— يارانقان ئىگەم كېچىنى كۈندۈزدە جاپا چەككەنلەرنىڭ ئارام ئېلىشى، ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ شۇ ئىشلارنى خۇپىيانە قىلىشى ئۈچۈن يارانقان. كۆمۈكلۈك خەزىنىنى ئىزدىمەكىڭمۇ مەخپىي

بولغىنى ياخشى. سىلەر ئۇ يەرنى ئەڭ ياخشىسى كۈننىڭ قىزىلى يېتىكەندىن باشلاپ ئاختۇرۇپ، تاڭ سەھەردە ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن ئاۋارچىلىقىڭلارنى توختىتىڭلار! — دېدى.

ئەيتاۋۇر تازا ئېسىمدە يوق، شەيخنىڭ گېپىنىڭ ئورامى مۇشۇنداقراق بولدى. قولىمىزدىكى توخۇ، توخۇملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، رەھمەت! دېدۇق. ئۇ:

— بۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك تۇرسىلەر، ئالمايمەن، — دېدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئاپارغان نەرسىلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قايتىپ چىقتۇق...

تاھىر يەنە مەھەللىدىن چىققاندا باغلاقتىن بوشانغان قوزىدەك خۇشال بولۇپ قانچىلىك قىيغىتىشقانلىقىنى، يولدا بىر تونۇردىن كۆمەچ ئوغرىلاپ يېيىشكەنلىرىنى، كېچىسى ياتىدىغان جاي تاپالماي، بىر كونا تۈگمەنگە كىرىپ يېتىپ تازا قورققانلىقىنى، باغدىن ئالما ئوغرىلايمىز، دەپ تامدىن ئارتىلىپ، بىر ئىشلەمچىنىڭ باغۋەننىڭ قىزى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلىمەكچى ئىدى. باشقىلارنىڭ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزدىن توختاپ ئالدىدىكى چېيىنى ئىچىۋېتىشكە تۇتۇندى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى:

— شۇنچە يوللارنى بېسىپ، ئىزدەپ ـ سوراپ بۇ يەرنى ئاران تېپىپ كېلىۋېدۇق، قېرىشقاندەك ئاخشام بوران چىقىپ كەتتى. بىر كونا خاماننى تېپىپ، مەڭگەنگە

يۆگىنىپ ياتتۇق. بىر چاغدا كۆزىمىزنى ئاچساق، بوران توختاپ، ئۇستىمىزدە يۇلتۇزلار كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، خارابىلىككە ئالدىراپ يېتىپ كەلدۇق. ئۇيەر - بۇيەرنى ئەمدىلا كولاشتۇرۇپ تۇراتتۇق، بۇ تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىشىمىزنى توختاتتۇق،— دەپ ئاياغلاشتۇردى.

چايدىن كېيىن بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى داستىخاننى يىغىپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ئەزاننى كىم ئېيتىمدۇ، بوۋا؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم.

— كىم ئېيتاتتى، مانا مەن ئېيتىمەن.

— كىمنى نامازغا چاقىرىسەن؟ بۇ ئايدالادا باشقا ئادەممۇ يوقتەكقۇ؟

— بۇ قەدىمكى خارابىلىكتە ئىلگىرى ھالال ئەمگەكلىكىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن، دەپ بىلىمەن،— دېدى بوۋاي،— ياش ۋاقتىمدا، بۇ خارابىلىك ئۇستىدە ئېسىلىپ تۇرغان نۇرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ھەر كۈنى ناماز ۋاقتىدا، بۇ ئەتراپتا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ روھى بولسىمۇ ئاڭلىسۇن، دەپ ئەزان چاقىرىمەن، ھەر نامىزىمدا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. نامراتچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ يەردە شۇنچە ئۇزۇن يىل ياشاپتىمەن. بىرەر پارچە ئالتۇن تېپىۋالارمەنمىكىن، دەپ شۇ خارابىلىككە بىرمۇ كەتمەن چېپىپ باقماپتىمەن. بۇمۇ بىر ئەقىدە. مېنىڭ سىلەردەك ياشلىق چاغلىرىم بولغان.

لېكىن، سىلەر تېخىچە مەندەك قېرىلىق دەملىرىگە كەلمىدىڭلار. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىلەر.

تاھىر بىلەن ئەكرەم بوۋاينىڭ زادى نېمە دېمەكچىلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. تاھىر: «بىزنىڭ ھېلىقى شەيخ. . .» دەپ يەنە بىر گەپنى باشلىماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

— بىلگۈچى ئاللا،— دېدى بوۋاي،— شەيخلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: بىر زامانلاردا، مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئاق كۆڭۈل، سادda بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇششاق بالىلىرى بىلەن كۈنى تولىمۇ غورىبەتچىلىكتە ئۆتەتتىكەن. ئۇ ھەر كۈنى: «ھەي خۇدا، بىر كاللەك ئالتۇننى غايىبتىن تاشلاپ بەرگەن بولساڭ، مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ، مەنمۇ ئارامخۇدا ساڭا ئىبادەتنىمۇ قىلغان بولسام» دەپ تىلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ھاسىسى بىلەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ:

— قوپ ئورنۇڭدىن، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىگە بار. خارابىلىك ئوتتۇرىسىدا بىر توپ يۇلغۇن ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. يۇلغۇننىڭ ئۇلى تەرىپىنى كولىساڭ، بىر تاش چىقىدۇ، تاشنى ئورنىدىن قوزغاتساڭ، تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن يول كۆرۈنىدۇ، «بىسمىللا!» دەپ ئۇلى پۇتۇڭنى ئېلىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئالدىڭدىكى يول بىلەن

ماڭساڭ خەزىنىگە يېتىسەن، — دەپتۇ.

دېھقان چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى. تاڭ يورۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا قارايدىغان شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئۇنىڭغا كېچە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ:

— شەيخ ئاتا، سىزچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. شەيخ:

— بالام، سەن چۈشۈڭدە ساقاللىق شەيتاننى كۆرۈپسەن. ھەرگىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، خارابىلىككە بېرىپ، كەلسە - كەلمەس يەرلەرنى كولاپ يۈرگۈچى بولما! — دەپتۇ.

شەيخ دېھقاننى شۇنداق دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ، خارابىلىككە ئاستا ئۆزى بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ. قارىسا راست. خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزغۇچ چېچەكلىگەن بىر تۈپ يۇلغۇن باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ تۇرغۇدەك. شەيخ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يۇلغۇننىڭ يېنىنى بىر ھازا كولىغانىكەن، يوغان بىر تاش چىقىپتۇ. تاشنى ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئورنىدىن قوزغاتقانىكەن، تۆۋەندە تاش پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. شەيخ: «تاپتىم! تاپتىم!» دەپ ۋارقىراپ، خۇشاللىقىدا «بىسمىللا» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇدۇل كەلگەن پۇتىنى ئېلىپ تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ ئىچى كەتكەن ئۆڭكۈر ئىكەن. ئۇ بىر - ئىككى قەدەم باسمايلا، پۇتىنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگەن يىلانلارنى كۆرۈپتۇ. «ئاللا، توۋا!» سىلىپ قېچىپ چىققۇچە، يىلانلار ئۇنى قوغلاپ يېتىپ، چېقىپ

ئۆلتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئەتىسى بىرىپ قارىسا، شەيخ يۇلغۇننىڭ قېشىدا ئۆلۈپ ياتقۇدەك، خارابىلىك بولسا ئىلگىرىكىدەكلا تىمتاس تۇرغۇدەك

— يائاللا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ بۇ! ؟ — دەۋەتتى ئەكرەم.

— ئەگەر، ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆزى بىرىپ يۇلغۇننىڭ يېنىنى كولاپ باققان بولسا، قانداق بولاتتىكىن؟ — دەپ سورىدى تاھىر

— بۇ بىر رىۋايەت، — دېدى بوۋاي، — ياش ۋاقتىمدا بۇ خارابىلىك ھەققىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى بىلەتتىم، ھازىر ئۇنتۇپ كەتتىم . . . ھە راست، ھېلىقى چېرىكلەر بۇ يەردە ئالتۇن ئىزدەپ يۈرگەن چاغلاردا، كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنىڭمۇ تارقىلىپ يۈرگىنى ئېسىمدە: قەدىمكى زاماندا، دەل مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئورنىدىكى شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر قېتىم، شەھەرگە كۆچلۈك ياۋ بېسىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، شاھ خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تاش ئىچىدىكى بىر مەخپىي ئۆڭكۈرگە يۆتكەپتۇ. كىشىلەر تۆگىلەر بىلەن تۆگە ھەيدىگۈچىلەرنىڭ تاغ تەرەپكە ئۆتكىنىنىلا كۆرىدىكەن، ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرمەيدىكەن. شاھ ھېلىقى مەخپىي ئۆڭكۈرگە ئالتۇن ـ كۈمۈش توشۇغان ۋە ئۆڭكۈرنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆجۈقتۇرۇۋەتكەن، دېيىشىدۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە ئادەملەر بۇ ئۆڭكۈرنى ئىزدەيدىكەنۇ، تاپالمايدىكەن. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان چېرىكلەرنىڭ تاغ ئىچىنى قىدىرىپ، نەچچىسىنىڭ ئېگىز قىيالاردىن غۇلاپ

چۈشكىنىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆڭكۈرنى زادىلا ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغۇدەك. شاھ ئۇ ئۆڭكۈرنى قازدۇرۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن دەريا سۈيىنى باشلىۋەتكەنمىش.

— ئۇنداقتا، بۇ خارابىلىكتە ئىزدەپ تېپىۋالغۇدەكمۇ ھېچنېمە قالمىغان دېگىنە بوۋا؟ — دېدى تاھىر.

— كولاپ كۆرمەكچى بولساڭلار، كۈندۈزى كولاڭلار،— دېدى بوۋاي،— تەلىيىڭلار بولسا، بىرەر پۇللۇق نەرسە ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قاراڭغۇدا قىلغان ئىشنىڭ بەرىكىتى بولامدۇ؟ . . . مانا مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ، چاينىمۇ مەشەدىلا ئىچىڭلار. بىرەرىڭلارنى نەۋرە قىزىمغا چېتىپ ئوغۇل قىلىۋالغان بولسامغۇ خويمۇ ياخشى بولاتتى. يىراقنى يېقىن قىلغۇدەك سىلەردەك بىر ئوغۇل بالىغا تولىمۇ موھتاجمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەكرەم نېمىشقىدۇ ئۆپكىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى. تاھىر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋاتقان بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

* * *

يىگىتلەر خارابىلىكنى خېلى كۆڭلەرگىچە قىدىرىشتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قانداقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، ئاقىرىپ ياغاچقىلا ئوخشاپ قالغان قۇرۇق ئۇستىخانلاردىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى.

ئاخشىمى ـ ئەتىسى ئازراق سوغۇق چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، كۈن ئۆرلىگەندە كۆز ئاپتىپىنىڭ يەنە ئوبدانلا تەپتى بار ئىدى. هارغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىككى يىگىت ئاپتاپىقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشاتتى. يىراق ـ يېقىندىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخى يېشىللىقىنى يوقاتمىغان بولۇپ، بۇ يېشىللىققا قايسىبىر مېۋىلەرنىڭ قىزارغان يوپۇرماقلىرى ئارىلىشىپ ئۆزگىچە بىر كۆز مەنزىرىسىنى هاسىل قىلغانىدى. تىنىق ئاسماننىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار هەرىكەتسىز تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، سىنچىلاپ قارىغانسىرى ئاستا ـ ئاستا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، هەر خىل نەرسىلەرنىڭ سىماسىغا ئوخشاپ قالاتتى. قەدىمكى شەهەر خارابىلىكى بولسا، ئەسىرلەردىن بېرىقى سۈكۈتىنى بۇزماي جىمجىت ياتاتتى.

— قارىغاندا ئىككىمىزدە تەلەي دېگەن نېمە يوقكەن ـ دە؟ — دېدى ئەكرەم، — ئالتۇن تۇرماق، بىر تال پۇچۇق يارماق تاپالىغان بولساق كاشكى . . .

— ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى تاهىر، — بىر زامانلاردا بىر ئادەم مۇشۇ خارابىلىكتىن بىر تىللا، پەقەت بىرلا تىللا تېپىۋېلىپ كاتتا باي بوپتىكەن.

— بىر تىللا! ؟ — ئەكرەم بىر تىللانىڭ ئەمەلىي قىممىتىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى، — بىر تىللا دېگىنىڭگە قانچە نان كېلىدۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟

— سېنىڭ بىر تىللارىڭغا قانچە نان كېلىدۇ؟ —

دەۋاتىمەن.

— قانچە نان كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم يۈز نان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق نان كېلىدىغاندۇ. لېكىن، تىللا تاپقان ئادەم نانلا يەپ ئولتۇرمايدۇ ـ دە!

— ئەمىسە، ئۇ بىر تىللا بىلەن قانداق قىلىپ شۇنچە باي بوپكېتىپتۇ؟

— ئۇ ھېلىقى تېپىۋالغان تىللاغا ماۋۇ بازاردىن ئازراق بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ ئىككى تىللاغا سېتىپتۇ. ئۇ بازاردىن ئىككى تىللالىق مال ئېلىپ، باشقا بىر بازارغا ئاپىرىپ تۆت تىللاغا سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ پۇللىرى ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىپ، ئاخىرىدا كارۋانلىرىنى ھەيدەپ، شەھەرمۇ شەھەر ئارىلاپ سودا قىلىدىغان چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ. ھەر بىر شەھەردە چوڭ ـ چوڭ دۇكانلىرى، باغلىق قورۇ ـ جايلىرى بوپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ خارابىلىك يېنىغا قايتىپ كېلىپ، تاشدۆڭگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن. كۆرگەنسەن، نېمىدېگەن ھەيۋەت؟!

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ! — دېدى ئەكرەم، — بۇيەردە: پالانچى بۇ خارابىلىكتىن مۇنداق بىر نېمە تېپىۋېلىپ ئۇنداق باي بوپكېتىپتىكەن، مۇنداق چوڭ ئىش قىپتىكەن، دەيدىغان رىۋايەتتىن تولا نېمە يوقكەن. كولىساڭ، تاشتىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— دەۋاتىمەنغۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەن كۆرگەنلا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ ـ دە! ئىككىمىزنىڭ پەقەتلا تەلىيى يوقكەن.

ئەكرەم يەنە ئاغىنىسى ئېيتقان ھېلىقى بىر تىللا

توغرىسىدا ئويلاپ قالدى.

— نېمىشقا ھېلىقى باي بۇ تاشدۆڭگە بۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— نېمىشقا دېگىنىڭ نېمە گەپ؟ — دېدى تاھىر جەينەكلىنىپ، يېنىچە بولۇپ ئاغىنىسىگە قاراپ.

— نېمىشقا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر مەسچىت سالاي، دېگەن خىيال كىرىپ قاپتۇ ۋە ئۇ مەسچىتنى مۇشۇ قاقاس دۆڭگە سالغۇسى كەپتۇ؟

— ئۇ مۇشۇ خارابىلىكتىن تېپىۋالغان بىر تال تىللا بىلەن شۇنچە بېيىپ كەتكەن - دە، بەلكىم ئۇ خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى بۇ خارابىلىك يېنىغا بىر مەسچىت سېلىپ قايتۇرماقچى بولغاندۇ؟ بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلار مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ پات - پات مېنىڭ روھىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ تۇرسۇن، دەپ ئويلىغاندۇ.

— ئەگەر ساڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم بىلىككە ئۆملەپ چىقىۋاتقان چۈمۈلىنى ئۇرۇۋېپ چۇشۇرۇۋېتىپ.

— مەنمۇ؟ — دېدى تاھىر، — ھە، ماڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا. . . ھە، نېمە قىلاتتىم؟ . . . مەنمۇ شۇنداق بىر ئىش قىلاتتىم.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— ھېلىقى سودىگەردەك بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىپ سودا بىلەنلا ھەپىلىشەتتىم. بىر تىللاغا قانچە نان كېلىسۇن، نان دېگەننى ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەۋەرسەڭ، ئۇمۇ توگەپ، يەنە قورساق ئاچىدۇ - دە! باشتا نانمۇ يېمەي

ئۇقەت قىلماق كېرەك . . . سەنچۇ؟ بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا، سەن قانداق قىلاتتىڭ؟

— بىر تىللا ئۇچرىغان بولسا. . . ھە، ئۇچرىغان بولسا. . . قانداق قىلاتتىم. . . قېنى ئۇ تىللا؟ . . . سەنمۇ تاغاڭغا ئوخشاش قۇرۇق خىيال قىلىۋەرمىگىنە!

— ياق ئەمدى بىر دەۋاتقان گەپقۇ. مىسالى، ساڭىمۇ شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا، قانداق قىلاتتىڭ؟ دېمەكچى.

— قانداق قىلاتتىم؟ . . . تىللانى كۆتۈرۈپ بېرىپ، بىزگە ھەر كۈنى چاي بېرىۋاتقان ھەيدەر بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ: «بوۋا، تاپقان دۇنيايىم مۇشۇكەن، نەۋرە قىزىڭىزنى ماڭا نىكاھلاپ قويساڭ، ئىككىمىز سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلساق» دەيتتىم.

— ھەي كاساپەت، بوۋاينىڭ قىزى گۈلسۈمگە كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ ـ دە!

دوستلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. خارابىلىككە چۈشمەكچى بولۇپ تۆۋەنلىگەن بىر جۈپ دالا تورغىيى كۈلكە ئاۋازىدىن ئۈركۈپ، يەنە ئوخچۇپ يۇقىرى ئۆرلىدى. كۆپكۆك كۆز ئاسمىنىدىكى ھېلىقى ئاق بۇلۇتلار ئەمدى نېپىز ئاق داكىدەك بولۇپ يېيىلىپ كەتكەنىدى.

— ھېچنېمە تاپالماي، مەھەللىگە قۇرۇق قول سالپىيىپ بارىدىغان بولساق، تازا كۈلكىگە قالىمىز ـ دە! — دېدى ئەكرەم.

— تېخى ھېلى مەھەللىمىزدىكى شەيخ: «بۇ ھارامدىن بولغانلار قاچان كېلەر؟» دەپ مەھەللىنىڭ بېشىدىلا كۈتۈپ تۇرامدىكىن، دېگىنە؟

— قانداقچىسىگە؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ گېپىگە چۈشەنمەي.

— بىز ھېلىقى توخۇ بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا چۈجىلىرى چىقايلا دەپ قالغان تۇخۇملارنىمۇ ئاپىرىپ بەردۇق. شەيخ خوجام: «بۇنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك تۇرىسىلەر، ئالمايمەن» دېگەنبىلەن، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا قاراڭغۇ ئۆيدە بايقىماي قوروپ يېگەن بولسا، ئىچى ئوقتەك سۈرۈپ كەتتى ـ دە!

ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن مەھەللىگە قايتىپ بارمايمەن، — دېدى تاھىر.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولدى ئەكرەم.

— بارساڭ يەنە شۇ كۆڭۈلسىز ئۆي. تاغامنىڭ چېكىنۈۋېلىپ قۇرۇق خىيالنى سۈرگىنى سۈرگەن. دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاڭلاۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن گەپلەر. تاغام ياش ۋاقتىدا، ئالدىغا ھەر كۈنى بىر قارىغۇ دىۋانە ئۇچرايدىكەن، دىۋانىنى بىر كىچىك قىز يېتىلەپ يۈرىدىكەن، ھېلىقى دىۋانە كۆزى كور بولسىمۇ، تاغامنى ئاياغ تاۋۇشىدىنلا تونۇۋالاتتىكەن. ھەر قېتىم تاغامغا ئۇچراپ قالغاندا ئۇ:

— ئۇرايىم، مۇشۇ قىزىم رەسىدە بولاي دەپ قالدى، مەندىن كېيىن قالسا، ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغۇدەك بىر ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ. شۇ قىزىمنى سەن نىكاھلاپ ئالساڭ، — دەيدىكەن.

تاغام ئىچىدە: «مەن ئەمدى سەن قەلەندەرنىڭ قىزىنى ئالامتىم» دەپ ناھايىتى خاپا بولاتتىكەن. كېيىن ئۇ قىزنى

باشقا بىرسى نىكاھلاپ ئاپتۇ. قەلەندەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەرگە سالغان كىگىزلىرىنىڭ ئاستى، ئەسكى يوتقانلىرىنىڭ ئەستىرى، ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى يوچۇقلاردىن تارتىپ كونا ئوچاقنىڭ مورىلىرىغىچە ھەممە يەردىن شۇنداق جىق پۇل چىقىپتۇكى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمىغانمىش. شۇنىڭ بىلەن دىۋانىنىڭ كۆيئوغلى بىر كېچىدىلا كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇدەك. تاغام ھېلىقى دىۋانىنىڭ قىزىنى ئالمىغىنىغا تا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدۇ... يەنە ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ شۇنداق غەلىتە چۆچەكلەرنى توقۇيدۇكى، ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. بىر دېھقان سوقا بىلەن يەر ھەيدەۋاتسا، توپىنىڭ ئاستىدىن بىر قالپاقنىڭ پۆپۈكى كۆرۈنۈپ قاپتۇدەك، قالپاقنى كۆتۈرسە ئاستىدىن بىر باش چىقىپتۇدەك، كولاۋەرسە، بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن جەسىتى ئىكەن. جەسەتنى تارتىپ چىقىرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ئالتۇن ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن توقۇلغان بىر ئات تۇرغۇدەك... مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپلەر. تاغامنىڭ ئەھۋالى شۇ. مەھەللىدە ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشىدىغان كىمىم بارتى؟

— مەھەللىگە بارمىساڭ نەگە بارىسەن؟ — سورىدى ئەكرەم.

— چەت مەملىكەتكە چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— نەگە؟!

— چەت دۆلەتكە. ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھەيدەر بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىن يۇقىرىلاپ يەنە بىرەر كۈن ماڭساقلا، چېگرىغا يەتكۈدەكمىز.

بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا گەپتىن گەپ چىقىپ، ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرگە چېگرىنىڭ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، چېگرىغا يېقىن مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ماللىرى بەزىدە چېگرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، دېھقانلارنىڭ ئۆزى بېرىپ ھەيدەپ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بوۋاي يەنە: «بىر زاماندا، ئەتراپىمىزدىكى يۇرتلاردىنمۇ خېلى ئۆيلۈكلەر ئۇياققا ئۆتۈپ كەتكەن. بەزىلەر مېنىمۇ بىللە كېتەيلى، دېگەن. مېنىڭ مۇشۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ئاتا ـ بوۋا، دوست ـ يارەنلىرىمنىڭ قەبرىسى مۇشۇ ئەتراپتا. كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەتراپ چەكسىز تىنچ دالا. باھاردا بۇ يەر رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ئېچىلىپ شۇنچە چىرايلىق بوپكېتىدۇ. كۈننىڭ تەپتى، بورانلارنىڭ ھۇشقىتىشى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى كىشىگە يارىتقان ئىگىسىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

— چېگرىنىڭ پايلاقچىلىرى تۇتۇۋالسا، قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم.

— بۇ تەرەپكە بىر موزىيىمىز قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇنى ئىزدەپ كېلىشىم، موزاينى تاپمىسام، دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ يىغىنى سالىمەن.

ھەر ئىككىلىسى تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەنچۇ؟ بولمىسا بىللە كەتمەمدۇق؟ — دېدى تاھىر.

— مەن ئۇنداق يىراق يەرگە كەتمەي، — دېدى ئەكرەم، — دادام بەك ياۋاش ئادەم، قېرىغاندا ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ؟

— ئىنىلىرىڭچۇ؟ دادائ قېرىپ كەتكۈچە

ئىنىلىرىڭمۇ چوڭ بولار؟
— ئۆگەي ئانام يامان خوتۇن. دادام قېرىپ ئىشقا يارىمايدىغان بولغاندا، بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ دادامنى ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرامدىكىن دەيمەن.
— مەھەللىگە قايتىسەن؟
— ھازىرچە قايتماي، ھەيدەر بوۋايغا ئوغۇللا بوپكېتەيمىكىن دەيمەن. دادامنى قېرىغاندا يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن.
— ھىم. . . بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى يۈرىكىڭگە ئوبدانلا ئوت ياققاندەك تۇرىدۇ ـ ھە! ؟
ئىككى يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتى.
— مېنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىمنى بوۋاي بىلمىسۇن، — دېدى تاھىر.
ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يىگىتلەر تۆۋەنگە — قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپكە قاراپ ماڭماي، يۇقىرىلاپ كەتتى. ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا ھاسا تايىقىغا تايىنىپ تۇرغان ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرنىڭ بۇگۈنكى سەپىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.
بۇلۇتسىز تىنىق ئاسماندا ئەتىگەنلىك قۇياش پارلاپ تۇراتتى. يىگىتلەر ئاق مەسچىتتىن يىراقلاپ، ئالدىدىكى بىر دۆڭدىن ھالقىپ چۈشتى. ئوت ـ چۆپلىرى سارغايغان تۆپىلىكلەر بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشاتتى. ئۇنىڭمۇ ئۇستىدە بولسا، قارلىق چوققىلار يالتىراپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر ئىككى يىگىت ئۇنچىقماي مېڭىشماقتا ئىدى.

— بولار، مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ قويغىنىڭمۇ يېتەر،— دېدى تاھىر بىر مەنزىلگە يەتكەندە،— ئەمدى قايتىپ كەت!

ئۇلار قۇچاقلاشمىدى، قولمۇ ئېلىشمىدى، «خەير، خۇداغا ئامانەت!» دېيىشىپ ئاددىيلا خوشلاشتى. بۇ ئايرىلىشنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېخى ئۇلار چۈشەنمەيتتى...

* * *

ئارىدىن ئاتمىش يىل ۋە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندۇ، تاھىر ئەپەندى قايتىپ كەلدى.

شۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە تاشدۆڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. قېرىلار ئالەمدىن ئۆتكەن، ياشلار قېرىغان، كىملەردۇر تۇغۇلۇپ، يەنە كىملەردۇر ياشلار قاتارىغا قېتىلىپ هاياتلىق سىمفونىيىسى ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرغانىدى... ئېگىز بوي، پۇزۇر كىينگەن بۇ ئادەمنىڭ بىر يىللاردا بۇ يەردىن كەتكەن، بۇرۇنقى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان يىگىت تاھىر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىدىكى هېلىقى چېكىۋېلىپ ئاجايىپ قىزىق خىياللارنى سۈرىدىغان تاغىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. مەھەللىدە تاھىرنى تونۇغۇدەك ئادەملەرمۇ قالمىغانىدى.

تاھىر ئەپەندى شەھەرلەردىكى ئېگىز بىنالار،

ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كەڭ يوللار ۋە ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك سودا سورۇنلىرىنى كۆردى. تۇپتۈز ئېلىنغان يوللار يېزىلارغىچە، يېزىلارنىڭ كىچىك كەنتلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. يېزىلاردىمۇ ئادەملەر كۆپەيگەن، دېھقانلارنىڭ ئىككى - ئۈچ تال توغرا ياغاچ بىلەنلا توسۇپ ياساپ قويىدىغان غورۇلىرى ئورنىغا دەرۋازىلار بېكىتىلىپ، مەھكەم قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولغانىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، يېزا يوللىرى ئۆزىنىڭ قەدىملىكىنى — قەدىمكى ئەگرى - بۈگرى ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېسىگە مەھكەم ئورناپ قالغان يېزا يوللىرىنىڭ قىياپىتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇ ئاغىنىسى ئەكرەم بىلەن مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى ئىزدەپ ماڭغاندا، ئەنە شۇنداق كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى، توپىلىق ھارۋا يوللىرى بىلەن ماڭغان، يېپىلىپ ئاققان سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەن، ياغاچلىرى قاغجىراپ كەتكەن قانداقتۇر بىر سۇنۇق كۆۋرۈكتە پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇشقان، قايسىبىر شورىلاردىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، كىملەرنىڭدۇر مېۋىلىك باغلىرىغا كۆز تاشلىغان . . . بۇ ئاددىيلا كۆرۈنۈشلەر تاھىر ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا داڭلىق رەسسام سىزغان قىممەتلىك رەسىمدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغانىدى.

تاھىر ئەپەندى تاشدۆڭگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەر ھېلىمۇ «تاشدۆڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى. ئاق

مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا پاكار ـ پاكار دېھقان ئۆيلىرى چۈشۈپ، بۇ يەر يېڭىدىن بىر مەھەللىگە ئايلانغانىدى. توپىلىق يوللاردا ئۇششاق بالىلار ئويناپ يۈرەتتى. ئەتراپ كەڭرى كەتكەن دالا، يۇقىرىلاپ بېرىپ قارىغايلىق تاغلارغا ئۇلىشىدىغان تۆپىلىكلەر، قارىغايلىق تاغلارنىڭ ئۈستىدە بولسا، ئاقۋاش چوققىلار يەنە شۇ قەدىمكى تۈستە سۈكۈتتە تۇراتتى. قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى بولسا، كىشىلەر تۈزلەپ ئېتىــــزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىـــدى. . . تاھىـــر ئەپەندىنىڭ پىكاپى ئاق مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا، مەھەللە تەرەپتىن بىر توپ بالىلار چىقىپ پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. بۇ دۆڭلۈككە بۇنداق قوڭغۇز پىــــكاپلار كەمدىن ـ كەم كېلەتتى.

تاھىر ئەپەندى يىراقتىنلا پىكاپتىن چۈشۈپ، ئاق مەسچىتكە ئاستا ـ ئاستا قەدەم ئېلىپ يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەيتتى. ئاق مەسچىت ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاق مەسچىت ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىدى. كۆز ئالدىدا بولسا ئېگىز مۇنارلىرى چۈۋۈپ تاشلانغان، ئۈستىدىكى توپىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن پېشايۋاننىڭ توغرا ياغاچلىرى ئېگىلىــــپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ياغاچلارغا چېكىلگەن گۈللەر، تام ـ تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆچۈپ خىرەلەشكەن، ئىشىكلىرى قاغجىراپ يېرىلغان خارابە بىر ئىمارەت تۇراتتى. ئەڭ پاكىز ساقلىنىپ قالغىنى مەسچىت ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈك ئىدى. تۈۋرۈكلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارىداپ، ئىلگىرىكى ئىسكەتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، تۈۋرۈك يافىچىغا چېكىلگەن نەپىس

نەقىشلەر يەنە مەسچىتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەلتەنىتىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

تاھىر ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىپ، ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى ئاپئاق، مۈكچەيگەن، ئورۇق بىر موماي تۇراتتى. «بۇ كىمدۇ؟!» تاھىر ئەپەندىنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى.

— ياخشىمۇ سىز خانىم؟ — دېدى ئۇ.

«خانىم» دېگەن سۆز مومايغا غەلىتە ئىشتىلدى. بۇ يەردە ئۇنى ھەممەيلەن «گۇلسۇمخان» دەپ چاقىراتتى.

— تىچلىقمۇ؟ — دەپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئېگىلدى موماي.

تاھىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇردى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى گۇلسۇمخان موماي، — نېمە دەيدىغانسىز؟ شۇ تاھىر سىزمۇ؟ ... رەھمەتلىك ئەكرەم گېپىڭىزنى جىق قىلاتتى.

موماي بىر قولى بىلەن بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياغلىقىنى تۇتقىنىچە، ئىتتىك مېڭىپ تاھىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلغىنىچە كۆز يېشى قىلدى. تاھىر ئەپەندى مومايىنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىغا تارتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى ... بۇنىڭدىن ئاتمىش يىللارچە ئىلگىرى، تاھىر ئەپەندى بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئاغىنىسى ئەكرەم ئۇنى يىراقلارغىچە ئۇزىتىپ بارغان، ئۇلار قۇچاقلاشماي، قولمۇ ئېلىشماي،

«خۇداغا ئامانەت!» دەپ ئاددىيلا خوشلاشقانىدى. ئۇ چاغدا تاھىر ئۆزىنى ناتونۇش مەملىكەتلەرگە ئەمەس، يېقىن ئارىدىكى بىر بازارغا قىزىقچىلىق كۆرگىلى كېتىپ بارغاندەكلا يېنىك ھېس قىلغانىدى. شۇ ئايرىلىش بىلەن ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىت بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇ ئاغىنىسى بىلەن ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى، ئۇنىڭغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئاغىنىسىنىڭ سۆيگەن جۈپتى بولسىمۇ ھايات ئىكەن...

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە! — دەپ مېھماننى ئۆيگە باشلىدى موماي.

ئۆيگە كىرگەندە، تاھىر ئەپەندىگە ۋاقىت يېرىم ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇ قەدىمكى ئۆي، شۇ ئويۇقلار ئويۇقلارغا تىزىلغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ تۈرى ئۆزگەرگەن. سۇپا، ئوچاق باشلىرى بورۇنقىدەكلا سىغىز لاي بىلەن پاكىز سۇۋالغانىدى. تۇۋاق ئۈستىدىكى قىزىرىپ پىشقان نوگاي چۆمۈچ كۆرۈنمەيتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە يەنە شۇ قەدىمكى ساندۇق، ساندۇق ئۈستىدە چىرايلىق قاتلاپ يىغىلغان ئورۇن - كۆرپىلەر...

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، مانا بۇ كۆرپىگە كېلىڭ!...

رەھمەتلىك ئەجەب تولا گېپىڭىزنى قىلاتتى. مانا سىز ياپياشلا تۇرۇپسىز. ئەكرەم رەھمەتلىك كېيىنكى چاغلاردا بەك ئاغرىقچان بوپكەتكەنىدى. كۆرۈۋۋاتقانسىز، مەنمۇ قېرىپ كەتتىم. ئاغرىپ بىرەر كۈن يېتىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، كۈندىن - كۈنگە ماغدۇردىن كېتىۋاتىمەن.

موماي جوزا راسلاپ، چاي قۇيۇپ، مېهمان بىلەن ئولتۇردى. ۋاقىت نېمىدېگەن رەھىمسىز. ئەينى يىللاردىكى گۈزەل قىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىغا يىللارنىڭ شامالىرى سانسىز ئۇششاق قورۇقلارنى يالداما قىلغانىدى. بىر چاغلاردا، شۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىشق ئوتى تاھىر ئەپەندىنىڭ ئاغىنىسىنى مۇشۇ ئاددىي، توپا تاملىق ئۆيدىن نېرى كېتەلمەس قىلىپ قويغانىدى. شۇ جەلپكار قىزنىڭ مۇشۇ ئورۇق موماي ئىكەنلىكىگە هازىر كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئەكرەم قاچان ۋاپات بولدى؟ — دەپ سورىدى تاھىر ئەپەندى.

— مانا، ئالدىمىزدىكى ئاي كىرسە، توپتوغرا بەش يىل بولىدۇ. بوۋامنىڭ قەبرىسى يېنىغا كۆمدۇق. ئۆزى شۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى . . .

— هەيدەر بوۋاي! ؟

— هە، ئېسىڭىزدە باركەن ـ هە؟ . . . بوۋام ئەكرەم ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ، بىر ـ ئىككى يىلغا قالمايلا كۆز يۇمغان. . . سىز كېتىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بوۋام ئەكرەمدىن: «هەي، هېلىقى ئاغىنەڭ نەگە غايىب بولدى؟» دەپ سوراپ يۈردى. . . ئەكرەم سىزنى كۆرگەن بولسا قانچىلىك خۇش بوپكېتەر ئىدى. . .

موماينىڭ كۆزىگە يەنە لۆمىىدە ياش كەلدى.

— بۇ ئەتراپ مەھەللە بوپكېتىپتۇ، — دېدى تاھىر ئەپەندى.

— شۇنداق بولدى، — دېدى موماي، — كىچىكلەر چوڭىيىپ، باللار تۇغۇلۇپ، ئادەم كۆپىيىپ كەتتى.

كوممۇنا ۋاقتىدا ئەترەت بىر قىسىم ئادەملەرنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ مەھەللە قىلدى. تۆۋەندىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ئېسىڭىزدىدۇ؟ ... ھېلىقى سىلەر ئالتۇن تاپىمىز، دەپ كولىغان؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن.

— شۇ خارابىلىكنىڭ توپىسىنى تاشلىققا ئەكېلىپ تۆكۈپ، مىڭ جاپادا بۇ يەرلەرنى ئېتىز قىلدۇق. ھازىر خارابىلىكنىڭ ئورنىمۇ ئېتىز بوپكەتتى ...

— ئاق مەسچىتمۇ ئىسكەتىدىن كېتىپتۇ، — دېدى تاھىر ئەپەندى.

— ۋىيەي، بۇ مەسچىتنىڭمۇ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىدى دەيسىز؟ — دېدى موماي، — بىر زامانلاردا ئاق مەسچىتنى ئەترەت ئاشلىق ئامبىرى قىلدى، كېيىن ئۇ ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىمۇ بولدى. ھەممە ئادەم بىر قازاندىن تاماق يەيدىغان چاغلاردا، چوڭ قازاننى شۇ مەسچىتكە ئېسىپ، ئۇيەرنى ئاشخانىمۇ قىلدى. ئوۋا، ئەجەب بىر زامانلار بوپكەتكەنتىغۇ تاڭ! لەڭمەننىڭ پىلتىسىنى جان سانىغا قاراپ ساناپ بېرەتتى، ئۆيگە ئەكېلىپ پىشۇرۇپ يەيتتۇق. ھېچكىمنىڭ قورسىقى تۈزۈك تويمايتتى. نېمىگە پۇتلاشتىكىنتاڭ بىلمىدىم، بىر چاغلارغا كەلگەندە، يېڭىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغانلار چىقىپ، مەسچىتنىڭ مۇنار ـ پەشتاقلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئىشقىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار... كېيىن، سىياسەت ياخشى بولۇپ، مەسچىتنى جامائەتنىڭ ئىشلىتىشىگە قايتۇرۇپ بەردى. بىراق، تېرىلغۇ يەرلىرىمىز بەك ناچارلىشىپ كەتتى. خارابىلىكنىڭ ئاپتاپ يېگەن توپىسىنى تۆككەندە،

باشتا بىر قانچە يىل يامان ئەمەس ھوسۇل بەرگەن، سۇمۇ خېلى مول ئىدى. ھازىر سۇ يوق. كۆرگەنسىز؟ تۆۋەندىكى سايىنىڭ سۈيى پەقەتلا قۇرۇپ كەتتى. ياز بولسا، بۇ يەردىكى ئەر خەقلەر ئىش ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ. نېمە ئىشكىن بىلمىدىم، ھەممە ئادەم باي بولساملا دەيدۇ، ھېچكىم باي بولالمايدۇ. . .

ئاق مەسچىت، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ۋە بۇ ھەقتە ھەيدەر بوۋاي ئېيتقان رىۋايەتلەر تاھىر ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدە ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ناخشىدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغاندى. شۇ تاپتا تاھىر ئەپەندىگە گۈلسۇمخان موماي يەنە شۇ ناخشىنىڭ داۋامىنى ئېيتىۋاتقاندەك بىلىندى.

تاھىر ئەپەندى ئاق مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا چىقتى. دوغىلاق كەلگەن، قىزىل يۈز، ساقاللىق بۇ ئادەمنىڭ ياش جەھەتتىن تاھىر ئەپەندىدىن خېلىلا كىچىكلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەيدەر بوۋاي بىلەن ئەكرەمنىڭ خۇشبۇي شىۋاقلار قاپلىغان قەبرىسى يېنىدا يۈكۈنۈشتى. ئىمام خېلى ئۇزۇن بىر سۈرىنى قىرائەت قىلىپ تاماملىدى. دۇئادىن كېيىن، قايتىپ كېلىۋېتىپ تاھىر ئەپەندى ئىمام بىلەن پاراڭلاشتى.

— تەقسىر، سىلى مېنى تونۇمايدىلا ھەقىچان؟

— ئاڭلىدىم، — دېدى ئىمام، — ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يۇرتلاردىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتىكەنلا. خەقلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر سىلىنى كاتتا باي بوپكېتىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھە، تولىمۇ ياش، گۆدەك چاغلىرىم ئىكەن، ئالدى ـ كەينىمنى ئويلىماي، تەۋەككۇل قىلىپلا كىتىپ قاپتىكەنمەن. بىر ساۋاتسىز دىھقان بالىسىنىڭ يات يەرلەردە جان باقمىقى ئوڭايمۇ دەيدىلا؟ ئۇرۇلدۇم ـ سوقۇلدۇم، قانچە ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردۇم. ئىشقىلىپ، بىر ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە بېشىغا چۈشىدىغان قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشتى. خۇداغا شۈكۈر، ھازىر بەك كاتتا باي بولمىساممۇ، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەردە تۆتىنىڭ ئالدى. ھازىر ئويلىسام، ئەينى چاغلاردىكى تەۋەككۇل قىلىپ يات مەملىكەتلەرگە چىقىپ، تەلەي سىناپ بېقىش خىيالىم دەل مۇشۇ تاشدۆڭدە ئاق مەسچىت، قەدىمكىي شەھەر خارابىلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغانىكەن . . . سىلى ئۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىلىمىكىن؟ ئۇنىڭدا يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرگەن كارۋانلار، ئاجايىپ پىكىرلەرنى قىلىدىغان دەرۋىشلەر، بىر تال تىللا بىلەن بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. بالا ۋاقتىمدا شۇنداق بىلىندىمىكىن، ئىشقىلىپ شۇنچىلىك گۈزەل . . . سىلى گېپىمنى چۈشىنىۋاتقانلا ـ ھە؟ . . . دىمەكچى بولغىنىم، تاشدۆڭدىكى يۇرت ـ جامائەت ئۈچۈن ئازراق پۇل خەجلەپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەممىكىن، دەيمەن.

— ياخشى نىيەت! — دېدى ئىمام، — نېمە ئىش قىلىپ بېرەي دەيدىلا؟

— ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا مەن ئاق مەسچىتنى كۆرگەن، ئۇ چاغدا بۇ مەسچىت ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك

ئىدى. ھازىر كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەسچىتنى قايتا سالدۇراي دەيمەن. ئاق مەسچىتنى ئۆز ۋاقتىدا سالدۇرغان زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈكنى ساقلاپ قالىمەن. بۇ تۈۋرۈكلەر ھېلىھەم مەزمۇت تۇرۇپتۇ. قالغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭىلايمىز. ئۇنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا يەنە ئاجايىپ نەقىشلەرنى چەكتۈرىمەن. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن، ئىچىگە قىپقىزىل گىلەملەرنى سالغۇزىمەن. بۇ — يۇرت ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا قىلغان بىر خەيرلىك ئىشىم بوپقالار.

— بۇنچىلىك ھەشەمەتچىلىكنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى! ؟ — دەپ ھەيران بولدى تاھىر ئەپەندى.

— مەسچىت ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن، راھەتلىنىدىغان جاي ئەمەس. جانابىي رەسۇلۇللا دائىم ئاددىي مەسچىتلەردە، بورا ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇيتتى. ھەدىسلەرگە بۇ ئېنىق يېزىلغان.

تاھىر ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.

— تەقسىر! — دېدى ئۇ، — جانابىي رەسۇلۇللا ياشىغان دەۋر بىلەن ھازىرغىچە قانچىلىك يىللار ئۆتتى؟ . . . مەن قاھىرە، ئىستانبۇل، دەمەشقلەردىكى ئاجايىپ مەسچىتلەرنى كۆرگەنمەن. بۇ مەسچىتلەرنىڭ قانچىلىك كاتتىلىقىنى كۆرمىگەن ئادەمگە سۆزلەپ بەرمەك قىيىن. ئەجەبا، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار سىلى دېگەن ھەدىسلەرنى ئوقۇمىغانمىدۇ؟ . . . مەن ئاق

مەسچىتنى بىر كۆرگەن ئادەم «ۋاي!» دېگۈدەك قىلىپ شۇنداق بىر سالدۇرايكى، ئۇ يالغۇز ياراتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىدىغانلا ئورۇن ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ بىناكارلىق ھۈنىرى، نەققاشچىلىق سەنئىتى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆزىگە جەم قىلغان كاتتا قۇرۇلۇش بولىدۇ.

* * *

تاھىر ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزدۇرۇپ باشقىدىن سالدۇرماقچى بولغانلىق خەۋىرى مەھەللىگە پۇر كەتتى.

— نېمىدېگەن ئۇلۇغ نىيەت! — دەپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار.

— بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەپتۇ ـ دە!

— شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ چەت ئەللىك بۇرادەر كاتتا باي ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق ـ دە، بولمىسا شۇنچىۋالا يوللارنى بېسىپ كېلىپ، بۇ يەردە پۇل خەجلەلەمدۇ؟

— نەچچە يەردە زاۋۇتلىرى، چوڭ شەھەرلەر-دە كېچە ـ كۈندۈز چىراغلىرى ۋالىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان دۇكانلىرى بار، دەمدۇ نېمە؟

— بەلكىم، پۇلنىمۇ ئۆزى بېسىپ چىقىرامدۇ تېخى...

— مۇشۇ ئاق مەسچىتنى ئىلگىرى ياساتقان ئادەم كىم بولغىيدى؟ — دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئاق مەسچىت، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يەنە باشقىدىن ھېكايە قىلىنىشقا باشلىدى. كىملەردۇر بۇ رىۋايەتلەرنىڭ

ئالىقانداق بىر يەرلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئۆزى خالىغان مەزمۇنلارنى قېتىپ قويۇشانتى.

— ئاق مەسچىت توغرىسىدا گەپ چىق، — دەپ گەپ باشلىدى پاشتا چوڭراق بىرەيلەن، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن ئاق مەسچىتنىڭ ئورنىدا بىر كەمبەغەلنىڭ ئاددىي بىر كەپىسى بار ئىكەن. بىز توپىسىنى توشۇپ، تۇزلەپ، هازىر ئۇستىگە بۇغداي ـ قوناق تېرىۋاتقان قەدىمكى شەهەر خارابىلىكىنى بىلىسىلەر. هېلىقى كەمبەغەل هەر كۈنى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كەپىسىدىن چىقىپ، قەدىمكى شەهەر خارابىلىكىگە قاراپ: «خۇدا، بىر كۈنى بەختىمنى بېرەرسەن! » دەپ دۇئا ـ تەلەپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ شۇ خارابىلىككە بېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىرسى «تۇر ئورنىڭدىن! » دەپ ۋارقىرىغاندەك بوپتۇ. چاچراپ ئورنىدىن تۇرسا، ئەتراپتا هېچكىم يوق. نېرىراقتا بىر سېغىزخان هە دەپ بىر نېمىنى چوقۇلاۋاتقۇدەك. هېلىقى كەمبەغەل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، «سېغىزخان بۇ يەردە نېمىنى چوقۇلاۋاتقاندۇ؟ » دەپ بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە توپىنىڭ ئاستىدىن بىر كومزەكنىڭ بېقىنى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك، كومزەكنى كولاپ ئالسا، ئىچى لىق ئالتۇن ئىكەن. شۇ ئالتۇنلار بىلەن هېلىقى كەمبەغەل كاتتا باي بوپكېتىپتۇ. ئاخىرىدا، ئەسكى كەپىسىنىڭ ئورنىغا مانا شۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

— بەلكىم! — دەپ تەستىقلاشتى بىر قانچەيلەن، — ئېسىڭلاردىمىكىن، شۇ خارابىلىكنىڭ توپىسىنى توشۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇ يەردىن تازىمۇ يوغان بىر كۆپ

چىققان ئەمەسمۇ؟ . . . «ۋاي، دۇنيا چىقتى، دۇنيا چىقتى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئادەم دېگەن ئۇلىشىپ كەتتى. مىڭ تەستە كولاپ ئالدۇق. تېخى بەزىلەر: «توختاڭلار، ئىچىنى ئاختۇرۇشقا ئالدىرىماڭلار، ئاۋۋال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك» دەپ كەتتى.

— ئىچىدە نېمە باركەن؟ — دېدى بىرسى تاقەتسىزلىنىپ.

— ھېچنېمە يوق، لىق توپا.

— ئىچىدىكىسىنى ئاللىبۇرۇن باشقىلار قۇرۇتۇپ بولغان دېگىنە؟

— شۇنداقمىكىن، كۆپنى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كوللېكتىپ ئاشخانىدا سۇ توشقۇزۇپ ئىشلىتىپ يۈردۇق. كېيىن نېمە بولدى؟ يوقالدىغۇ.

— مۇنۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان ئەپەندىنى ئەللىك - ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ئادەم دېيىشىدىغۇ؟ ھېلىقى يوغان كۆپتىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى مۇشۇ قېرى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنمىدۇ يا؟!

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ!. . .

ئىمتاس مەھەللە باشقىدىن جانلىنىپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى غۇلغۇلا بىر نەچچە كۈن توختىماي داۋاملاشتى. كىشىلەر ئويلىغانسېرى چەت ئەللىك ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن ياساتماقچى بولغان غەرىزىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى.

— بۇ باي - خوجاملارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دەپ مۇھاكىمە قىلاتتى بىرەيلەن، — يۇز كوي پايدا ئېلىشقا

كۆزى يەتكەنــدە، ئاندىن يــانچــۇقىـــدىــن ئــون كــوي چىقىــرىدۇ. ئەجەب بۇ كىشــى باشقا ئىش قىلماي، بىزگە مەسچىــت سېلىپ بەرمەكچى بوپقاپتۇ ـ ھە! ؟

— پۇلۇڭ جىق بولسا ھەر بىر ئۆيگە پاقىلدىتىپ بىر كالىلەكتىن تاشلىمامسەن. مانا، ياخشىلىـــق دېگەن. خەقنىڭ بىر ئوبدان ناماز ئوقۇۋاتقان مەسچىتى بىـــلەن ھەپىلىشىپ نېمە قىلىسەن!

— باي نەدە، ۋاي شۇ يەردە. توۋا دەڭلار، كىم سىلەرگە پاقىلدىتىپ بىكارغا پۇل تاشلاپ بەرگۈدەك؟ . . . مانا، ئاببباس بايۋەتچىنى بىلىسىلەر. شەھەرنىڭ يېڭى بايلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوقتى. پۇلنى تاپتــى، تاپتــى، ئاخىرىدا، ھەممىـــنى قىمار ئويناپ ئۇتتــۇرۇۋېتىپلا قاراپ ئولتــۇردى. ھازىر ئۆزىمــۇ بىر نانغا زار. . .

— مېنىڭمۇ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتـــدۇ، — دېدى باياتىندىن بېرى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان بىرەيلەن ئېغىز ئېچىپ، — بۇ گەدىنىگىچە چاچ قويغــان ئەپەندىــم قانــداق قىلىــپ كونا مەسچىتــكە پۇل خەجلىــمەكچــى بوپقــالدى؟ . . . مانا، پالانچى كېلىپ زاۋۇت قۇردى، دۇكان ئاچتى؛ پوكۇنچى كېلىپ شەھەرگە كاتتا مېھمانخانا سالدۇردى. بۇ دېگەن مەسچىت ـ دە!

— ئىشىكنى توراپ، نامازغا كىــرگەنلەرگە بېلەت ساتامدۇ يا؟

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى

— سىلەر ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپ سۆز ئالدى يەنە بىر ەيلەن، — ئاشۇ خارابىلىكنىڭ ئۆزى بۇرۇن كاتتا شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بەكمۇ قورسىقى تار ئادەمتىكەن. ئۆلەر ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئۇ: «مەن ئۆلۈپ كەتسەم، خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كىملەر خەجلەپ كېتەر؟» دەپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. تاشدۆڭنىڭ ئۈستىنى چوڭقۇر كولىتىپ، خەزىنىدىكى ھەممە دۇنيانى شۇ يەرگە كۆمۈپ جايلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ. ئاندىن، بۇ سىرنى بىلىدىغان بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. ئاخىرىدا شەھەرمۇ خارابىلىشىپ، بۇ ئەتراپتا ئاق مەسچىتتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىكەن...

— ھىم! ... گەدىنىگىچە چاچ قويغان ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن سالماقچى بولغان غەرىزى ئەمدى ئايدىڭلىشىپ قالدى. قارىغاندا، بۇ ئەپەندىم ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى خېلى پىششىق بىلىسە كېرەك. مەسچىتنى بۇزۇپ، ئاستىدىكى خەزىنىنى ئۆزى جايلاپ، بىزگە قۇرۇق مەسچىتتىن يەنە بىرنى سېلىپ بېرىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلماقچى ئىكەن - دە!

— مەسچىتنى باشقىدىن سالغان بىلەن، ئىچىدىكى ئۇن ئىككى تۈۋرۈكنى ساقلاپ قالغۇدەك، — دەپ سۆز قىستۇردى بىرسى.

— شۇ ئۇن ئىككى تۈۋرۈكنىڭمۇ ئىچى كاۋاكمىش.

پادىشاھ تۇۋرۇكلەرنىڭ ئىچىگە لىققىدە ئالتۇن توشقۇزۇپ ئۆرە قىلغۇزغانىكەن،— دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى بايىقى ھېكايىنى ئېيتقان كىشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ قالدى. «ئەجەب ئاشۇ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە قوپال مىخلار قېقىلغان، جامائەت ھەر كۈنى كىرىپ سەللە - پەللە، چاپان - چارىلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان تۇۋرۇكلەرنىڭمۇ ئىچى لىققىدە ئالتۇن بولسا - ھە! . . .»

* * *

شۇ كۈنى، سۈتتەك ئايدىڭ كېچە بولدى. ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كىملەرنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ جاھاندا، ھەممىنىڭ كاللىسىدىن تۇيۇقسىز بېيىپ كېتىش خىيالى تۇماندەك ئەگىپ نېرى كەتمەيتتى . . . تۇن يېرىملاشقاندا، ئىتلار قاۋاپ، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىڭ نېمىلەرگىدۇ تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى تاڭ يورۇغىچە بېسىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، تاھىر ئەپەندىنىڭ پىكاپى سىلىق مېڭىپ تاشدۆڭگە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاق مەسچىت يېنىغا يېتىپ كېلىپ پىكاپتىن چۈشۈپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى. مەسچىت پۈتۈنلەي

ئۆرۈلگەن بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ خىش ـ كېسەكلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، توپىلىرىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، ھېچكىمنىڭ تاھىر ئەپەندىگە قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا قەيەرنىدۇر كولايتتى، بىر ـ بىرىدىن نېمىلەرنىدۇر قىزغىنىشاتتى. مەسچىتنىڭ ھېلىقى ئون ئىككى تۈۋرۈكىمۇ پارە ـ پارە بولغان ھالدا يەردە ياتاتتى...

تاھىر ئەپەندى بېشى قايغاندەك بولۇپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ بېجىرىم تۇرغان چىرايىغا قورۇقلار چۈشۈپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقاردى. ئاق مەسچىت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەقىدىسىمۇ بەربات بولغانىدى.

2000 ـ يىل، ئۆكتەبىر، غۇلجا.

# بىر مەشھۇر كىشى

قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تونۇشۇم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭدىن:

— مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرنى تونۇمسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە ئۇزۇن ئىسىم بۇ؟ تونۇمايدىكەنمەن، — دېدىم مەن.

— بۇ كىشى، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — ئۆتمۈشتە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ئۆتكەن ناھايىتى مەشھۇر ئادەم ئىكەن.

— ئاڭلىمىغانىكەنمەن. بۇ ئادەم قانداق پەزىلەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغانىكەن؟ . . . دېمەكچى بولغىنىم: بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەن ياخشى ئەمەللىرى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ، بەزىلەر يامانلىقى بىلەن. . .

— ھەممە ئادەم دۇنياغا يىغلاپ تۆرەلسە، بۇ كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھىجايغان پېتى چۈشكەنمىش.

— توۋا، غەلىتە ئىشكەن بۇ - ھە! سىز بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— تاسادىپىي بىر پۇرسەت بىلەن بۇ ھەقتە يېزىلغان

بىر كىتابنى ئوقۇپ قالدىم.

— قاچان، قەيەردە؟

— يېقىندا بىر بۇرادىرىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ كىشى تىجارەتچى. سوراپ كەلسىڭىز، ئۇنىڭ زادى نېمە ئېلىپ، نېمە ساتىدىغانلىقىنى مەنمۇ دەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، سودا ئىشى بىلەن پات - پات چەت ئەللەرگە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈيدۇ. بەزىدە شۇ تەرەپلەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىپ، يەنە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق قەدىمكى كىتابلارنى سېتىۋېلىپ يىغىپ يۈرۈيدىغان ھەۋىسى بار. كىتابلارنى ئوقۇيالمىسىمۇ، كىتاب جازىسىغا رەتلىك تىزىپ، مۈلۈك سۈپىتىدە ناھايىتى پاكىز ساقلايدۇ. سېتىۋالغان كىتابلىرىنىڭ نېمە مەزمۇندا يېزىلغان كىتابلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېرىشكە بەزىدە مېنى تەكلىپ قىلىپ قالىدۇ. بىزنىڭ بۇرادەرچىلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇسۇسىي بىر ئىش بىلەن بارغان، گەپ بىلەن بولۇپ كۈننىڭ كەچ كىرىپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. تالادا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ تاراسلاپ يامغۇر چۈشكىلى تۇردى. «ھوي، مەن قايتمىسام بولمايتتى» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇرادىرىم: «مۇنداق يامان ھاۋادا سىزنى قويۇپ بەرسەم توغرا بولمايدۇ، قونۇپ قېلىڭ» دەپ چىڭ تۇتتى. ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم. خەير، شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى بۇرادەرنىڭ خانىمى بىر ھۇجرىغا ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئۇيقۇم كەلمەي خېلىغىچە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتتىم.

بىر چاغدا ئۇ بۇرادىرىم كىرىپ: «هوي، نېمە بولدىڭىز، تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟ بېشىڭىز پەس بولۇپ قاپتىمۇ، ئېگىزمۇ؟» دەپ سوراپ كەتتى. «رەھمەت، ھەممىسى جايىدا. بىرەر پارچە كىتاب يوقمۇ؟ ئازراق بىر نېمە ئوقۇپ ياتمىسام، مۇشۇنداق ئۇيقۇم كەلمەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى» دەپ توغرىسىنىلا ئېيتتىم. ئۇ: «بىرەر پارچە كىتاب يوقمىدى، دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ قانداق كىتابلارنى ساقلايدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ...» دەپ چىقىپ كېتىپ، بىر كىتابنى ئەكىرىپ بەردى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، ئەنە شۇ مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب ئىكەن.

— خوش، ئۇ كىتابتا مەشھۇرى ھەققىدە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟

— كىتابنىڭ بېشىدا مۇئەللىپ «مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرى» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ ئاشىقلارنىڭ دوستى، خوجىنىڭ ئوغلى مەغپىر، دېگەن گەپ بولىدىكەن. «مەشھۇرى» دېگىنى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەن.

— تەخەللۇس قوللانغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئادەم قەدىمدە ئۆتكەن بىر چوڭ ئەدىب ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، مەشھۇرى ئۆمرىدە بىرەر پارچە كىتاب يازغان ئادەم ئەمەسكەن.

— ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىگە نېمە دەپ شۇنچە ھەشەمەتلىك تەخەللۇس قويۇۋاپتۇدەك؟

— «مەشھۇرى» دېگەن نامنى ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن باشقىلار بەرگەنىكەن. ھېلىقى كىتابنىڭ

قالغان قىسىملىرىدا، مۇئەللىپ مەشھۇرنىڭ خەلق ئىچىدە قانداق قىلىپ مەشھۇر بولۇپ قالغانلىقىنى يېزىپتۇ.

— ئۇ قانداق مەشھۇر بولۇپ قاپتۇ؟

— ئېيتىپ كەلسەك گەپ تولا. سىزگە كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنىلا دەپ بەرسەم: بايا ئېيتقاندەك، ھەممە ئادەم دۇنياغا قىرقىراپ يىغلاپ تۆرەلسە، مەشھۇرى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھىجايغان پېتى چۈشكەنمىش. ئۇنىڭ ئانىسىنى شۇ ئازابلىق تۇغۇتتا جان ئۈزگەن دېيىشىدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، مەشھۇرنىغا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھەمراھ بولۇپ چۈشكەن شۇ ھىجيىش تاكى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ چىرايىدىن كەتمىگەنمىش. مەشھۇرى تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان بولسىمۇ، ھەرقانداق ئانا بۇ كۆلۈپلا تۇرىدىغان بوۋاققا ئەمچەك سېلىشقا تەييار ئىكەن. شۇڭا ئۇ قوشنا ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېمىپ، ناھايىتى ئازادە چوڭ بوپتۇدەك. ئېيىغا يەتمەي چىشى چىقىپ، يېرىم ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مېڭىپ كېتىپتۇمىش. دادىسى ئۇنى بەش ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئۆز يۇرتىدىكى داڭلىق بىر مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەنىكەن.

— پاھ، ئۇنداقتا ئۇ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا خېلى كاتتا ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بىلىمدا ئۇنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكىنىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ ئەل ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن ئەمەس، ھېلىقى چىرايىدىن كەتمەيدىغان سىرلىق ھىجيىشى بىلەن مەشھۇر بولغانىكەن. مەدرىسىدە خەلپەتمۇ بۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بالىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن.

چۈنكى، مەشھۇرى تالىپ باللار ئارىسىدا بولغان غەيرى گەپ - سۆز، بەڭۋاشلىقلارنى خەلپىتىمىنىڭ قۇلىقىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. تالىپ باللار بۇ كىچىك چېقىمچىنى ناھايىتىمۇ ئۆچ كۆرىدىكەن، مەكتەپتىن قايتقاندا، پەيتىنى تېپىپ تازا ئۇرىدىكەن. بىراق، مەشھۇرىنى ئۇرۇپ يىغلىتىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇ قانچە تاياق يېسىمۇ، يەنە ھىجايغان پېتى تۇرارمىش. مەشھۇرى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەنسېرى چىرايىدىكى يېقىمسىز ھىجىيىشنى شۇنداق ئىللىق تەبەسسۇملارغا ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇپتىكى، قويۇۋېرىڭ، شۇ تەبەسسۇملارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇ ئۆمۈر بويى ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشاپ ئۆتكەنىكەن.

— سىز مەشھۇرىنى ئۆمۈر بويى كۈلۈپلا ئۆتكەن، دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق

— ئەمىسە ئۇنىڭ ساراڭدىن پەرقى يوق ئىكەن.

— نېمىشكە ئۇنداق دەيسىز؟

— ئەگەر بىر ئادەم ھەممىۋاخ ھىجىيىپلا تۇرىدىغان بولسا، بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ باھارنىڭ قىشى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بار - دە. ئۆمۈر مۇساپىسىدە مەشھۇرنىڭ بېشىغىمۇ ھېچقانداق دەرد - ئەلەملەر كەلمىگەن بولغىيدىمۇ؟

— كۈلكىنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا ھازىرقى زاماننىڭ كىتابلىرىغىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز. كۈلۈپ تۇرۇشنىڭ جان بېقىشتىكى ئەپچىل چارە ئىكەنلىكىنى ئۆز زامانىسىنىڭ

ئادەملىرىمۇ چۇشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك.
— قېنى بوپتۇ، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.
— شۇنداق قىلىپ، مەشھۇرى مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپتۇ. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدى كۆپ بولسا مەھەللىلەردىكى كىچىكرەك مەسچىتلەرنىڭ ئىمامى بولغاندۇ، مەشھۇرى ئابرۇيلۇق خەلپىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، نەق ئوردىنىڭ ئۆزىگە خىزمەتكە تەيىنلىنىپتۇدەك.
— بىلىمى مول بولغانلىقتىنمۇ ياكى . . .
— بىلىم دەمسىز؟ . . . بىلىپ قويۇڭكى، بىلىم ھەرگىز ئامەتكە قېرىنداش ئەمەس. جاھان تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىز، بىلىمى بارنىڭ ئامىتى يوق، ئامىتى بارنىڭ بىلىمى يوقلۇقىنى كۆرىسىز. مانا شۇ كەملەردە مەشھۇرى تۇرۇۋاتقان يۇرتنى سوراۋاتقان خاننى ئېلىپ ئېيتىسىڭىز، ئۇ بىر ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن. ساۋاتسىز بولسىمۇ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورىغانىكەن. دائىم ئوردىغا بىلىملىك زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئەلنى قانداق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ تۇرىدىكەن. ھەر كۈنى، مەلۇم ۋاقىتنى ئاجرىتىپ، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالار يازغان ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايدىكەن. كىتاب ئوقۇغان كىشىگە بىر ۋاراق ئوقۇسا، بىر تىللا ئىنئام قىلىدىكەن. جاكارچىلار شەھەر كوچىلىرىدا داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ، بۈگۈن خاننىڭ قايسى كىتابتىن قانچە ۋاراق ئوقۇتۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ئەلگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. مەشھۇرىنى بۇ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەن ئامەت ئۇنىڭ ھېلىقى ئىللىق كۆلۈمسىرىشىدىن كەلگەن، دەپ

چۈشەنسەك بولار. مەشھۇرى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىچە ماڭغان يولىدىن كەينىچە ماڭغان يولى نەچچە ھەسسە ئۇزۇن بولغان، دەپ يېزىپتۇ ھېلىقى كىتابتا.

— بۇ نېمە دېگەن گەپ؟

— بۇ گەپنىڭ مەنىسى: مەشھۇرى ئوردىدا يادەك پۈكۈلۈپ، «خوش، خوش!» دەپ ئېگىلىپ، دائىم ئارقىچىلا مېڭىپ يۈرگەن، دېگەن بولىدۇ. مانا شۇنداق يادەك ئېگىلىپ، «خوش ـ خوش!» دەپ كەينىچە مېڭىشى، چىرايىدىن ئۆچمەيدىغان ھېلىقى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن مەشھۇرىنىڭ بۇ يەردىكى مەنسىپى شۇنداق تېز ئۆسكىلى تۇرۇپتىكى، ئوردىدىكى كونا ـ يېڭى جىمى مەنسەپدار ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇدەك.

— ئۇ نېمە مەنسەپكە چىقىپتۇ؟

— خاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوردىدا كىتاب ئوقۇپ بېرىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— شۇمۇ مەنسەپ بوپتۇمۇ؟!

— بۇ ئىشنى سىز سەل چاغلىماڭ. مەشھۇرى ھەر كۈنى سەللە ـ پېرىجىسىنى كىيىپ، سالاپەت بىلەن خاننىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭغاندا، ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار، ھەتتا ۋەزىرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. ھەر كۈنى خاننىڭ ھۇزۇرىدا بولىدىغان مۇنداق مۇھىم ئادەمگە خۇشامەت قىلماي بولامدۇ دەيسىز؟ ئەگەر ئۇ خاننىڭ قۇلىقىغا بىرەرسىنىڭ يامان گېپىنى پىچىرلاپلا قويىدىغان بولسا، شۇ ئادەمنىڭ تۇگەشكىنى شۇ. . . مانا شۇ چاغدا، مەشھۇرى ئامەت قۇشىنىڭ نەق ئۆزىنىڭ بېشى

ئۇستىدە قانات قېقىۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىچقىلىق تۇرغان كىتابتىن خانغا بىر ۋاراق ئوقۇپ بەرسە، يالتىراپ تۇرغان بىر دانە تىللا يانچۇقىغا چۈشىدۇ، دېگەن گەپ، ئەگەر ھەر كۈنى ئون ۋاراق ئوقۇسىچۇ؟

— ئون دانە تىللا.

— يۈز ۋاراق ئوقۇسىچۇ؟

— يۈز تىللا.

— مەشھۇرى ھىجىيىپ ئولتۇرۇپ بارا - بارا كىتابنى شۇنداق ئىتتىك ئوقۇيدىغان بولۇپ كېتىپتۇكى، بۇ خاننىڭ قېرىپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىكەن، بىچارە خان مەشھۇرىنىڭ زادى نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي تەختتە مۈگىدەپلا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئوردىنىڭ جاكارچىلىرى ھەر كۈنى چىقىپ، خاننىڭ بۈگۈن قايسى كىتابتىن قانچە ۋاراق ئوقۇتۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ئەلگە جاكارلاپ دەبدەبە قىلىۋېرىپتۇ؛ خەزىنىنىڭ ئالتۇنلىرى مەشھۇرىنىڭ يانچۇقىغا شاراقشىپ چۈشۈۋېرىپتۇ؛ خان بولسا تەختتە مۈگىدەپ ئولتۇرۇپ كۈندىن - كۈنگە دۆتلىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرىغا بېرىپ، ئوردىنىڭ ئىنتىزامى بوشىشىپ، ئەمەلدارلار باشباشتاقلىشىپ، شاھزادىلەر ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ، پۈتۈن خاندانلىق ۋەيرانچىلىققا قاراپ يۈزلەنگەنىكەن. بۇ قېرى خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ يۇرتتىكى پۇقرالارغا ئارامچىلىق بولمىغان دېيىشىدۇ

— نېمىشكە؟

— خاننىڭ ئوغۇللىرى تەخت تالىشىپ بىر - بىرى

بىلەن توختىماي جاكىجاللىشىپ، پۈكۈل قىرلارنى بىر قانچە مەزھەپلەرگە بۆلۈۋېتىدىكەن. ھەر بىر مەزھەپكە تەۋە ئادەملەرنىڭ بېشىغا يۆگىۋالغان ئۇ سەللىسىنىڭ رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇ زاماندا ئاق سەللە، يېشىل سەللە، قارا سەللە، كۆك سەللە دەمسىز، ئەيتاۋۇر ھەممە رەڭدىكى سەللىلەر بولغانمىش. مۇبادا ئاق سەللىلىكلەر بېسىپ كېلىدىغان بولسا، قارا سەللىلىكلەر ئۆيۋاقلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قاچىدىكەن؛ قارا سەللىلىكلەر كۆچىيىپ كەتسە، ئاق سەللە يۆگىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋايكەن؛ يېشىل سەللىلىكلەر كۆك سەللىلىكلەرنىڭ پېيىنى قىرقىيدىكەن؛ كۆك سەللە يۆگىگەنلەرنىڭ قارا سەللىلىكلەر بىلەن تۈگىمەس ئاداۋىتى باركەن. بۇ ئايىغى چىقمايدىغان يېغىلىقلاردا پۈكۈل قىرلار بالا ئاندىن، خوتۇن ئېرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ، يەرلەر قانچە يىل تېرىلماي ئاق قالغان، دېيىشىدۇ. پەقەت مەشھۇرىلا مۇشۇ ئېغىر يىللارنىمۇ كۆلۈمسىرەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنمىش.

— مەشھۇرى قايسى مەزھەپكە تەۋە ئىكەن؟

— ئۇنىڭ زادى قايسى مەزھەپكە تەۋەلىكىنى بىر خۇدا بىلمىسە، ئۆزىمۇ بىلمەسمىش. شۇ كۈنلەردە مەشھۇرىنىڭ ئۆيىدىكى قوزۇقلاردا ھەممە رەڭدىكى سەللىلەر تېپىلىدىكەن. قايسى مەزھەپ كۈچىيىپ كەتسە، مەشھۇرى شۇ مەزھەپنىڭ سەللىسىنى بېشىغا مەھكەم ئوراپ، كوچىلاردا بەخىرامان يۈرۈۋېرىدىكەن؛ قايسى مەزھەپنىڭ ئادىمى تەختكە چىقسا، ئۇ ھېلىقى چىرايىدىن يېتىمەيدىغان كۆلۈمسىرىشى بىلەن، ئوردىدا شۇ مەزھەپ ئۈچۈن

خىزمەت قىلىشۋېرىدىكەن. كېيىن ـ كېيىن، مەشھۇرىنىڭ مۇنداق سەللە يەڭگۈشلەش ماھارىتى شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىپتۇكى، ئۇ خۇددى سېھىرگەرلەردەك، زوْرۇر بولغاندا سەللىسىنىڭ رەڭگىنى سەللىنى بېشىدىن ئالماي تۇرۇپلا ئۆزگەرتىۋالالايدىغان بولغانمىش. . . مەشھۇرى ئەنە شۇنداق خاتىرجەم ياشاپ، نەق تـوقسـەن يېـشـــدا ئـالـەمدىـن ئۆتكەنىكەن.

— مەشھۇرى ئۆلۈپتۇمۇ؟!

— جـاھـاندا ئـۆلـمەيدىـغـان كـــم بـار؟ پـەقـەت تۇغۇلمىغانلارلا ئۆلمەيدۇ.

— مەشھۇرى ئۆلگەندىمۇ كۈلۈمسىرەپ ئۆلۈپتۇمۇ، قانداق؟

— نەق شۇنداق بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇشقا كىرگەن ئادەملەر قارىسا، مەشھۇرىنىڭ چىرايىدا تۇغۇلغان چېغىدىكى غەلىتە ھىجىيىش ئەينى ساقلىنىپ تۇرغانمىش. كىـتـابتا: مۆجـــزە دەل مەشھۇرى ئۆلگەن چاغدا يۈز بەرگەن، دەپ يېزىلىپتۇ.

— يەنە نېمە مۆجىزە يۈز بېرىپتۇدەك؟

— مەشھۇرىنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، بەردەس تۆت يىگىت تاۋۇتنى يەردىن يۇلۇپ ئالالمىغان، دەيدۇ. جامائەت: «نېمە بالا بـولدى؟!» دەپ ھـەيران بولۇشۇپ، تاۋۇتنىڭ ئاستىغا ئېڭىشىپ قاراپ بېقىپتۇ. تاۋۇتنىڭ ئاستىغا بىرەرسى تاش ئېسىپ قويىدۇ، دەمسىز؟ قارىسا ھېچنېمە يوق، تاۋۇت شۇنچە ئېغىرمىش. ئاخىرىدا يىگىرمە ئادەم «ھە . . . ھۇ» بىلەن تاۋۇتنى تەستە مۈرىگە ئېلىپ، قەبرىستانلىققا ئاران يەتكۈزۈپ بېرىپتۇدەك. بۇ

ئىش ئۈستىدە ئۇزۇن يىللارغىچە كۆپچىلىك ئىچىدە غۇلغۇلا بولغانمىش. بەزىلەر: مەشھۇرنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان؛ ئەلنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ سەللىسىنىڭ رەڭگىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ، ھىجايىغان پېتى ساختىپەزلىك بىلەن كۈن ئالغان، خەزىنىنىڭ پۇلىنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ھارامدىن بېيىغان؛ ئاخىرىدا پۈتۈن بىر خانلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرغان؛ گۇناھىنىڭ كۆپلۈكىدىن تاۋۇتى تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن، دېيىشىدىكەن. يەنە بەزىلەر: مەشھۇرى ناھايىتى ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكىنى — يارانقان ئىگەمنىڭ بۇ زاتنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىدىن بەرگەن بېشارىتى، دەيدىكەن.

— شۇنداق قىلىپ، مەشھۇرى ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ كېتىپتۇ، دەڭ؟

— قىزىقچىلىقنىڭ قىزىقى تېخى كېيىن باشلىنىپتۇ، دېمەمسىز.

— يەنە نېمە ئىش بوپتۇدەك؟

— مەشھۇرى ھايات ۋاقتىدا بار دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن كاتتا بىر قەبرە ياسىتىپ، قەبرە ئەتراپىغا تۈنەكخانا، ئىستىقامەت ئۆيلىرىنى سالدۇرۇپ، تېخى ئۇ يەرگە نەچچە يىللارغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈكلەرنىمۇ توپلاپ قويۇپ، ناھايىتىمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمغانىكەن. مەشھۇرى ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ يەر ئۇزۇن

يىللارغىچە سوپى، ئىشان، مۇساپىر، دەرۋىش ۋە ئاشىقلارنىڭ قورساق باقىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغان، دېيىشىدۇ. مەشھۇرنىڭ «مەغپىرخوجا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئاشىقلارنىڭ دوستى» دېگەن گەپنىڭ قېتىلىپ قالغىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. بۇ ئادەملەر بۇ يەرگە توپلىنىشۇپلىپ، مەشھۇرى ھايات ۋاقتىدا زادى قانداق رەڭلىك سەللە يۆگىگەن؟ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلالماي توختىماي دەتالاش قىلىدىكەن. مەشھۇرى ئاق سەللە يۆگەيتتى، دېگەنلەر ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئاق تۇغ قادايدىكەن؛ مەشھۇرى قارا سەللە يۆگىگەن، دېگەنلەر قارا تۇغ تىكىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر كىم ئۆزى پەرەز قىلغان رەڭدىكى تۇغنى قاداپ قەبرىنىڭ ئۈستىنى ئالىيېشىل لاتا ـ پۇتا بىلەن كۆمۈۋېتىدىكەن. بۇ مازارنىڭ شەيخلىرى مازارغا ھەر تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدىغان نەزىر، سەدىقىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى كۆزلەپ، بۇ كاتتا قەبرىدە يانتاق زاتىنىڭ ھەقىقىي ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلماقچى بولۇپ، جاۋغايلىرىدىن كۆۋۈك قايناپ كېتىدىكەن. بۇ گەپكە ئىشەنگەن قانچە ئىخلاسمەنلەر قەبرىنى ئايلىنىپ «ھۇۋ» تارتىپ، قانچىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپمۇ قالىدىكەن. . . ۋاقىت نېمىنى ئۇنتۇلدۇرمايدۇ، دەيسىز؟ يىللار ئۆتۈپ، بۇ قەبرىدە زادى كىمنىڭ ياتقانلىقى ئۇنتۇلۇپ، بۇ يەر ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇغ تىكىپ، تاۋاپ قىلىدىغان بىر جايىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يەنە بىر يىللارغا كەلگەندە، قەدىمكى خانلارنىڭ قەبرىلىرىگە كۆمۈلگەن مال ـ دۇنيالارنى ئاختۇرىدىغان قەبرە ئوغرىلىرى بۇ قەبرىنى ئېچىپ قارىسا،

يوغان بىر تاشتىن باشقا ھېچنېمە چىقماپتۇدەك.

— مانا قىزىق، مەشھۇرىنىڭ جەسىتى نەگە كېتىپتۇ؟

— مەشھۇرىنى يۇيۇپ تاۋۇتىقا سالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئاشۇ تاشىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ھىجايىغان پېتى ئۆلۈمگە كەلگەن جامائەتنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتكەنمىش. بەلكىم ئۇ باشقىلار ئۇنىڭ ھېلىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەن تاۋۇتىنى كۆتۈرەلمەي ھەپىلىشىۋاتقاندا، مەسخىرە كۈلكىسىنى كۈلۈپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھېلىقى كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ يېزىشىچە، مەشھۇرى ھېلىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا غايىۋانە ياشاپ يۈرەرمىش. شۇڭا بىزگە مۇنداق سەللىسىنىڭ رەڭگىنى جاھانغا بېقىپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئۇچراپ تۇرغۇدەك . . .

2000 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

# گۆركار

قۇناخۇن گۆركار گۆرنى كولاپ بولۇپ، ئىچ گۆرگە كىرىپ، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ باقتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەستايىدىل ئادەم ئىدى. ھەر قېتىم يېڭى بىر گۆرنى كولاپ پۈتتۈرگەندە، ئىچ گۆرگە كىرىپ پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ باقاتتى. قۇناخۇن ئۆزىمۇ ئېگىز، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ياتقان ئىچ گۆرگە ھەرقانداق مېيىتنى ئازادە قويغىلى بولاتتى.

قۇناخۇن ياشىنىپ قالغاچقىمۇ، بۇ بىر - ئىككى يىلدىن بېرى گۆر كولايدىغان ئىشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان بوپقالغانىدى. ئۇنىڭ گۆركارلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بوپقالدى. مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ۋاپات بولغان قېرى - ياش، ئەر - ئايال بولۇپ قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ يەرلىكىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن كولاپ دەپنىلىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ «ئاز قالدى، بىر كۈنى مېنىڭمۇ يەرلىكىمنى بىرسى كولاپ، مېيىتىمنى بۇ يەرگە قويىدۇ» دەپ ئويلايدىغان بوپقالغانىدى. . . قۇناخۇنغا ماۋۇ يېڭى گۆرنى كولىغۇچە خېلى ھاردۇق يەتتىمۇ، ئىچ گۆردە

سوزۇلۇپ يېتىشۇىدى، پۇت ـ قوللىرى ئارام ئېلىپ خۇشياقاقاندەك بولدى.

«بىر ھېسابتا تىرىكچىلىكنىڭ غېمى، جاھاننىڭ غوۋغاسىدىن خالىي مۇشۇ يەرمۇ تىنچكەن،— دەپ ئويلىدى قۇناخۇن ئەم توپا پۇراپ تۇرغان، سالقىن ئىچ گۆردە يېتىپ،— بىردە راست، بىردە يالغان سۆزلەپ ياشايدىكەنمىز، ياشايدىكەنمىز، ئاخىر كېلىدىغان يېرىمىز مۇشۇكەنغۇ؟ . . . مانا ماۋۇ رەجەپئاخۇن ‹رەجەپ باي› بولۇپ جاھانغا پاتماي قېلىشۇىدى، ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇمۇ چارىسىز كۆزىنى يۇمدى. ھېلى جامائەت يۇيۇپ ـ تاراپ ئۇنى مۇشۇ يەرگە ئېپكېلىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىم قانچىلىك ئىشتى؟ يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىن باشلاپ، مۇنكىر ـ نەكىرلەر كىرىپ سوئال ـ سوراقنى باشلايدۇ، دەيدۇ. باشلىسا باشلىمامدۇ، قورققۇدەك نېمە گۇناھىم بار. ‹كىمسەن؟› دېسە، ‹گۆركار قۇناخۇن بولىمەن› دەيمەن . . .»

شۇنداق خىياللار بىلەن قۇناخۇن كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كېتىپ قالغىنىنى سەزمىدى. بىر چاغدا غەلىتە كىيىنگەن، قولىغا كالتەك ـ توقماق تۇتقان مۇنكىر ـ نەكىرلەر زەنجىر، كىشەن، يەنە قانداقتۇر ئەسۋابلىرىنى شاراقشىتقىنىچە ئىچ گۆرگە كىرىپ كەلدى. «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا! — دەپ ئىمان ئېيىتتى قۇناخۇن،— مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟ . . .»

— خوش، قۇناخۇن دېگەن سەن بولامسەن؟ — دېدى سوراققا كىرگەنلەرنىڭ بىرى.

— شۇنداق، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن.
— خوش، قېنى، قىلغان گۇناھلىرىڭنى ئېيت!
— مېنى ئالدىراپلا سوراق قىلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدى قۇناخۇن، — مەن تېخى ئۆلمىگەن تۇرسام. . . ئۆلىدىغان ئىش بولسا، ئەلۋەتتە ئاۋۋال بىر - ئىككى كۇن ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بولسام، بالىلىرىمنى ئەتراپىمغا يىغىپ چىرايلىق خوشلىشىپ، رازىلىقىمنــــى بەرگەن بولسام بولمايتتىمۇ؟
— ئۆلمىگەن بولساڭ، بۇ ئىچ گۆردە نېمە لاپچىيىپ ياتىسەن؟
— دەۋاتىمەنغۇ، ئۆزۈم بىــر ئەرزىمەس كەمبەغەل بولسامىمۇ، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن، دېسە مېنى بۇ ئەتراپتا تونۇمايدىغان ئادەم يوق. گۆر دېگەن كولاپ يەنە تىندۇرۇۋېتىدىغان نەرسە بولسىمۇ، يەنە ئىش دېگەننى ئۆزىنىڭ قائىدىسىگە توغرىلاپ قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ. ھەر قېتىم گۆرنى كولاپ بولۇپ، بولدىمۇ - بولمىدىمۇ، دەپ مۇشۇنداق ئىچىگە كىــرىپ يېتىــــپ باقىمەن. ماۋۇ رەجەپ باي دېگەن بىلەن ئانچە خۇشۇمۇ يوق. خۇشۇم يوق دەپ ئىشنى قولۇمنىڭ ئۇچىدا قىلسام بولمايدۇ - دە، ھاردۇق يېتىپ قالدىمۇ، ئىچ گۆرنــى كۆرۈپ باقىمەن، دەپ كىرىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.
— ئۇ تەرەپلىرى بىلەن كارىمىز يوق. يۇقىرىدىن بىزگە: «بىر ئۆلۈك يەرلىكىگە قويۇلدى، بېرىپ سوراق قىلىڭلار!» دەپ پەرمان كەلدى. پەرماننــى ئىــجرا

قىلمىساق بولمايدۇ. قىلغان گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟

— ئەمدى، بەندىچىلىكتە كىم گۇناھتىن خالىي بولالايدۇ؟ بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزسەم ئۆتكۈزگەندىمەن.

— تىلىڭنى چاينىماي ئېنىق گەپ قىل! — دېدى يەنە بىر سوراقچى، — پۇلى بارلارنىڭ گۆرىنى كېلەڭ، پۇلى يوقلارنىڭكىنى تار كولىغىنىڭچۇ؟ ياخشى يەرلەرگە: «بۇ يەردە قەبرە بار» دېگەننى قىلىپ، يالغاندىن توپا دۆۋىلەپ قويۇپ، پۇلنى جىق بەرگەن غوجاملارغا ئۆرە باھادا ساتقىنىڭچۇ؟ مۇساپىرلارنىڭ تۆت ـ بەشىنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بىر گۆرگىلا كۆمۈۋەتكىنىڭچۇ؟ . . . ئۆزۈڭچە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ پەقەت سورىقى بولمايدۇ، دەپ قالغانمىدىڭ؟

— يا ئاللا، نېمە دەۋاتىدىغانسىلەر؟ شەھەرنىڭ گۆركارلىرىنى شۇنداق قىلىقلارنى قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، بىزنىڭ بۇ يەردە يەر كەڭرى تۇرۇپتىغۇ . . .

قۇناخۇن باياتىندىن بېرى چۈش كۆرۈۋاتاتتى. بارا ـ بارا چۈشىدىكى نەرسىلەرمۇ غۇۋالىشىپ، لايدەك ئېزىلىپ شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىكى، جامائەتنىڭ ئاۋۇتنى كۆتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا يېتىپ چىققىنىنى، گۆرنىڭ ئۈستىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، يىغا ـ ئاۋازلىرىنىڭمۇ ھېچقايسىسىنى تۇيمىدى.

ئۆلگۈچى رەجەپ باي ئىدى. رەجەپ باينى مۇشۇ يۇرتنىڭ زومىگەرى دېيىشمۇ بولاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، يۇرت سورىغان، ئەترەتنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىنى

شەخسلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، ھوقۇقىغا تايىنىپ يەرنىڭ ئوبدىنىنى، ئات - ئۇلاغ، سايمانلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، تېزلا كۆتۈرۈلۈپ «رەجەپ دادۇيجاڭ» دىن «رەجەپ باي» غا ئايلانغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ توك تۈگمەن، ماي تارتىش، چىگىت ئايرىش زاۋۇتلىرى، شەھەردە ئاچقان دۇكانلىرى بار ئىدى. يۇز مولاپ يەر تېرىيتتى. يۇقىرىدىن بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. «ھالال» ئەمگىكى بىلەن بېيىغانلارنىڭ ئۆلگىسىمۇ يەنە شۇ رەجەپ باي ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا رەجەپ بايمۇ چارىسىز، مانا بۈگۈن تاۋۇتقا چۈشۈپ گۆرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تۇراتتى.

جامائەت كولىنىپ تەييار بولغان گۆرنىڭ قېشىغا كېلىپ، تاۋۇتنى يەرگە قويۇشتى. ئىمام بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرى نېرىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. جامائەتنىڭ بىر قىسمى گۆرنىڭ بېشىغا دۈررىدە ئولىشىپ تۆۋەنگە قاراشتى. گۆر چىرايلىق كولانغانىدى.

— پاھ، ماۋۇ يەرنىڭ توپىسى قالتىس ئوبدان چىقىپتۇ - دە! — دېدى بىرەيلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خۇشامەت تەلەپپۇزىدا. چۈنكى رەجەپ باي ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى گۆرنىڭ ئەتراپىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇشاتتى.

— رەھمەتلىك رەجەپ باي ئۆزىمۇ نىيىتى خالىس،

ئوبدان ئادەم ئەمەسمۇ! . . . قېنى بۇ گۆركار؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— هاي قۇناخۇن!

— قۇناخۇن! . . .

بىر نەچچەيلەن ۋارقىراپ، تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ گۆركارنى ئىزدىگىلى تۇردى. قۇناخۇننىڭ هېچ يەردە قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئۆيگە كېتىپ قالغانمۇ نېمە بۇ ئادەم؟!

— ئەستا، ئالدىرىغاندا ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى! — دەپ قاتتىق تېرىكتى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، دوغىلاق، كۆتمەك بۇرۇت، چېقىر كۆز ئادەم ئىدى.

— قېنى مەزىناخۇنۇم، ئۆزلىرى چۈشمەمدىلا، يەنە ياشراق بىرەيلەن ياردەملەشسۇن. كۈن ئىسسىق، جامائەت ساقلاپ قالدى، ئۆزىمىزلا قويۇۋېتەيلى، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ — دېدى مويسىپىتلاردىن بىرى.

تاياقتەك ئورۇق مەزىناخۇنۇم پەرىجىسىنى يېشىپ، سەللىسىنى ئېلىپ، يېنىدا تۇرغان ياش بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. «بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم!» دەپ ئورەككە سىيرىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن مۇشۇنداق دەپنە ئىشلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە هە ـ پە دېيىشىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن مەزىناخۇنۇمنىڭ يېنىغىلا سەكرىدى. جامائەت:

— هوي ـ هوي، ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق.

— باش ماۋۇ تەرەپتە! . . . — دەپ چۇرقىرىشىپ، ئاق كىگىزگە ئورالغان مېيىتنى لەهەتكە سۇنۇپ بېرىشتى.

— ئەستا، ماۋۇ قۇناخۇنكامنىڭ قىلغان ئىشىنى

قارىمامدىغان،— دەپ پىچىرلىدى مەزىناخۇنۇمغا ياردەملىشىۋاتقان كىشى.
— ھە، نېمە بولدى؟ — دېدى مەزىناخۇنۇم.
— قۇناخۇنكام كونا گۆرنىلا ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟ . . . ئىچ گۆردە يەنە بىر جەسەت تۇرىدۇ.
— قۇناخۇن قېرىپ قالدى. توپىسى يۇمشاقراق، كولاشقا ئوڭاي، دەپ كونا گۆرنى ئاچسىمۇ ئاچقاندۇ،— دېدى مۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەن مەزىناخۇنۇم،— ئەمدى باشقا گۆر كولايمىز، دېسەك، ئۆلگۈرەلمەيمىز. شاۋ - شۇۋ قىلماي، كونا جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ قويۇۋەر. بۇ يەردە سېنىڭ - مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق. ئىچى خېلى كەڭ كۆرۈنىدىغۇ! . . .
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوخلاۋاتقان قۇناخۇننى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا رەجەپ باينىڭ مېيىتىنى قويۇپ، ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قايتىپ چىقتى. يۇقىرىدا كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرغان ياش باللار تەرەپ - تەرەپتىن توپا تاشلاپ، ھەش - پەش دېگۈچە تاش گۆرنىمۇ تىندۇرۇپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ، بەلگە ئۈچۈن بىر نەچچە كېسەكنىمۇ تاشلاپ قويۇشتى.
— بولدى، رەھمەت، ۋاقىتلىق شۇ بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن! — دېدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى،— ئاتامنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ، قىرىق نەزىرىسىگىچە بۇ يەرگە ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز قوپۇرىمىز.
— ھە، شۇنداق بولماي،— دېيىشتى بىر نەچچەيلەن،— رەجەپ باي كىچىك ئادەممۇ؟ يۇرتنىڭ ئاتىسى - دە!

كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغان مويسىپىتلارنىڭ بىرى چىرايلىق قىرائەت قىلدى. جامائەت دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈرۈپ، ئۆلگۈچىگە ئىمان تىلەپ تارقاشتى.

بابا، تاش گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىلا ئىچ گۆرگە مۇنكىر - نەكىرلەر كىرىپ بولغانىدى. ئۇلار قاتارلىشىپ ياتقان ئىككى مېيىتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

— بۇ يەردە ئىككى مېيىت ياتىدىغۇ؟ — دېدى ياشتا كىچىكرەك بىرى، — تېخى بىرىنى كېپەنلەپتۇ، بىرىنى كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋېتىپتۇ!

— قېنى، قېنى، — دەپ ئېڭىشىپ قارىدى ياشتا چوڭراقى، — ھە، ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. بىر زامانلاردا، ۋاپادار خوتۇنلار ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي، ئېرى بىلەن بىللە گۆرگە تىرىكلا كىرىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغان. شۇنداقراق بىر گەپمىكىن بۇ يا؟

— قارىمامسەن، ھەر ئىككىلىسى ساقال - بۇرۇتى بار ئەر كىشى تۇرمامدۇ؟

— سەن تېخى بۇ ئىشقا يېڭىدىن تەيىنلەندىڭ، — دېدى ياشتا چوڭ سوراقچى، — مانا، مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈۋاتقىنىمغا نەچچە يۈز يىل بولدى. بىر چاغلاردا، پادىشاھلار ياكى كاتتا بايلار ئۆلسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بىللە خىزمىتىنى قىلسۇن، دەپ يۈزلەپ چاكارلىرىنىمۇ قوشۇپ تىرىكلا كۆمۈۋېتىدىغان قائىدىلەر بولىدىغان. ھەي . . . ي، ئۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىر دېمە.

— شۇنداقمۇ ئىشلار بولغانمۇ؟
— پاھ، بۇ ئادەم دېگىننىڭ ئازراقلا مەنسەپ، پۇل - دۇنياغا ئېرىشىۋالسىلا شۇنچىلىك يوغىناپ كېتىشىدۇكى، تېخى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلارمۇ چىققان.
— يائاللا، نېمە دەيدىغانسەن؟
— شۇنداق. ئاقىۋەت بىر كۈنى بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەر قانداق نىڭ قىلمىشىدىن بىرمۇ بىر ھېساب بېرىدىغىنى ھېچقايسىسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.
— ئادەملەر ياشاۋاتقان ئاشۇ دۇنيا قانداقراق يەردۇ؟ بىر چىقىپ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى.
— ياشلىق قىلما، ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان يەر ئەمەس. بىر - بىرىنى ئالداۋاتقان، بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىۋاتقان، بىر - بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقان، كۆرەلمەسلىك، زومىگەرلىك، ئاچ كۆزلۈك . . . ئەيتاۋۇر ئۇ يەردە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.
— ئاچ كۆزلۈك دېگەن نېمە ئۇ؟
— ياراتقان ئىگەم ئادەملەرنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا نەپسى دېگەن بىر نېمىنى قوشۇپ بەرگەن. ئەنە شۇ نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۇلار ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشىدۇ. ھەممىنى ئۆزۈملا يېسەم، دېيىشىدۇ. ئاچ كۆزلۈك دېگەن شۇ.
— ماۋۇ ياتقان ئىككىسىنىڭ كېپەنلىكىنى خوجايىنى، كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا ياتقىنى ئۇنىڭ چاكىرى ئوخشىمامدۇ؟
— كېپەن بىلەن ياتقىنى بىر يۇرتنىڭ زومىگىرى.

ئۇنىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىنى ھېلى سوراق قىلغاندا ئاڭلايسەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا، مۇنۇ چاكىرى تۇزۇك كۆرۈنەمدۇ، نېمە؟

— بۈگۈن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى سوراق قىلىمىز؟ سوراق قىلىنىدىغان ئادەم بىر ئىدىغۇ؟

— شۇنى دەيمەن. توختا، بىز ئاۋۋال چىقىپ يولىيورۇق سوراپ باقايلى.

مۇنكىر - نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا رەجەپ باي لاپ قىلىپ كۆزىنى ئاچتى. بايا ئۇ سوراقچىلار زەنجىر - كىشەنلىرىنى شاراقشىتىپ كىرگەن چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلاپ ياتقانىدى. «ھەي . . . ي، ئىش چاتاق! — دەپ ئويلىدى رەجەپ باي،— بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى ماڭا تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. ماۋۇ بالىلىرىم دېگەن ۋاپاسىزلارنىڭ مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ، ئەسكى ماتاغا يۆگەپلا كۆمۈپ قويۇشقىنىنى قارىمامدىغان، شۇ تاپتا تېخى ئۇلار مېنىمۇ ئۇنتۇپ، بەلكىم تېخى ئۆلۈپ كەتكىنىمگىمۇ خۇش بولۇشۇپ، مەندىن قالغان دۇنيالارنى بۆلۈشەلمەي بىر - بىرىنىڭ كانىيىنى سىقىشىۋاتقاندۇ! . . . ھېچ بولمىغاندا مېنى بىر ئۇن - يىگىرمە مىڭ كوي پۇل بىلەن قوشۇپ كۆمگەن بولسا، ماۋۇ سوراقچىلارغا ئازراق شوڭغۇتۇپ باقمايتتىم-مۇ. . . »

رەجەپ باي ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەجەپ قوپۇپ ئولتۇردى. يېنىدا ياتقان ئادەمگە قاراپ: «ئەجەب بىزنىڭ مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇنغا ئوخشايدىغان ئادەمكىنا بۇ!» دەپ

ھەيران بولدى.

— قوناخونمۇ سەن؟ ! — دەپ نوقۇدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمنى.

— قوناخون ئويغىنىپ، يېنىدىكى كېپەنگە ئورىلىپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۆزلىرى رەجەپ باي بولامدىلا؟

— سەن قاچان ئۆلۈپ كەتكەنتىڭ؟

— تازا ئېسىمدە يوق. سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپ، قانداقراق بولدى؟ دەپ ئىچ گۆرگە كىرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ باققىنىم ئېسىمدە. ئۆزۈممۇ ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، يېتىپ شۇنچىلىك راھەتلەندىم. سىلى بىلىلا، مومىيىم ئۆلۈپ كەتكىنىگە تۆت - بەش يىل بوپقالدى. شۇنىڭدىن بېرى يالغۇزلۇقتا ئۆلۈمنىلا ئويلايدىغان بوپقالغانىدىم. ئىككى قىزىمنىڭ ئۇششاق باللىرى بار، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن. بەزىدە ئاش - تاماق سېغىنىپ قالسام، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارىمەن. «شۇ كۈيئوغۇللارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنمەيلا» دەپ يەنە قايتىپ كېلىمەن. بىر قورسىقىمنى، دەپ كىنم ئۆلسە شۇنىڭ گۆرىنى كولاپ، شۇمۇ كۈنمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن خالاس بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياخشىكەن، دەپ ئويلاپ، يېتىپلا خۇداغا ئەرزىم يېتىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن.

— قاچان؟

— قاچان ئۆلۈپ كەتكىنىم تازا ئېسىمدە يوق. شۇ سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپلا. . .

— مېنىڭ گۆرۈم قايسى؟

— مۇشۇ گۆر سىلىنىڭ بولمامدۇ. قارىسىلا، نېمىدېگەن ئازادە كولاپتىمەن. نىيەتلىرى خالىس بولغاچقا توپىسىمۇ يۇمشاق، ئوبدان چىقتى. ئىككىمىز كەڭ ـ كۇشادە يېتىپ، يەنە بىر مۇنچە يەر ئېشىپ قاپتۇ.

— ئەمىسە، سېنىڭ گۆرۈڭ قېنى؟

— مېنىڭ گۆرۈم . . . راست، مېنىڭ گۆرۈم قېنى؟ . . . جامائەت مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمنى تېخى بىلگۈدەك بولمىدى ـ دە! خەۋەر تاپقان بولسا، مېنىڭ گۆرۈممۇ تەييار بولار ئىدى.

— چىقە، ئۆزۈڭنىڭ گۆرىگە چىقىپ يات! — دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باي، ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى.

— رەجەپ باي، — دېدى قۇناخۇن يىلىنىش ئاھاڭىدا، — بۇ دېگەن باشقا بىر دۇنيا، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشىدىغان يەر ئەمەس. ئاۋۇ نەچچە مو يېرىمنى سىلى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىگە قېتىۋالغاندىمۇ مەن گەپ قىلمىغانغۇ؟ . . . ئىككىمىز بۇ يەردە گۇڭۇر ـ مۇڭۇر مۇڭدىشىپ ياتساق، سىلىگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن! ؟ مەن سەندەك يالاڭتۆش بىلەن بىر گۆردە ياتامتىم! . . .

رەجەپ باي ئىچىدە: «ھېلى ھېلىقى سوراقچىلار يېنىپ كېلىپ سوراقنى باشلىغىلى تۇرسا، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىم چۇۋۇلۇپ چىقىپ، ماۋۇ قۇناخۇن دېگەن قوڭالتاقنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتەرمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ گۆر رەجەپ باينىڭ پۇلى بىلەن كولانغان تۇرسا، ئىنساپ قىلسا،

بالا ـ چاقىلىرى ئەتە ـ ئۆگۈن ئۈنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئېگىز گۈمبەزمۇ قوپۇرۇشار. بۇ قۇناخۇن دېگەن بىر تىيىن خەجلىمەي، غېپپىدە بۇ گۆرگە كىرىپ يېتىۋالسا، پايدا ئۈنىڭغىلا بولمامدۇ؟ رەجەپ باي ئۆمرىدە مۇنداق زىيانغا دەسسەپ باققان ئەمەس.

— چىق دېدىم، چىق! — دەپ قوغلىدى ئۇ قۇناخۇننى.

قۇناخۇن ئەتراپىنى سىپاشتۇرۇۋىدى، ھېلىمۇ ئىچ گۆرنى كولايدىغاندا ئىشلىتىدىغان كالتە ساپلىق گۈرجىكى يېنىدا تۇرۇپتۇ. گۈرجەك بىلەن رەجەپ باينىڭ بېشىغا بىرنى سالايمۇ دېدى، يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. قۇناخۇن بەستى يوغان بولغان بىلەن، ئۆمرىدە بىرسى بىلەن سەن ـ پەن دېيىشمىگەن ياۋاش ئادەم ئىدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، گۈرجەك بىلەن توپىلارنى ئۇياق ـ بۇياققا تارتىپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ، مىڭ مۇشەققەتتە ئۆمىلەپ گۆردىن چىقىۋالدى. نامازدىگەر ۋاقتى بوپقالغان بولۇپ، تېخى قۇياش كۆكتە پارلاپ تۇراتتى. قۇناخۇن قاراڭغۇ گۆردىن چىقىپ، كۆزىنى ئاچالماي بىردەم يېتىپ قالدى. قەيەرلەردىندۇر كاككۇكنىڭ «كاككۇك ـ كاككۇك» قىلىپ سايرىغان غېرىب ئاۋازى كېلەتتى. . . قۇناخۇن بىر ئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىنىڭ بۇزۇلغان، ئولتۇرۇشقان يەرلىرىنىڭ توپىسىنى تۈزەپ، چاپان ـ چارىلىرىنى قېقىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

قۇناخۇن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ بىر ئېرىقنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېرتتى ـ دە، ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ

چوڭ يولغا چىقتى. «توۋا، رەجەپ باي دېگەننىڭ دەستىدە ئارامخۇدا ئۆلۈۋالغىلىمۇ بولمىدى! ....» دېگەن خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى، ئالدىغا بىرنەچچەيلەن ئۇچرىدى.

— قۇناخۇن، بابا نەگە يوقاپ كەتتىڭلار؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى، — جامائەت سىلىنى ئىزدەپ...

— قاچان؟

— بابا، رەجەپ باينى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا.

— رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ؟ — دېدى قۇناخۇن.

— نېمە! ؟ — دەپ تېڭىرقاپ قېلىشتى ھېلىقىلار

رەجەپ باي ئۆلگەن بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى تېخى بار - دە! بۇ يۇرت زومىگەرىنى بىر ئادەمنىڭ پېتىنىپ بىرىنچى قېتىم ئوچۇق - ئاشكارا تىللىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپ مەھەللىدىكى ئەڭ ياۋاش قۇناخۇننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى.

— رەجەپ باي بىلەن ئاداۋىتىڭلار بار ئوخشىمامدۇ؟... شۇڭا، بايام گۆرنى كولاپ قويۇپلا قېچىپتىكەنسىلەر - دە!...

قۇناخۇن «ھە» دەپ قويۇپلا يولىغا مېڭىۋەردى.

* * *

قۇناخۇن ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇيقۇسىدىن تولۇق ئويغىنىپ ئېسىغا كەلگەندەك بولدى. چاي قايىنىتىپ ئىچىشمۇ خۇشىياقماي، بېشىغا بىر سامان تەكىيىنى قويۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستىدە يېتىپلا يەنە خىيالغا كەتتى. «دېمەككى، مەن رەجەپ باينىڭ گۆرىنى كولاپ بولۇپلا شۇ يەردە ھېرىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن - دە؟... مەن

تېخى ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن، دەپ قاپتىمەن.
ئۇنداقتا، رەجەپ باينىڭ كېيەنىنى يېپىنىپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلغىنى، رەجەپ باي بىلەن پاراڭلىشىپ كەتكەنلىرىم، باينىڭ مېنى قوغلاپ چىقارغانلىرى قانداق ئىش بوپكەتتى؟... توۋا، ئۇ دۇنياغا بىر بېرىپ قايتىپ كەلدىممۇ، قانداق!»
بۇ ئىش مۇشۇ يەردە توختاپ قالسىمۇ بولاتتى. لېكىننزە، پۇلى، ھوقۇقى بار خوجاملارغا تەخسىكەشلىك قىلىپ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. قۇناخۇننىڭ قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا: «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دەپ سالغان بىر ئېغىز گېپىنى كىمدۇر بىرى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈپ باردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئولتۇرالماي قالدى. «بايا بۇ قېرىنىڭ دادامنىڭ يەرلىكىنى كولاپ قويۇپلا يوقاپ كەتكىنىدە بىر گەپ باركەن - دە!؟... قېنى، دادام ئۇ ئوغرىغا نېمە يامانلىق قىلغانكى، بېرىپ بىر سوراپ باقاي» دەپ ئاچچىقىدا گۈرسۈلدەپ دەسسىگىنىچە قۇناخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— قۇناخۇن، ھاي قۇناخۇن!
رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بوي - تۇرقى، ئاۋازلىرىغىچە دادىسىغىلا ئوخشاپ كېتەتتى. بىر زامانلاردا رەجەپ باي «رەجەپ دادۇيجاڭ» بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئۇ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا تۇرۇۋېلىپ، ئاشۇنداق ئەلپازدا ۋارقىراپ، ئەزالارنى ئىت - ئېشەكنى

ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ئىشقا ئاچچىقلىنىدىغان. شۇ تاپتىمۇ قۇناخۇننىڭ قۇلىقىغا رەجەپ باي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

«ياﺋاللا! — دەپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى قۇناخۇن،— رەجەپ باينىڭ ئاۋازىغۇ بۇ!... رەجەپ بايمۇ گۆردىن قايتىپ چىقتىمۇ، قانداق؟... قايتىپ چىققان بولسا ئۆيىگە بارماي، مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا نېمە ۋارقىرايدىغاندۇ؟ ... بوپتۇ، گۆردە بىللە ياتساقمۇ ياتايلى، دەپ چاقىرغىلى كەلدىمۇ يا؟ يا ھېلىقى سوراقچىلار: ‹يېنىڭدىكى ئادەم قېنى؟ نېمە دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىسەن؟ ماڭ بېرىپ تېپىپ كەل!› دەپ ئەۋەتتىمۇ؟... ئەمدى ھەرگىزمۇ رەجەپ باي بىلەن بىر گۆردە ياتماسمەن...»

— ھوي قۇناخۇن!

قۇناخۇن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، رەجەپ باينىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان چوڭ ئوغلىنى كۆردى.

— خوش ئۇكام، خىزمەت بارمىدى؟

— قۇلىقىڭ پاڭما ۋاي سېنىڭ!؟

— كۆزۈم ئازراق ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتىكەن. ئۆيگە كىرسىلە.

— ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن. مەيەرگە چىقە، سورايدىغان گەپ بارتى.

قۇناخۇن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بارتى؟

— ھېچ.

— دادامنى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا يەرلىكنى كولاپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپسەن. يەنە جامائەت بىر نېمىلەرنى قىلىپ دەپنە قىلدۇق. گۆر كولىغان پۇلۇمنى بەرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ يا؟

— يوقسۇ، مەن ھەر قايسىلىرىدىن ھەق تەلەپ قىلالاتتىممۇ. . .

— يولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دەپ يۈرۈپسەن. دادامنى يەرلىكىدە قويۇپ بىر كۈنمۇ بولماي نېمە ئاھانەت بۇ؟. . . ئۆزۈڭچە: رەجەپ باي ئۆلدى، ئەمدى بۇ يۇرتنى سورايدىغان ئادەم قالمىدى، دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— يوقسۇ، دادىلىرىنىڭ ئورنىدا ھەر قايسىلىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى.

— ئەمىسە، رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ، دېگىنىڭ نېمە گەپ ئۇ؟

— كىمگە شۇنداق دەپتىمەن؟ ھېچ ئېسىمدە يوقا!

— خۇپسەنلىك قىلما ئوغرى. بۇ گەپنى سەن بىر ئەمەس، بىر قانچە ئادەمنىڭ ئالدىدا دەپسەن. ئېيتە، دادام ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان!؟

قوناخون شۇ گەپنى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن دەپ سالغانلىقىنى ئوبدانىراق چۈشەندۈرۈپ قويمىسا، ئۆزىگە بۇ يۇرتتا كۈن يوقلۇقىنى چۈشەندى.

— ماڭا قارىسىلا، ئوكام، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىشنى سىلى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا. بۇ يۇرتتا بىز ھەر قايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلماي كىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز. يەرلىكنى كولاپ بولۇپ، ئىچ گۆر قانداقراق

كولانغاندۇ، كۆرۈپ باقاي دەپ ئىچىــــگە كىــــردىم. دادىلىرىدەك كاتتا ئادەمنىڭ يەرلىكىنى قولنىڭ ئۇچىدىلا كولاپ قويغان بىلەن بولامتى؟ . . . ئىچ گۆرگە كىرىپ، ئۆزۈم سوزۇلۇپ يېتىپ كۆرۈپ باقتىــم. توۋا، نىمە غەپلەت باستىكىن بىلمىدىم، سوزۇلۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. جامائەتنىــڭ قەبرىستانلىــقتا يېتىــپ چىققىنىنى، دادىلىرىنى يېنىمغا قويۇپ، يەرلىكىنــى كۆمۈپ كېتىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. بىــر چاغدا بىرسى مېنى نوقۇيدۇ، كۆزۈمنى ئاچسام، دادىلىرى ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. . .

— ئاكا هوي، سەن نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟

— دەۋاتىمەنغۇ، ئىچ گۆرنــى كۆرۈپ باقاي دەپ كىرىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپلا كېتىپتىمەن. جامائەت دادىلىرىنى مېنىڭ يېنىمغىلا قويۇپ، كۆمۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. . . گېپىمنى بۆلمىسىلە، مەن قېرى ئادەم هېلىلا قىلىۋاتقان گېپىمدىن ئېزىپ كېتىمەن . . . ئەجەب بۇ تالادىلا تۇرۇپ قالدۇقا؟ هويلىغا كىرسىلە، هويلىــدا پاراڭلىشايلى. بۇ گەپلەرنىڭ سىلىگە پايدىلىق تەرەپلىرى ئاخىرىدا چىقىدۇ.

قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلىنى هويلىــغا باشلاپ كىرىپ، ئوتتۇن كەسلەيدىغان كۆتەكنىڭ ئۈستىنى پۈۋلەپ، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— مانا، مانا، مەيەرگە كەلسىــلە ئۇكام، — دەپ كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ؟ دەپ سالغان گېپىنى قانداق يوپۇتۇشنى بىلمەي خىيالىغا كەلگەننــى

سۆزلەۋاتاتتى، — نېمە دەۋاتاتتىم؟ . . . ھە، كۆزۈمنى ئاچسام، دادىلىرى يېنىمدا ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— قۇناخۇنمۇ سەن؟ — دېدى.

— شۇنداق! — دېدىم.

— سەن بۇيەردە نېمىگە ياتىسەن؟ — دېدى.

— ئۆلگەن ئوخشايمەن، — دېدىم.

خۇددى بىر يۇرتتىن يىراق بىر يۇرتقا بېرىپ قالغان ئادەملەر ئۇچرىشىپ قالسا، بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەندەك، دادىلىرى ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. بىر چاغدا تاشگۆر تاراق - تۇرۇق قىلىپ قالدى. دادىلىرى ئىككىمىز چاندۇرماي سوزۇلۇپ يېتىۋالدۇق. ئىچ گۆرگە بىر نەرسىلىرىنى شاراقشىتىپ مۇنكىر - نەكىرلەر كىرىپ كەلدى. پەممىچە ئۇلار ئىككىمىزدەك قىلاتتى. . .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپلا قالدي. يالغان گەپىكىن دېسە، قۇناخۇننىڭ چىرايى شۇنچىلىك مۇلايىم، قىلغان سۆزىگە كىشىنىڭ گۇمان قىلغۇسى كەلمەيتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئىچ گۆرگە مۇنكىر - نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى قۇناخۇن، — دادىلىرىنى سوراق قىلىش باشلاندى. ھەممىنى ئاڭلاپ ياتىمەن، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ قۇلىقىمدىلا تۇرۇپتۇ.

— خوش، نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ سورىدى

سوراقچىلارنىڭ بىرى دادىلىرىدىن.

— رەجەپ باي بولىمەن، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان-مەن! — دەپ دادىلىرى ناھايىتى تەمكىن جاۋاب بەردى. ئىچ كۆرنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. «كاتتا ئادەم دېگەننىڭ ئاۋازى ھەرقانداق يەردە ياڭراق چىقىدىكەن - ھە!» دەپ قالدىم.

— ھە، قېنى، قىلغان گۇناھلىرىڭنى سۆزلە! — دېدى سوراقچىلار.

ئۇكام، ئۇيەردە ھەرگىز يالغان گەپ قىلغىلى بولمايدۇ - دە. دادىلىرى قىلغان - ئەتكەن گۇناھلىق ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلىگىلى تۇردى. ئۆز ۋاقتىدا كوللېكتىپنىڭ خامىنىدىن ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن نەچچە توننا بۇغداي، نەچچە توننا قوناق، ئاپەتتە ئۆلدى، دەپ ھېسابقا كىرگۈزۈپ سويۇپ يەۋەتكەن نەچچە تۇياق مال... بالا - چاقىسىنى سۇ پۇلى، يەر پۇلى، توك پۇلى يىغىدىغان ئىشلارغا قويۇپ، خەقنى قانداق قاقتى - سوقتى قىلغانلىرى ... ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماي مال - دۇنيا يىغىپ قانداق باي بولغانلىقى، كىملەرگە قانچە پارە بەرگەنلىكى ... ئەيتاۋۇر، جىمى ئىش چۇۋۇلۇپ چىققىلى تۇردى ...

قۇناخۇننىڭ سۆزلەۋاتقىنى رەجەپ باينىڭ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ بىرقىسمىلا ئىدى. لېكىن، ھازىرغىچە ھېچكىم ئېغىز ئېچىپ بۇ ئىشلار توغرىسىدا بىر نېمە دېيەلمىگەچكە، رەجەپ باي ئائىلىسىدىكىلەر «دېھقان دېگەن شۇنداق گول خەق، قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ ئويلىشاتتى. رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى قۇناخۇننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ كۆزلىرى

پارقىراپلا قالدى.

— نېمانداق ئۇزۇن گەپ بۇ؟ — دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي، — گەپنى تولا يورغىلاتماي، مەن سورىغان سۆزگىلا جاۋاب بېرە. زادى سېنىڭ دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بارتى؟

قۇناخۇن ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي، توختىماي سۆزلەۋەردى.

— يەنە دادىلىرى ئۇكام، نىكاھلىق - نىكاھسىز خوتۇنلىرى، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ھالال - ھارام باللىرى، مال - مۈلكىنىڭ مىراس ھەققى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتى.

— ھە، مىراس توغرىسىدا نېمە دېدى؟

— شۇ گەپلەرنى مەنمۇ تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. ھېلىقى خوتۇنلار توغرىسىدىكى گەپلەرگە كەلگەندىلا دادىلىرىنىڭ بايىقى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى پەسلەپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. سوراقچىلارنىڭ بىرى ھەدەپ سوراق سوراۋاتىدۇ، شىرت - شىرت قىلغان ئاۋازىمۇ بار، ھەقىچان يەنە بىرى بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى خەتلەپ تۇرۇۋاتسا كېرەك. كۆزۈمنى يوغانراق ئېچىپ، سوراقچىلارنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋالاي دەيمەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرسى قاپىقىمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك زادىلا كۆزۈمنى ئاچالمايمەن ... ئەمدى ئۇكام، سىلى دېگەن بالا. ئۇ يەردە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلىگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ گۇناھلىق ئالەمدە گۇناھسىز كىم بار؟ قۇچاقتىكى بوۋاقمۇ

بەزىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ سالىدۇ. . . گۆردىن قايتىپ چىقىپ، يولدا: «خۇدايىم توۋا، رەجەپ بايدەك ھۆرمەتلىك ئادەملەر شۇنچىۋالا گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان بولسا ـ ھە! ؟ . . . » دېگەن خىياللار بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ھېلىقىلار ئۇچراپ رەجەپ باي توغرىسىدا بىرنېمىلەر دېگەندەك قىلىپ قالدى. مەنمۇ ئۇيلىماي پوسۇقىدە: «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ! » دەپ سالپتىمەن. مانا بولغان گەپ شۇ. مېنىڭ دادىلىرى بىلەن نېمە ئاداۋىتىم بولاتتى؟ رەجەپ باينىڭ ياخشىلىقىنى بىز ئاز كۆرگەنمۇ؟ مانا، دادىلىرى رەھمەتلىك: «قۇناخۇن، سەن كەمبەغەل ئادەم، دەسمى كەتمەيدىغان مۇشۇ گۆر كولايدىغان ئىشنى قىل، ئاۋۇ ئاززاق يېرىڭنى بىز تېرىغاچ تۇرايلى» دەپ مۇشۇ گۆر كولايدىغان ئىشقىمۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى تېرىقچىلىقنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئەمەسمۇ. بولمىسا يەر، سۇ ھەققى تۆلەيمەن، ئوغۇت ئالىمەن، غەللە تۆكۈمەن، دەپ نەلەردە پالاقلاپ يۈرەردىم. . .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقى ياكى تاپا ـ تەنىلىكىنى ئاجرىتالمايلا قالدى.

— قۇناخۇن، — دېدى ئۇ، — باياتىندىن بېرى دەۋاتقان گەپلىرىڭنىڭ زادى قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان؟ سېنى بىز دادام بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەن بولساق، سەن قانداق قىلىپ تىرىك قايتىپ چىقالىدىڭ؟

ھوي راست، سىلىگە ئۆزۈمنىڭ قانداق قايتىپ چىققانلىقىمنى دەپ بېرىمەن، دەپ ئۇنتۇپتىمەن. ھېلىقى سوراقچىلارنىڭ دادىلىرىنى سوراق قىلىۋېتىپ ماڭا كۆزى

چۈشۈپ قالسا بولىدۇ.

— ھوي، بۇ يەردە يەنە بىر ئادەم ياتىدىغۇ؟ — دېدى بىرسى

— نېمە ئادەم سەن؟ ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى يەنە بىرى. ئەلپازى شۇنداق يامان. قورققىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. غەيرىتىمگە ئېلىپ:

— يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن، دىنىم ئىسلام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن، — دېدىم. ئاۋازىم دادىلىرىنىڭكىدەك جاراڭلىق چىقمىدى، شۇنداق بولسىمۇ سوراقچىلار سەل قايىل بوپقالدى.

سوراقچىلارنىڭ بىرى قولتۇقىدىكى يوغان كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاچتى. مەن خەت تونۇمايدىغان ئادەم، ئۇنىڭ قانداق كىتابلىقىنى نەدىن بىلەي. ئەتىمالىم، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشاۋاتقان ھەممىمىزنىڭ نامۇئەمىلى شۇ كىتابقا پۈتۈكلۈك بولسا كېرەك. ھېلىقى سوراقچى كىتابنى ۋاراقلاپ قاراپ:

— ياق، بۈگۈن سوراق قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئادەمنىڭ تىزىمى يوقكەن، — دېدى. يەنە بىرى ماڭا قاراپ:

— قۇناخۇن، سەن بۇ يەرگە ئوقۇشماي كىرىپ قاپسەن. سېنىڭ تېخى بىر نەچچەيىلەننىڭ گۆرىنى كولايدىغان ئىشىڭ باركەن، چىقىپ كەت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— يا مەددەت! — دەپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم،

دادىلىرى:

— قۇناخۇن، چىقىپ كېتەمسەن؟ — دېدى.

— سىلى بىلەن بۇ يەردە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ بىللە ياتقۇم بار ئىدى، ئامال يوق،— دېدىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. ئاخىرىدا دادىلىرى:

— چىقىپ كەتسەڭ، بالىلىرىمغا ئېيتىپ قويغىن. بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، قەبرەمنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قاتۇرىمەن، دەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن. شۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى يېتىم - يېسىرلارغا بەرسۇن. خەقتىن ئېلىۋالغان مال - دۇنيا، يەر - مۈلۈك بولسا ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتسۇن، دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

ھېلىمۇ ياخشى، گۆر كولايدىغان گۆرجىكىم يېنىمدىكەن. توپىلارنى تاتىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى قىلىپ چىقىۋالدىم . . . ئىشەنسىلە - ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى، مانا ئۇكام، بولۇنغان گەپلەر شۇ.

«بۇ قېرى ئالجىپتىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ، شىمىنىڭ ئارقىسىنى قېقىپ، كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم ئۆز قانىتىنى يايماقتا ئىدى.

— قۇناخۇن،— دېدى ئۇ،— باياتىندىن بېرى قىلغان گەپلىرىڭنى كۆرگەنلا يەردە بىلجىرلاۋەرمە - ھە!

— ھەددىمىمۇ،— دېدى قۇناخۇن،— مانا ئۆزلىرى كېلىپ: «دادامنى نېمىشقا رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ، دېدىڭ؟» دەپ سوراپتىلا، شۇ گەپنى نېمىشقا دەپ سالغانلىقىمنى

چۈشەندۈرۈپ قويمەن، دەپ شۈنچىۋالا جىق ۋاراقلاپ كەتتىم. بولمىسا، بۇ گەپلەرنى باشقا يات ئادەمنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولامدۇ، دېسىلە.

رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئۈنچىقماي دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

*　　*　　*

قۇناخۇننىڭ «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ!» دېگەن گېپىنى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بارغان چېقىمچىلار: رەجەپ باينىڭ ئوغلى ھېچبولمىغاندا قۇناخۇننى كۆتىگە تېپىپ بۇ مەھەللىدىن قوغلايدۇ، دەپ ئويلىشۇدى، ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلار كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى. قۇناخۇن يەنە تاماق يېگۈسى كەلسە قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماقنى يەپ، ياستۇقنى قىرلاپ خاتىرجەم ئۇخلاپ يۈرەتتى. قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە بولسا، قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ خېلى يىراقلارغىچە يەتتى. بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى مەھەللىنىڭ ھۆرمەتلىك مەزىنى ئۆزى ئىسپات قىلغانىدى.

— مانا شۇ ۋاقىتتا، — دەپ سۆزىنى باشلايتتى مەزىناخۇنۇم، — رەجەپ باينى يەرلىكىگە قويايلى، دەپ ئىچ گۆرگە قارىساق، ئۇ يەردە بىر ئادەم يېتىپتۇ. «ئاپلا، قۇناخۇن ئىشنىڭ ئوڭايراقىنى قىلاي، دەپ، كونا گۆردىن بىرنى ئېچىپتىكەن ـ دە، بوپتۇ، جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، رەجەپ باينى قويۇۋېرەيلى، ھەممىسى خۇدانىڭ زېمىنىغۇ» دەپتىمىز. بايا، ئۇنىڭ ئىچىدە

قۇناخۇن ئۇخلاپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ. تۇۋا دەيدىغان ئىش. بۇ ئادەمنىڭ ئۆيەردىن تىرىك قايتىپ چىققىنى بىر كارامەت بوپتۇ. . .

مەزىناخۇنۇم ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەرقانداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى. قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقىنى يەنە كىشىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن ھەر خىل تۈستە بېيىتىپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، تاش گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەن بىلەن تەڭ ئىچ گۆرگە مۇنكىر - نەكىرلەرمۇ كىرىپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ، — دەپ ھېكايە قىلاتتى بىرەيلەن، — قارىسا ئىچ گۆردە ئىككى ئادەم ياتقان. رەجەپ باينىڭ كۆزى يۇمۇق، ئېغىكى چېتىقلىق تۇرغۇدەك، قۇناخۇن بولسا كۆزىنى ئۇينىڭ كۆزىدەك يوغان ئېچىپ پارقىراپ ياتقۇدەك. «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سوراپتىكەن، قۇناخۇن ھودۇق - پۇدۇق قىلىپ قاپتۇ. «پاھ، ماۋۇ كاززاپىنى قاراڭلار. ئۆزۈڭچە ئۆلۈكلەر قاتارىغا كىرىۋېلىپ، كۆزىمىزنى بويىماقچىمىدىڭ؟ . . . ساڭا نۆۋەت كېلىدىغانغا خېلى بار، چىقە!» دەپ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇناخۇن ئۆزىنى قەبرە بېشىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا، كىيىملىرىگە توپىمۇ يۇقماپتۇدەك. . .

— ياق، ئەسلى بۇ مۇنداق گەپكەن، — دەپ سۆز باشلايتتى يەنە بىرەيلەن، — سوراقچىلار كىرىپ: «تۇر ئورنۇڭدىن!» دەپ بىر ۋارقىراپتىكەن، قۇناڭكام بىلەن رەجەپ باي تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىپتۇ. «قايسىڭنىڭ ئىسمى رەجەپ؟» دەپ سوراپتىكەن، رەجەپ

باي: «رەجەپ دېگەن مانا مەن بولىمەن» دەپتۇ. «ئەمىسە، سەن نېمە ئادەم؟» دەپ بىزنىڭ قۇناقكامغا قاراپتىكەن، قۇناقكام: «مەن يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن. قانداق قىلىپ بۇ رەجەپ باي بىلەن بۇ يەردە بىللە يېتىپ قالغىنىم پەقەتلا ئېسىمدە يوق. شۇنىڭغا قارىغاندا، مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدىم» دەپتۇ. «ئۆلگەن بولساڭ كېپىنىڭ قېنى؟» دەپ سوراپتىكەن، قۇناقكام يېنىدىكى كېپەنگە ئورىنىپ تۇرغان رەجەپ بايغا قاراپ: «هوي رەجەپ باي، راست مېنىڭ كېپىنىم قېنى؟ ئەترەتتە كېپەن تارقاتقاندا، مېنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ قانداق؟ ئۆز ۋاقتىدا، ئەزالارغا نورما ئاشلىق تارقاتقاندىمۇ كەم بېرىپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ئىشلار بولىدىغان. ئەمدى ئادەم بېشىغا بىر دىنلا توغرا كېلىدىغان بۇ كېپەنىنىمۇ مۇشۇنداق كانتىلىساڭلا قانداق بولىدۇ رەجەپباي؟ . . . ماۋۇ كېپەننى بولىسىمۇ تەڭ يېپىنايلى» دەپ ھەدەپ رەجەپ باينىڭ كېپىنىنى تارتقىلى تۇرۇپتۇ. رەجەپ باينىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. مەھەللىدە بولغان بولسا، قۇناقكامنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەر ئىكەن. گۆردە — سوراقچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ: «قۇناخۇن، كېپەن دېگەننى ئۆلگەندە ياپىدىغان نېمە، سىلىنىڭ قاچان، قانداق ئۆلۈپ كەتكىنىڭلىنى مەن بىلمىسەم. مەن ئۆلگەندە سىلە مېنىڭ يەرلىكىمنى كولىغان تۇرساڭلا، مەن سىلىنىڭ كېپىنىڭلىنىڭ ئىشىنى نېمە بىلەي؟» دەپتۇ. قۇناقكام: «ئۇنداق بولسا، مەن كەمبەغەل ئادەم، بالىلىرىم كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋەتكەن ئوخشىمامدۇ» دەپتۇ. سوراقچىلار: «ماڭ، چىقىپ كېپىنىڭنى كىيىپ كىر!»

دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇناغكام ھويلىسىغىلا چۇشۇپتۇ. قارىسا، گۆر كولايدىغان گۇرجىكىمۇ قولىدا تۇرغۇدەك. . .

ياشراق يىگىتلەر بۇ گەپكە خىيالىغا كەلگەن مەزمۇنلارنى قوشۇپ چاقچاقلا ئايلاندۇراتتى:

— قۇناغكامنى جامائەتنىڭ ئوقۇشماي رەجەپ باي بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكىنى راست گەپكەن،— دەپ گەپ باشلايتتى ئۇلار،— سوراقچىلار كىرىپ شۇنداق قارىسا، قاتارلىشىپ ئىككى ئادەم ياتقان. نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلمايلا سوراقنى باشلىۋېتىپتۇ. باشتا رەجەپ باينى سوراق قىلغانىكەن، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان شۇنداق جىق ئەسكىلىكلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ كېتىپتىمىش. «قوپ ئورنۇڭدىن!» دەپ رەجەپ باينى توپتوغرا دوزاخقىلا ئېلىپ مېڭىپتۇ. قۇناغكام رەجەپ باينىڭ قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاخ تەرەپكە پۇتىنى سۆرەپ، نائىلاج قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېتىپتۇدەك. سوراقچىلار قايتىپ كېلىپ قۇناغكامنى سوراق قىلىشنى باشلاپتۇ. بۇ بىچارە كەمبەغەلدە نېمە گۇناھ بار دەيسىلەر؟ خۇدانىڭ بىر مۆمىنى - دە، ئۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپتىكەن، بەزىدە زوغا ۋاقتىدا ئويغىنالماي ئوتتۇز كۈن روزىنى ساق تۇتالمىغانلىرى، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىيەلمەي قازا قىلغانلىرى پاش بوپتۇ. «مەيلىلا، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە، بەزىدە شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ» دەپ ئۇنىڭ مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىپ، قۇناغكامنى جەننەتكە ئېلىپ

مېڭىپتۇ. قۇناڭكام شۇنداق قارىسا، ئالدىدا ياپيېشىل بىر باغۇ بوستانلىق تۇرغۇدەك، باغنىڭ ئىچىدە نېپىز يىپەك كىيىملىرىدىن ئاپئاق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھۆر - پەرىلەر ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنمىش. قۇناڭكام: «يائاللا! مەن قېرىپ قالغان ئادەم تۇرسام، مۇنچىۋالا كۆپ خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىمەن!» دەپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ يېنىپ چىقىپتۇدەك . . .

مەھەللىدە ئىچى پۇشقان ئادەملەر مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈپ، ئازراق بولسىمۇ راھەتلىنىپ قېلىشاتتى.

بىر كۈنى، قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلى بىلەن يولدا يۈزمۇيۈز كېزىكىپ قالدى.

— ھەي ئالجىغان قېرى، توختىغىنە! — دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى.

قۇناخۇن توختاپ، رەجەپ باينىڭ ئوغلىغا زەردە بىلەن قارىدى. «ئالجىغان قېرى» دېگەن بۇ گەپ كىشى يوق دالدىراق يەردە دېيىلگەن بولسىمۇ، قۇناخۇن يەنە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولدى قىلاتتىمىكىن، كۆپكۆندۈزدە، جامائەت ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ يولدا قىلىنغان بۇ ئاھانەت قۇناخۇنغا قاتتىق ھار كەلدى. قۇناخۇن ھەرقانچە ياۋاش، كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئادەملىك غۇرۇرى بار - دە!

— ئۇكام، سەل ئاغزىلىرىغا بايقاپ گەپ قىلسىلا بولامدىكىن، — دېدى قۇناخۇن.

— ۋاھ، ماۋۇ قېرىنىڭ يوغانچىلىسىنى كۆرۈڭ! خەقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەر سەن

ئالجىغان قىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقمىسا، نەدىن چىقىدۇ؟ ئۆتكەندە ماڭا: «دادىلىرى توغرىسىدا باشقا ھېچ يەردە قالايمىقان گەپ قىلمايمەن» دەپ ۋەدە قىلمىغانمىدىڭ؟

— مەن دادىلىرى توغرۇلۇق ھېچ يەردە ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدىم. ئەمدى كۆپ دېگەنىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ يۈرگىنىدىنمۇ خەۋىرىم يوق. . . مېنى «ئالجىغان قىرى» دەپ قالدىلا. راست ئالجىغان بولسام، ئالجىغىنىمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن.

— ھە، قانداق قىلارسەن؟!

— قانداق قىلاتتىم، ئالجىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ھەممە گەپ چىقىدۇ. رەجەپ باينىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان چاغلىرىدا! چىرايلىق، ياش چوكانلارنىڭ ئېرىنى ھاشارغا ماڭغۇزۇۋېتىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن تارتىپ، قىرىنغاندا شەھەردە مەخپىي ئۆيلەنگەنلىرىگىچە، قوينۇم ئوغرى - قونچۇم ئوغرى قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭكىنى بۇلاپ - تالاپ يىغقان مال - دۇنيالىرىدىن تارتىپ، «يەر - سۇ پۇلى تۆلىمىدىڭ» دەپ قانچە بىچارىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرىغىچە، بالا - چاقا، ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنىمۇ قوشۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ھەممە يەردە بىر سۆزلىگىلى تۇرىمەن. بۇ دۇنيادا بۇنداق ناھەقچىلىكلەرنى سورايدىغان بىرەر يەرمۇ چىقىپ قالار؟ . . . چىقمىسا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. يامىنى كەلسە ئۆلۈمكەنغۇ! ئۆلۈپ، ئاشۇ خاتىرجەم يەرگە بېرىپ يېتىۋېلىشنى ئۆزۈممۇ خالاپ

قالدىم. . .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالدى.

— سەن، سەن، زادى نېمە دېمەكچى؟ بىزدىن تەلەپ قىلىپ ئالىدىغان بىر نېمەڭ بارمىدى؟ — دېدى ئۇ.

— ھېچنېمىلىرىنىڭ كېرىكــى يوق! — دېدى قۇناخۇن، — مۇشۇ ياشقا كېلىپ مەن بۇ يۇرتتا ئىككى زومىگەرنى كۆردۈم. بىرى، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەسلىدىكى يەر ئىگىسى موللاق تاز، خەققە قىلمىغان ئەسكىلىكــى قالمىغانىدى، يېڭى ھۆكۈمەت كېلىپ جاجىسىنى بەرگەن؛ يەنە بىرى، سىلىنىڭ دادىلىرى، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆزى يېتىشتۈرگەن. بۇ جاھان پىرقىراپ كونا ئىزىغا چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ، ھېچ بىلەلمىدىم . . . مەن سىلىگە ئېيتىپ قوياي، بۇ ئالەمدە سورىقى يوق ئىش يوق جۇما. . . ياخشىسى، ماۋۇ «ئالجىغان قېرى» دېگەن گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالسىلا. مەن سىلىدىن ياشــتا خېلــى چوڭ. بىر ـ بىرىمىزنى ئىززەتلەپ ئۆتكىنىمىز تۈزۈك. قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلسىلە.

قۇناخۇن دەيدىغانىنى دەپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ مېڭىپ كەتتى.

* * *

ئەتىسى قۇناخۇن ناماز پېشىنىنــى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەسچىتنىڭ يېنىدىكــى يولدىن بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رەجەپ

باينىڭ چوڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇناخكا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى قۇناخۇن.

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇنغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى:

— بىزنىڭ يەرگە قېتىلىپ قالغان يەرلىرىنى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۆزلىرى تېرىسىلا.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ئوكام.

مەسچىت سەيناسىدا تۇرغان بىر نەچچەيلەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ — رەجەپ باي ئائىلىسىدىكى ـ لەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئاددىي بىر دېھقانغا ئېگىلىپ سالام قىلىشى ئىدى.

— قۇناخۇن، رەجەپ باينىڭ ئوغلى سىلىگە ئەجەب ئېگىلىپ سالام قىلىپ كەتتا؟! — دېدى مەسچىت سەيناسىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى، — قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلاۋاتاتتى، نېمە دېدى؟

— ئاخشام رەھمەتلىك دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ دۇنيادىمۇ سوئال ـ سوراق بەك قاتتىق بولۇۋېتىپتۇ ـ دەك، دېدى، — دېدى، قۇناخۇن.

قۇناخۇننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. مەسچىت ياغاچلىرىدا كەپتەرلەر كۇكۇللۇك بۇغۇلدۇشاتتى...

2000 ـ يىل نويابىر، غۇلجا.

# قارانچۇق

بۇرۇنقى زاماندا بىر قارانچۇق بولغانىكەن. ئۇنى دېھقانلار ئۇچار قاناتلار چۇشۇپ زىرائەتلەرنى چوقۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئېتىزنىڭ بېشىغا قاداپ قويغانىكەن. مۇنداق قارانچۇقلار يېزاقتىن قارىغان كىشىگە ئېتىزلىقتا بىر ئادەم قوللىرىنى كېرىپ ئۇرە تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. قۇشلار بېشىغا كونا تۇماق، ئۇچىسىغا ئەسكى چاپان كىيىپ، يەردىن ھېلىلا بىر داڭگالنى ئېلىپ ئاتىدىغاندەك ئەلپازدا تۇرغان بۇنداق «غەلىتە ئادەم» دىن ئەيمىنىپ، ئۇ يەرگە چۇشۇپ دانلاشتىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغاچقىمىكىن، ئۇ زامانلاردا دېھقانلار يەرلەرنى كۆچۈپ يۇرۇپ تېرىيدىكەن، بۇ يىل تېرىغان يەرنى ئاپتاپ يېسۇن، دەپ تۆت ـ بەش يىل تاشلاپ قوياتتىكەن. ھېلىقى يەر شىۋاقلار ئۇسۇپ، ئاپتاپ يەپ تازا كۇچەيگەندە، يا ھېلىقى دېھقان ياكى كۆڭلى تارتقان باشقا بىرەيلەن كېلىپ تېرىيدىكەن. سىنىڭ، مېنىڭ، دېگەن گەپ يوقكەن. مۇنداق ئېتىزلارنىڭ بېشىدا يەنە دېھقانلار ھەر قېتىم بۇ يەرلەرنى تېرىغاندا تۇرالغۇ قىلىپ

ئىشلىتىدىغان سوقما تاملىق كەپىلەر بولىدىكەن. سىز بۇ ئاددىي كەپىلەرنى سەل چاغلىماڭ، ۋاقتى كەلگەندە، دېھقان ئائىللىرى ئۇنىڭ ئىچىگە سۇپا چىقىرىپ، ئوچاق سېلىپ، ئوچاق باشلىرىنى سېغىز لايدا چىرايلىق سۇۋاپ يېپيېڭى قىلىۋېتىدىكەن. كەپىنىڭ ئالدىغا چۆنەك تارتىپ، كاۋا، قاپاق، ھەر خىل گۈللەرنى تېرىۋېتىدىكەن. تەبىئەت ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە ئۆزىنىڭ سېخىي قولى بىلەن بۇ ئاددىي كەپىلەرنى يېشىل يوپۇرماق، رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن زىننەتلەپ شۇنداق چىرايلىق قىلىۋېتىدۇكى، ئايھاي، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئەنە شۇنداق باياشات ياشايدىكەن. ئېتىز يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ، ئورغىقنى بىلىكىگە سېلىپ، ئورما ئورغىلى كېتىپ بارغان ھەر بىر دېھقان ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە، شىۋاقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان كەڭرى بوز، ئاسماندا چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن تورغايلار، يولنى توغرا كېسىپ غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان بىلەي تاشتەك سىلىق كەسلەنچۈكلەر، كىمدۇر بىرىنىڭ يىراق بىر ئېتىزدا سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسىغا مەست بولۇپ چەكسىز ھاياجانلىنىدىكەن. . .

ھېلىقى قارانچۇقنىڭ گېپىگە كەلسەك، بۇ قارانچۇقنى ئېتىزغا قاچان، كىم قاداپ قويغان؟ ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوقكەن. بۇ يەرنى تېرىيدىغان دېھقانلار پات - پات ئالمىشىپ تۇرىدىكەنۇ، قارانچۇق شۇ ئەتراپنىڭ مەڭگۈلۈك كۆزەتچىسىدەك شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدىكەن. ئۇنى ئېلىۋېتىش ياكى باشقا بىرەر يەرگە يۆتكەپ قويۇشمۇ

ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىكەن. ئۇزۇن يىللار شۇ يەردە تۇرۇۋەرگەچكە، قارانچۇقمۇ ئۆزىنى شۇ ئەتراپنىڭ خوجايىنىدەك ھېس قىلىدىكەن.

يىللار ئۆتۈپ، بۇ يەرنى باشقۇرغىلى بىر بەگ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن. يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىپ، دېھقانلارغا ئىبرىقتا ئېقىۋاتقان سۇلارنىمۇ مىسقاللاپ ساتىدىغان بوپتۇ. يەرنى دېھقانلار بەگدىن ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىكەن. يىل ئاخىرىدا ھوسۇلنىڭ تەڭدىن تولىسى بەگنىڭ خامىنىغا يىغىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار روھسىزلىنىپ، ئېتىزلار چۆللىشىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى قارانچۇقنىڭمۇ بېشىدىكى تۈمىقى ئەسكىرەپ، ئۇستىدىكى پاختىلىق چاپىنىنىڭ مازلىرى تىتىلىپ، بىچارە ھالغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ ئەتراپقا چۇشۇپ دانلايدىغان بىر چىرايلىق قۇشمۇ بار ئىكەن. پەيلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان بۇ ئاجايىپ قۇشنىڭ زادى نېمە قۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەيەردىن ئۇچۇپ كېلىدىغانلىقىنى قارانچۇقمۇ بىلمەيدىكەن. بۇ كۈپنى كۆرگەن قۇش بولغاچقا، قارانچۇقتىنمۇ ئانچە ھۈركۈپ كەتمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ دانلاۋېرىدىكەن. بىر كۈنى بۇ قۇش قارانچۇق تۇرغان ئېتىزغا چۈشۈپ، قۇرت - قوڭغۇزلارنى تېرىپ يەپ، يورغىلاپ، قارانچۇقنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە:

— قارانچۇقۋاي، ھالىڭ بەك خارابقۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— گەپ قىلما، — دەپتۇ قارانچۇق، — مانا سەن بىلسەن، شۇنچە يىللار مۇشۇ ئېتىزغا تېرىغان زىرائەتلەرنى

قوغداپ، بوران ـ چاپقۇنلارغا ۋاي دېمەي، بۇ يەردە تىك تۇرۇپتىمەن. ماۋۇ كۆنلەرگە كەلگەندە، بۇ يەرگە ئىگە بولۇۋالغان غوجاملارنىڭ مېنىڭ ھالىم بىلەن كارى يوق. ھېچبولمىغاندا، بېشىمدىكى ئەسكى تۇماق بىلەن ئۇچامدىكى ماۋۇ مېزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن كونا چاپاننى يەڭگۈشلەپ قويسىمۇ كىمنىڭ دەردى! ؟

— ئامالىڭ يوق. پېشانەڭگە پۈتۈلگەن تەقدىر شۇ، — دەپتۇ چىرايلىق قۇش.

— ساڭا بەك ھەۋەسىم كېلىدۇ، — دەپتۇ قارانچۇق، — پەرۋاز قىلىپ ھەر يەرلەرگە بارالايسەن، خالىغان يېرىڭگە چۈشۈپ دانلايسەن. مەنچۇ؟ تەقدىر مېنى مىخلاپ قويغان بۇ قاقشال يەردىن بىر قەدەممۇ سىلجىيالماي تۇرغىنىم تۇرغان. ئۈستۈمگە چاپان، بېشىمغا تۇماق كىيگەندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالىغان بولسامۇ كاشكى...

— گەپ قىلالىغان بولساڭ قانداق قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇش.

— گەپ قىلالىغان بولسام، — دەپتۇ قارانچۇق، — ھېلىقى بۇ يەرلەرگە خوجايىن بولۇۋالغان بەگكە بولسىمۇ بىر ئىككى ئېغىز ئاچچىق گېپىمنى قىلىۋېلىپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالاتتىم.

— بۇ بەك خەتەرلىك! — دەپتۇ قۇش، — جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۇنچىقماي كۆزەتكەنلا تۈزۈك. شۇ چاغدا بېشىڭغا بالامۇ تېپىۋالمايسەن، ئۆلمىلىقتا كامالەتكە يېتىسەن.

— ماڭا ئۆلمىلىقنىڭ نېمە كېرىكى! — دەپ

تىرىكىپتۇ قارانچۇق، — قولۇڭدىن كەلسە، ئۆزۈڭ يىللىق بۇرادەرچىلىكىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلساڭ.

— ساڭا نېمە ياخشىلىق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ قۇش ھەيران بولۇپ.

— سەن ئەرشكىچە ئۇچۇپ بارالايسەن، — دەپتۇ قارانچۇق، — شۇ يەرگە ئۇچۇپ بارغاندا، ياراتقان ئىگەمگە مېنىڭ ئەرزىمنى يەتكۈزۈپ قويساڭ. مېنى ئازراق بولسىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان، بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى بولسىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويسا.

— مەيلى، ئىچىڭ تىتىلداپ بەك سۆزلىگۈڭ كېلىپ كەتكەن بولسا، مەن ئەرزىڭنى خۇدايىمغا يەتكۈزۈپ قوياي. ئەمما بۇ خەتەرلىك. . .

چىرايلىق قۇش شۇنداق دەپتۇ - دە، لەپپىدە ئۆرلەپ، قارانچۇقنىڭ بېشىنى بىر ئەگىپ، يىراقلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قارانچۇق بىلەن قۇشنىڭ ئۇتتۇرىسىدا شۇ سۆھبەت بولۇپ ھەپتە ئۆتتىمۇ، ئاي ئۆتتىمۇ، ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوق. ھېلىقى قارانچۇق بار ئېتىزنى بەگدىن ئەمەت دېگەن قوغۇنچى قوغۇن تېرىغىلى ئىجارىگە ئالغانىكەن، بىر كۈنى، ئەمەت قوغۇنچى «ئەمدى بۇ يەرگە قانداق قوغۇن تەرسەم بولار؟ قوغۇنلىرىم ئوخشارمۇ، ئوخشىماسمۇ؟ قوغۇنلارنىڭ قانچىلىكىنى مەن ئالارمەن، قانچىلىكىنى بېگىم ئالار؟ . . .» دېگەن خىياللار بىلەن قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋاتقانىكەن، ئەمەت قوغۇنچىدىن ئون نەچچە قەدەملا نېرىدا تۇرغان قارانچۇق تەر بېسىپ بىر قىسىما بولغىلى

تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ چىڭقىلىپ، «ھەي!» دېگەن ئاۋازنىڭ كانىيىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قاپتۇ. «ھەي!» دېگەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئەمەت قوغۇنچى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قارىسا ئەتراپ جىمجىت، ئادىمزاتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك، ئېتىزنىڭ بېشىدا ھېلىقى سەت قارانچۇق تۇماقنى قىڭغىر كىيىپ، ئىككى قولىنى كېرىلگىنىچە تۇرغۇدەك. ئەمەت قوغۇنچى سەل ئەيمەنگەندەك بوپتۇ-دە، «ھەر قانچە بولسىمۇ قارانچۇقتىن ئاۋاز چىقمىغاندۇ-ھە!؟» دەپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە ئىشنى قىلىۋېرىپتۇ.

— ھەي ئىنسان، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراپتۇ قارانچۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئەمەت قوغۇنچى قورقىنىدىن كەتمەننى تاشلاپ، ئالدى-ئارقىغا قارىماي مەھەللىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئەمەت قوغۇنچى ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇچرىغانلارغا بۇ گەپنى قىلىپ بېرىپتىكەن، ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەزىلەر تېخى:

— ئەمىتاخون، خام تاماكىنى جىقراق چېكىۋالغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئەمەت قوغۇنچى:

— بۇرادەرلەر، ئىشەنمەيسىلەر، ئاشۇ قارانچۇقنىڭ گەپ قىلغىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، — دەپ قەسەم ئىچىپمۇ ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ.

ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ بۇ غەلىتە گەپ مەھەللە ئىچىگە شۇ كۈنىلا تاراپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بولۇپ تېخىمۇ غەلىتىلىشىپ كېتىپتۇ. بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەت قوغۇنچى «ھەي!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىسا، قارانچۇقتىن باشقا ھېچكىم يوقمىش. نېمە گەپ بۇ؟ دەپ قارانچۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھازىر ۋارقىرىغان سەنما؟ — دەپ سورىغانىكەن، قارانچۇق ئەمەت قوغۇنچىنىڭ ياقىسىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— مەن بولماي، ئىگىچە ـ سىڭلىڭمىدى!؟ — دەپ ئۇنى بېشىچە يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇدەك...

يەنە بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەت قوغۇنچى قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋېتىپ، «ھەي!» دەپ ۋارقىرىغان كىمدۇ؟ دەپ چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىسا، ھېلىقى قارانچۇق بىر ئەپلىك پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرغۇدەك. ئەمىتاخۇننىڭمۇ تازا خۇمارى تۇتقان چاغ ئىكەن، «ئەكېلە تاماكاڭنى، بىر ـ ئىككى نەپەس تارتاي» دەپتۇ. بىر چاغدا ئەمەت قوغۇنچى ئېسىگە كېلىپ قارىسا، قارانچۇق بىلەن تاماكا تارتىشىپ ئولتۇرغۇدەك. قورققىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، كەتمىنىنىمۇ تاشلاپ، مەھەللىگە قاراپ قېچىپتۇ. قارانچۇق ھېجايغان پېتى ئەمىتاخۇننىڭ كەتمىنىنى ئېلىپ، قوغۇننىڭ چۆنىكىنى تارتىپ ئېتىزدا قالغانمىش...

— بىر زامانلاردا، — دەپ گەپ باشلاپتۇ يەنە بىرەيلەن، — ئاشۇ قارانچۇق سانجىقلىق يەرلەرنى نامەت

ئىسىملىك بىر دېھقان تېرىپتىكەن. بەلكىم شۇ قارانچۇقنىمۇ شۇ نامەت دېگەن ئاغىنە تىككەنمۇ ياكى ئۇنىڭ بوۋىلىرىنىڭ بوۋىسى سانجىپ قويۇشقانمۇ، بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئىشقىلىپ، بۇ يەرنى شۇ نامەت دېگەن دېھقان تولىراق تېرىيدىكەن. بىر يىلى نامەتمۇ ئۇ يەرگە قوغۇن تېرىپتۇ. قوغۇنلىرى ھەر تەرەپكە پىلەك تارتىپ، ھەر پىلەكتە ئۇنلاپ سويما چۈشۈپ تازىمۇ ئوخشاپتۇ. بىر كۈنى چۈشلۈكى نامەت ئۆيىگە قايتىپ، تاماقنى يەپ، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئوبدان ئۇخلاپ، قوغۇنلۇققا قاراپ كېتىۋاتسا، يىراقتىنلا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم،
ھېيتكاھدىكى مەمەتتىن.
ئاشىقلىق مىراس قالغان،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

«پاھ، مەھەللىنىڭ بىكار تەلەپلىرى قوغۇنلۇققا يىغىلىپ بەزمە قىلىپ قوغۇنلۇقنى بېشىغا كىيىشكەن ئوخشىمامدۇ» دەپ نامەت يوغان - يوغان چامداپ قوغۇنلۇققا كېلىپ قارىسا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق، ھېلىقى قارانچۇق تۇماقنى قىرلاپ كىيىپ، بىر قولىقىنى مەھكەم تۇتۇپ، تازا ۋارقىراپ:

مەمەت سانقان ئانارنىڭ،
تەگدىن تولىسى ئاچچىق.

ئانار ئۈزگەن يارىمنىڭ،
قىلىقى ئەجەب تاتلىق.

دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك، ئېتىزدىكى چوڭ ـ كىچىك سويىملارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىشىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەكمىش. . .
دېھقانلار بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىنى: «بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە بىز نېمە بىلەيلى؟» دەپ ئاياغلاشتۇرىدىكەن.
مەھەللىنىڭ ئىمامى بىر كۈنى بۇ گەپلەردىن خەۋەرسىز، نېمە ئىش بىلەندۇ يۇقىرىقى مەھەللىگە قاراپ خىيال بىلەن كېتىۋاتقانىكەن، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئۇ ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچى بىلەنلا مېڭىپتۇ. ھېلىقى قارانچۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قارانچۇق ئىمامغا:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىمام ئاخۇنۇم! — دەپ سالام بېرىپتۇ.
مەھەللىدە ھەممە ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىمام:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ جاۋاب قىپتۇ. شۇنداق جاۋاب قىپتۇيۇ، ئىككى قەدەم باسمايلا: «ھېلى ماڭا سالام بەرگەن كىم بولدا؟» دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، ھېلىقى قارانچۇق قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغۇدەك.
— خوش، بىرەر گەپ ـ سۆز بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.
— تەقسىر، بۇ كىم كېلىپ تېرىسا بولۇۋېرىدىغان

غوجىسى يوق يەرمىكەن؟ مەن ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ يەرنى كۆزەت قىلىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارنى قوروپ كەپتىمەن. بۇ ئېتىزلاردا قانچە چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى بارلىقىنى، قانچە تۈلۈم چاشقانلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدىغىنىنى، تېزەك قوڭغۇزلىرىنىڭ بۇ يەردىن قانچىلىك تېزەكلەرنى دۇمىلىتىپ ئۆتكىنىنى، باھاردا بۇ يەردە قانداق دالا گۈللىرىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى، كۈزدە قانداق يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى، ئايدىڭ كېچىلەردە بۇ يەرگە قانچە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كېلىپ پىچىرلاشقانلىرىنى . . . ھەممىنى بىلىمەن. بىلگەنلىرىمنىڭ جىقلىقىدىن چىرايلىرىمغا قورۇق چۈشۈپ قېرىپلا كەتتىم. ئەمدى بۇ كونگە كەلگەندە، يەردىن چىققان ھوسۇل بىگىمگە تەۋە، مېنىڭ ئۇستۇمدە بولسا تېخىچە شۇ ئەسكى تۇماق بىلەن كونا چاپان، ئويلاپ باقسىلا، بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىك! — دەپ قورسىقىدىكى دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋېتىپتۇ قارانچۇق.

— بولدى، بولدى، سەۋرى قىل! — دەپتۇ ئىمام،— مەن بۇ سۆزلىرىڭنى مەھەللىنىڭ بېگىگە چىرايلىق يەتكۈزۈپ قوياي.

ئىمام شۇنداق دەپتۇ ـ دە، «ياراتقان ئىگەم، قارانچۇقنى زۇۋانغا كەلتۈرگەن قۇدرىتىڭگە مەن قايىل!» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئالدىراپ يولىغا مېڭىپتۇ.

مەھەللىدىكى قارانچۇق توغرىسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپ ـ سۆزلەرگە ئىمامنىڭ كۆرگەنلىرى قېتىلىپ، بۇ گەپ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئاخىر بەگنىڭمۇ

قولىقىغا يېتىپېتۇ. «ئېتىزنىڭ بېشىدىكى قارانچۇق ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ» دېگەن بۇ غەلىتە گەپكە بەگ ئۆزىنى زادى ئىشەندۇرەلمەپتۇ. بىر كۈنى ئىمامنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئىمام ئاخۇنۇم، مەھەللىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپ ـ سۆزلەر تارقالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ راست ـ يالغىنى زادى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىمام يۇقىرىقى مەھەللىگە كېتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى، قارانچۇقنىڭ نېمىلەرنى دەپ قايناپ كەتكەنلىكىنى بەگكە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەگنىڭ ئىچى بىر قىسما بوپتۇ. «راست، مەن ئۆزۈمنى بۇ يەرنىڭ غوجىسى، دەپ يۈرگىنىم بىلەن، بۇ يەردىكى ئېتىزلاردا قانچىلىك چۇمۇلىلەرنىڭ ئۇۋىسى بار؟ بۇ يەردە قانچە تولۇم ـ چاشقانلار ئۇسسۇل ئويناشقان؟ باھاردا قانچىلىك دالا گۈللىرى ئېچىلىپ، كۈزدە قانچىلىك يوپۇرماقلار تۆكۈلگەن؟ مەن نەدىن بىلەي. . . شۇ قارانچۇقنى كۆزدىن يوقاتمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويغا چۆكۈپتۇ. ئويلىغانسېرى قورسىقى تېخىمۇ كۆپۈپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇمنى يولغا سېلىۋېتىپ، دەرھال بىر نەچچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى قارانچۇق بار ئېتىزغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا، قارانچۇق ئەسكى تۇماق، مىزى چۈۋۈلغان چاپاننىڭ ئىچىدە قولىنى كېرىپ، ئىلگىرىكى

بىچارە ھالىتىدە تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان، «ھەي!» دەپ ۋارقىرايدىغان ئەلپازى يوقمىش. بەگ چاپارمەنلەرگە قاراپ:

— بۇ بىرنىمىنى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىسى مەن، دەپ دەۋا قىلىپ يۈرىدۇ، دېگەن گەپنى زادى كىم تاپقان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ گەپ باشتا ئەمەت قوغۇنچىدىن چىققاندەك قىلىغان، — دەپتۇ چاپارمەنلەر.

— ئەمەت دېگەن ھارامزادىنى دەرھال تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ بەگ.

چاپارمەنلەر مەھەللىگە يۈگۈرگىنىچە يېتىپ بېرىپ، ئەمەت قوغۇنچىنى پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي يەتكۈزۈپ كەپتۇ.

— ھە ئەمىتەك! — دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ، — قېنى ماۋۇ قارانچۇقنى ئەمدى سۆزلىتىپ باقە، ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ باقاي!

— تەقسىر، — دەپتۇ ئەمەت قوغۇنچى، — مانا سىلىگە يالغان، ماڭا راست. شۇ كۈنى مەن بۇ يەردە قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋاتاتتىم. مەن قېرىپ قالغان ئادەم، قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلاندىمۇ ياكى غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدىمۇ بىلمەيمەن. باشتا بىرى «ھەي!» دەپ ۋارقىرىغاندەك قىلدى. ئارقىدىنلا «ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!» دېگەن ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغاندەك

بولدۇم. ئەتراپقا قارىسام، ئاشۇ قارانچۇقتىن باشقا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. قورقىنىمدىن كەتمەننى تاشلاپ مەھەللىگە يۈگۈردۈم. بولغان ئىش مانا شۇ.

— سىنىڭچە، ساڭا مۇشۇ قارانچۇق گەپ قىلغاندىمۇ؟

— بىلگۈچى خۇدا.

— ئەمىسە، سەن قاراپ تۇر ھە، بۇ قارانچۇقنىڭ زادى قانچىلىك كارامىتى باركىن؟ ئۇنى يۇلۇپ تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ چاپارمەنلىرىگە قاراپ.

چاپارمەنلەر ئەمەت قوغۇنچىنى يۇلىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگەنىكەن، بەگ تېخىمۇ تېرىكىپ كېتىپتۇ.

— ھەي نان قېپىلار، قوغۇنچىنى دېمىدىم، ئاۋۇ قارانچۇقنى!

چاپارمەنلەر يوپۇرۇلۇپ بېرىپ قارانچۇقنى تۇتۇپ تارتىپتۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارانچۇق يەرگىمۇ يىلتىز تارتىپ كەتكەنىكەن، تۆت ـ بەش ئادەم ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ئاران يۇلۇۋاپتۇ.

— ئەمەت، كۆرۈپ تۇرغانسەن، قارانچۇقۇڭ ھېچ زۇۋانمۇ سۈرمەيدا! ؟ . . . ئەمدى ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار! — دەپتۇ بەگ.

چاپارمەنلەر ئەتراپتىن چاۋار ـ چاتقاللارنى يىغىپ ئوت يېقىپ، قارانچۇقنى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ.

— ئەمدى ماۋۇ يالغانچى كاززاپنى يالىڭاچلاپ ، ئاۋۇ

قارانچۇقنىڭ ئورنىغا باغلاڭلار، ئېتىزغا شۇ قارىسۇن! — دەپتۇ بەگ.

چاپارمەنلەر ھېلىقى قارانچۇقنىڭ ئورنىغا يوغان بىر ياغاچنى مەھكەم قىلىپ بېكىتىپ، ئەمەت قوغۇنچىنى «ۋاي دات!» دېگىنىگە قويماي كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى ئوتقا تاشلاپ، قوغۇنچىنى يالىڭاچ پېتى، خۇددى ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندەك، تۈۋرۈككە ماتاپ باغلىۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا چاپارمەنلەر «ئۇھ!» دېيىشىپ، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى قېقىپ، مەھەللىگە قايتىشىپتۇ.

بېگىم شۇ كۈنى خاتىرجەم بولۇپ، كەچتە ئارزۇلۇق خوتۇنىنىڭ ئۆيىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقانىكەن. تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا، ئۇنى بىرى نوقۇپ ئويغىتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بېشىدا ھېلىقى قارانچۇق ئەسكى تۇمىقىنى قىڭغىر كىيىپ، تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك. بەگ قورققىنىدىن يۆگلۈق پۇتلىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

— سە ـ سە ـ سەن كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ تىترەپ.

— تونۇمىدىلىمۇ بېگىم؟ مەن ھېلىقى سىلى كۆيدۈرۈۋەتكەن قارانچۇق بولىمەن. ئاۋازىمنى ئاڭلاشقا شۇنچە خۇشتار ئىدىلە، ئەمدى ئاڭلاۋاتقانلا؟...

— نې ـ نې ـ نېمە قىلماقچى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ

بەگ كېكەچلەپ.

— يەرنىڭ غوجىسى بولغان ئادەم ئېتىزنىڭ بېشىدا تۇرماي خوتۇننىڭ قوينىدا ياتامدۇ؟ يۇرسىلە، — دەپتۇ قارانچۇق.

بەگ خۇددى بىرى ئۇنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، يالىڭاچ پېتى قارانچۇقنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا قاراپ مېڭىپتۇ. بەگنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپلا قاپتۇ.

ئەتىسى بۇ خوتۇن چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز - كۆزىنىمۇ يۇمىغان پېتى كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە كېچىسى بولغان ئىشلارنى سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. بىردەمدىلا ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈنۈگۈن بەگنىڭ ئادەملىرى ئېتىزغا قارانچۇق قىلىپ باغلاپ قويۇپ كەلگەن ئەمەت قوغۇنچىمۇ يۈرگۈدەك. كىشىلەر:

— ئەمىتاخۇن، سىلى بۇ يەردە بەخىرامان يۈرىسىلىغۇ؟ بېگىم سىلىنى كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يالىڭاچلاپ ئېتىز بېشىغا باغلاپ قويىغانىمىدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەمەت قوغۇنچى:

— ۋاي بىلمىدىم، باغلاپ قويغان يەردە خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپ - يىغلاپ، ئاخىر كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسام، ئەتىگەندە بالا - چاقامنىڭ يېنىدا

يېتىپتىمەن. كىيىم - كېچەكلىرىمۇ يېنىمدا چىرايلىق قاتلاقلىق تۇرۇپتۇ. «تونۇگۈنكى ئىشلار چۈشۈم ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، كىيىملىرىمنى كىيىپلا چىقىشىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى!؟» دەپ خالايىق يۈگۈرۈشۈپ ئېتىز بېشىغا چىقىپ قارىسا، تونۇگۈنكى ئەمەت قوغۇنچىنى باغلىغان تۈۋرۈكتە بەگ باغلاقلىق تۇرغۇدەك. بېشىدا ئەسكى تۇماق، ئۈچىسىدا مېزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن كونا چاپان. يېقىن بېرىپ قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىمۇ بىلەلمەسمىش...

شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ يېزىنىڭ ئېرىقلىرىدا يەنە سۇلار شارقىراپ ئېقىپ، دالىلىرىدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، خەلق شادلىققا چۆمۈپتۇ. بەگ ھېلىقى ئېتىز بېشىدا قارانچۇق بولۇپ تۇرۇپ، قارانچۇق بولماقنىڭ دەردىنى ھارغۇچە تارتىپتۇ. قاغا - قۇزغۇنلار ئۇنى كۆزىگىمۇ ئىلماي، ھەتتا بېشىغىمۇ كېلىپ قونۇۋالىدىكەن. بەگ دائىم ئىچىدە: «مەن يەنە باشقىدىن بەگ بولالىغان بولسام، خەلقنى ئاجايىپ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرەتتىم. ئېتىزدىكى ھەممە قارانچۇقلارغا يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈۋېتەتتىم» دەپ ئويلايدىكەن.

# ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنى ئەسلەيمەن

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئالەمدىن ئۆتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلانغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى ئارىمىزدىن كەتتى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىشىتكەن چېغىمدا، ئۈرۈمچىنىڭ تۇمان ئىچىدە ئەلەڭشىپ تۇرغان ئېگىز بىنالىرى، قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇتلار قاپلىغان كۈز ئاسمىنى ماڭا تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىلىنىپ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. . . شۇ كېچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدىن غۇلجا ئۈچەرۋازا مەھەللىسىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرى، سىرغىپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلار، كوچا دوقمۇشلىرىغا يايمىلىرىنى يېيىپ قىزغىن سودا قىلىشىۋاتقان باققاللار كەتمەيتتى. رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئەتكەن ئابدۇۋەلى ئاكا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ يەنە قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئاشۇ تېرەكلىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇ ئورۇق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي بىر سەنئەتكارغا خاس

چىچەنلىك، پاكىزلىــق، غۇرۇر ۋە سالاپەت مۇجەسسەم ئىدى. ھەر دائىم ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يېڭىلا بازاردىن ئېلىــــپ كىيىۋالغاندەك پارقىراپ، غاچىلداپ تۇرىدىغىنىغا ھەيران بولاتتىم. ئەنە شۇنداق بىر قانچە مويسىپىتلار بىزنىڭ ئۇ ئۇچەدەرۋازىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بەزى كۈنلىرى ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ھېلىـــقى باققاللارنىڭ سودىسى قىزىپ تۇرغان چوڭ كوچىغا چىقىپ، كىملەردۇر قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا ئادەملەر تىقىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ كوچىلارنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇچەدەرۋازا، توغرىكۆۋرۈك ۋە بەلكىم پۈتۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئىچىدىكى تارىخى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئۇ ئېيتقان ۋە تېخى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇن خاتىرىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتتى . . . شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئېسىمگە مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ داۋۇتجان ناسىر ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مۇنۇ بىر كۇپلېت مەرسىيىسى كېلىپ قالدى:

غۇلجىنىڭ پەركايى ئۇچقاندەك سىزىلدى ئاشۇ كۈن،
چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى يوق بۇلبۇل ئۇچۇپ.
ئا. جارۇللايۇپ تۆكۈپ ياش، كۆلكىدىن قاپتۇ ھېسام،
يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ.

ماڭا غۇلجىنىڭ پەركايى يەنە بىر قېتىــم ئۇچۇپ كەتكەندەك بىلىندى . . .

*　　*　　*

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى، ئاتاقلىق دراما ئارتىسى. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىدا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ 1934 ـ يىلى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سانائىي نەپىسە تەشكىللەنگەندە، روزى تەمبۇر قاتارلىق سەنئەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشى بىلەن ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ يېرىم ئەسىردىن ئۇشۇق ئۆمرىنى سەنئەت ساھەسىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ ناخشىدىكى جاراڭلىق ئاۋازى، رول ئېلىشتىكى چەبدەسلىكى بىلەن ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان خەلق سەنئەتكارى ئىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇ 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭغا بېرىپ خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن؛ 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ ئالقىشقا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆز ناخشىلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

مەن بىر قېتىم ئابدۇۋەلى ئاكىدىن:

— سىزنىڭ ناخشىدىكى ئۇستازىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئابدۇۋەلى ئاكا ئويلىنىپ كېتىپ، باشتا مۇساباييوپلارنىڭ تېرە زاۋۇتىدىكى ناخشىچى ئىمىنجان ئۇستامنى، ئاندىن ھاسان تەمبۇر، ھۆسىيىن تەمبۇر، روزى تەمبۇرلارنى ئەسكە ئالدى. ئاخىرىدا ساۋۇتكام بىدىك، ئاقتېپىپھاجى . . . قاتارلىق بىر قانچەيلەننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى ـ دە، بۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇھىمراق دەپ كىمنى ئاتاشنى بىلمەي، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ ئۇستازى مەلۇم بىر شەخس ئەمەس، ئىلىدىكى خەلق ئىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ سەنئەت سېپىگە يېڭىدىن قەدەم قويغان ئەينى يىللاردىلا ئىلىنىڭ داڭلىق ساز ئۇستىسى ھاسان تەمبۇر ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ ناخشىلىرىغا: «ئابدۇۋەلىنىڭ ناخشىسىدىن جېلىيۇزى، تۇرپانيۇزىلەردىن ھارۋا ھەيدەپ كىرىدىغان دېھقانلار ناخشىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ» دەپ باھا بەرگەنىكەن. بىر قېتىم مەن ئاتاقلىق مۇزىكانتىمىز مۇساجان روزى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ناخشىلىرى ھەققىدە گەپ ئاچقىنىمدا، مۇساجان ئاكا: «ناخشىلارنى مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش بىز ئۈچۈن تېخى يېقىنقى تارىخ. ئابدۇۋەلىكامنىڭ ناخشىلىرىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى ساقلانغان» دېگەنىدى. مانا بۇ ئىككى دەۋردىكى نوپۇزلۇق ئىككى سەنئەت ئەربابىنىڭ ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ناخشىلىرىغا بەرگەن باھاسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ

ناخشىلىرى ناھايىتىمۇ يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

1959 - يىلى مەركەزدىن شىنجاڭغا كەلگەن مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جيەن چىخۋا جەنۇبىي شىنجاڭدىن خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاپ ئايلىنىپ غۇلجىغا كەلگەندە، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ناخشىلىرىدىكى ئالاھىدە تۇسنى بايقىغان. شۇ قېتىم ئۇ ئەمەتخان بارات، زوردۇن نۇسرەت، ئابلاخان كىپەك، ھۇسەنجان ھەسەن قاتارلىق سازەندىلەرنىڭ مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنىڭ يۇزگە يېقىن ناخشىسىنى لېنتىغا ئالدى. جيەن چىخۋا بۇ ناخشىلارنىڭ لېنتىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنىدىن سالامەت ئۆتكۇزۇپ، كېيىن ئايرىم كىتابچە قىلىپ ئېلان قىلدى.

1976 - يىلى ۋە 1981 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئابلىز شاكىر، تۇرغان شاۋۇدۇن، يۇسۇپجان قاتارلىقلار غۇلجىغا كېلىپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنىڭ ناخشىلىرىنى بىر قېتىم ئومۇميۇزلۇك لېنتىغا ئالدى. ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سابىق مەسئۇللىرىدىن ھېبىبۇللا ۋە رۇقىيە سابىرلارمۇ بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ ئارخىپلاشتۇردى. ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ئۆزى يەنە جالالىدىن پەخىردىن بىلەن بىرلىشىپ، ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ ئابلىكىم ئابدۇللا، تۇرغان شاۋۇدۇن بىللە ئىشلىگەن «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

ناخشا ـ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى نوتا بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشنى ئادەت قىلمىغان بىر مىللەت ئۆزىنىڭ سەنئەت بايلىقلىرىنى كېيىنكىلەرگە قانداق يەتكۈزىدۇ؟ ناخشا ئېيتىپ ئورما ئورۇۋاتقان دېھقانلار، مۇكچىيىپ ئىش راسلاۋاتقان كاسىپلار، بوۋىقىنى ئەللەيلەۋاتقان ئانا، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرگەن مۇساپىرلار، راۋابنى قولتۇقىغا قىسىپ دەشت ـ باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاشىقلار — ئەنە شۇ ئاددىي خەلق سەنئىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى كەلگۈسىگە ئۇلىغۇچىلاردۇر. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ ئۆزى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئالىدۇ، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ قالدۇرغان ماتېرىياللار مىللىتىمىز سەنئەت خەزىنىسىدىكى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىق.

*　　*　　*

ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ مۇشۇ ئەسىردە ئۇيغۇر تىياتىر ئارتىسلىقىدا مۆجىزە ياراتقان شەخس. ئۇ 1936 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە ئىلى سەھنىلىرىدە ئوينالغان قىرىقتىن ئوشۇق دراما، كومېدىيە، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئوپېرالارنىڭ كۆپىنچىسىدە رولغا چىققان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «باي ۋە مالاي» دا غوپۇر، «ئارشىن ـ مال ئالان» دا ئەسقەر، «غېرىب ـ سەنەم» دە غېرىب، «پەرھات ـ

شىرىن» دا پەرھات، «لەيلى ـ مەجنۇن» دا مەجنۇن، «نوزۇگۇم» دا باقەم، «غۇنچەم» دە نۇرۇم بولۇپ ئوينىغان باش روللىرى ئەينى يىللاردىكى تاماشىبىنلاردا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۇمىتى ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا تىياتىر ساھەسىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۇچۇن «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دەپ نام بەرگەن.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ ئەينى يىللاردا «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىدا غېرىب رولىغا چىقىش تارىخى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ سەھنە ئەسىرىدە يىگىرمە نەچچە يىل باش رول ئالغان. شۇ يىللار ئىچىدە رازىيە خانىم، ھەجەر، گۇلسۇم، پەرىدە، ئاۋتەت، خەلىپەم قاتارلىق ئارتىسلار سەنەم رولىغا ئالماشقان. بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە، ئابدۇۋەلى ئاكا قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يىگىرمە يىل غېرىب رولىغا چىقىپتىمەن، توققۇز سەنەمنى قېرىتىپتىمەن،— دەپ چاقچاق قىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا تېخى سەھنىدە ئاۋاز كۈچەيتىدىغان ئەسۋاب، مىكروفون دېگەنلەر يوق ئىدى. سەھنە ئەسىرىدىكى ھەر بىر سۆز ۋە ناخشىلارنى تاكى كۇلۇبنىڭ ئاخىرقى رېتىدە ئولتۇرغان تاماشىبىنلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ۋارقىراپ ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئۆزىنىڭ رول ئېلىشتىكى تالانتى، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئۆچمەس شۆھرەت قازىنالىدى. بىر رولنى

يىگىرمە يىل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىش بىزنىڭ يېقىنقى زامان تىياتىر تارىخىمىزدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش.

1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە «ئارشىن ـ مال ئالان» يىگىرمە نەچچە مەيدان ئوينالدى. بۇ چاغدا، ياش ئەسقەرنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقان ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنى ھېچكىممۇ ئەللىك ياشتىن ھالقىغان ئادەم دەپ ئويلىمايتتى. بۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رول ئېلىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ھەممىمىز ئۇچۇن تەكشىسىز يىللار بولدى. يەنە كۆپ مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتى بولغان بۇ تالانتلىق سەنئەتچىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى «ئۆزىنى تەكشۈرۈش»، «ئۆگىنىش كۇرسى»غا قاتنىشىش دېگەنلەر بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئېگىز ـ پەس يىللار تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ئاخىر ئۆتۈپ كەتكەندە، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ سەھنىدە رول ئېلىش ياش قۇرامىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى سەھنە ھاياتىنى باشلىغاندا، تېخى بىزدە سەھنىدە قانداق رول ئېلىش، ناخشىلارنى مۇزىكىغا قانداق

چۇشۇرۇش، سەھنىنى قانداق بېزەش. . . دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تەييار ئۆلگىسى يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىنى يېڭىدىن باشلىغان، ئىجادىي يارالغان، يول ئاچقان.

* * *

كۆز ئالدىمغا يەنە غۇلجىدىكى بىر ئېغىز ھۇجرام كەلدى. بۇ بىر ئۇستەل، بىر نەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان ئاددىيلا بىر ئۆي. ئابدۇۋەلى ئاكا ئىككىمىز «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە سۆز» دېگەن ئۇزۇن ماقالىنى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرلىكتە يازغان؛ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپنىڭ مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ مۇشۇ ئۆيدە پۈتۈپ چىققان؛ يەنە مەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ھاياتىغا بېغىشلانغان «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق كىتابىمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن بۇ ئۆيدە تالاي كۆنلەر پاراڭلاشقان.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ۋاقىتقا ئىنتايىن رىئايە قىلىدىغان ئادەم. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە يېتىپ كېلەتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ، «ئەھە!» دەپ يۆتىلىپ قوياتتى، مەن ئالدىغا چىقاتتىم، بىز سائەت تۆتكىچىلا ئىشلەيتتۇق. ئۇنىڭ زېھنى ئوچۇق، خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئۇزۇن يىللار ئالدىدىكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەسكە ئالاتتى . . . پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئاياپ تاماكىنى ئىلاج بار

چەكمەيتتىم. ئابدۇۋەلىكام بەزىدە كۈلۈپ:
— ھە، تاماكىغا قاراپ ـ قاراپ قويىسەنغۇ؟ چېكىۋەر، چېكىۋەر. دېرىزىنى يوغانراق ئېچىۋېتىپ چېكىۋەر! — دەيتتى.
سائەت دەل تۆت بولغاندا ئۇ:
— سائىتىڭگە قارىغىنە. تۆت بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن. بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە پاراڭلاشساق بولار، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلەتتى.
بەزىدە تاماق تەييار بولۇپ قالغان بولسا، ئايالىم ئۇنى تاماق يەپ كېتىشكە زورلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاۋۋال:
— نېمە تاماق؟ — دەپ سورايتتى.
— لەڭمەن، — دېسە:
— ھە، لەڭمەن بولسا ئازراق يەپ قوياي، لازىنى جىق سالمىغانسىز؟ . . . ماڭا قارالڭ، تۇرسۇنئاي، ماڭا بىر پىلتا، ياپلاق قىلىپ بىرلا پىلتا سېلىڭ ـ ھە، جىق يەلەلمەيمەن، — دەيتتى.
راستتىنلا ئۇ ئوشۇق تاماق يېمەيتتى. تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى بار ئىدى.
مەنمۇ بەزىدە ئابدۇۋەلى ئاكىنى ئىزدەپ ئۆيىگە باراتتىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغلىق بىر قورۇ پەيدا بولىدۇ. ئېرىق بويىدىكى ئۆرۈك، ئالۇچىلار، ئۆينىڭ ئالدىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى ئۆزى ئۈنۈپ قالغان بىر تۇپ چىغىرتماق . . . ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تەبىئىي، تازا ۋە جاي ـ جايىدا. قاچانلا بارماي،

ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئامىنە ھەدىنىڭ ھويلا ئىچىدە ئىمىلەرنى دۇر يۆتكەپ، رەتلەپ، قەيەرلەرنىدۇ كىتىرلىتىپ سۈپۈرۈپ، تازىلاپلا يۈرگىنىنى كۆرەتتىم. سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن ئابدۇۋەلى ئاكا ئازغىنە بىر كىشىلىك مائاشىنى تېجەپ ئىشلىتىپ، مانا مۇشۇ قورۇدا باللىرىنى قاتارغا قاتقان، داغدۇغىسىز، ھەشەمەتتىن خالىي، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆتكەنىدى.

ئۆتكەن قېتىم غۇلجىغا بارغىنىمدا، ئابدۇۋەلى ئاكىنى يەنە يوقلاپ بارغانىدىم، ئابدۇۋەلى ئاكا ئۆيدە ياتقانىكەن، ئامىنە ھەدىمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچ ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى. تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىغان بۇ ئىككى ھەمراھسىز ماڭا بۇ ھويلىدىكى گۈللەر سولىشىپ، ھويلىنىڭ ئىچى چۆلدەرەپ قالغاندەك بىلىندى. ئىمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولدى...

ئابدۇۋەلى ئاكا يەنە ھوشيار ياتاتتى، سۆزلەپ تۇراتتى.

— قارا! تېيىلىپ بىر يىقىلغان باھانە بىلەن ئورنۇمدىن تازا تۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىمەن. بولمىسا باشقا يېرىمدە چاتاق يوق... ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟... ئۇرۇمچىدىمۇ كونىلار قالمىدى. ئەمەت ئۆمەر، قەمبەرخانىملارمۇ ئۆلۈپ كەتتى... مۇساجان روزى، مۇسەنجان جامىلار ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ؟... غىياسىدىن بارات، ئابلىز شاكىرلارنى كۆرۈپ تۇرامسەن؟... ماۋۇ كىشىنى تونۇيدىغانسەن؟ — دەيتتى ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان تارىخىي رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، — بۇ

ئابدۇنەبى ماناپۇپ بولىدۇ. ماۋۇ مەرۇپكام. بۇلار توغرىسىدا تېخى ھېچكىم بىر نەرسە يازغۇدەك بولمىدى. . . مانا بۇ تۇرداخۇن ئاكا. . .

مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپلا خىيال كەپتىرىم يىراقلارغا ئۇچتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىنى تېزلا قولغا ئالغانىدى. 1951 ـ يىلى ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە قاتنىششقا جەنۇبتىن تۇرداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، ئىلىدىن روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان. بۇ خىزمەت دەسلەپتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقىسىدىكى ئاددىي بىر قورۇدا ئىشلەنگەن. ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى تۇرداخۇن ئاكا بىلەن روزى تەمبۇرنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئۇسلۇبىدا ئېيتىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم لېنتىغا ئېلىنغان. شۇ قېتىمدا ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ئىلى مۇقامىنىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىپ، مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن. بۇمۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىكى ئۆچمەس بىر سەھىپە. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن 1992 ـ يىلى جۇڭگو مۇقام پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «ئون ئىككى مۇقام سەنئەتكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ مەملىكەتلىك بىرىنچى

دەرىجىلىك ئارتىس، ئۇ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ يول ئاچقۇچىسى، ئىجادچىسى، ئىجراچىسى، تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبىرى ئىدى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن ئەللىك يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىدە، ناخشىچى، دراما ئارتىسى، رېژىسسور، سەنئەت يېتەكچىسى ۋە ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شۇنداقلا ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق جامائەت ئەربابى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قانچە نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ 1998 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىردە، غۇلجا شەھىرىدە سەكسەن توققۇز يېشىدا تىنىقتىن توختىدى. شۇ قايغۇلۇق دەملەردە، سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بىر تۆھپىكارى بىلەن ۋىدالاشقان بولدى؛ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇڭداشقاق، يېقىن بىر قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدۇم . . .

1998 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMDA3Njguemlw",
  "filename_decoded": "40300768.zip",
  "filesize": 14834695,
  "md5": "c4620f7d14908a7b7d15b17919df0d5a",
  "header_md5": "9f4ebf0b57e8ac768b416e1afc5d6d1c",
  "sha1": "058aa4100150cee5a7645ba8859886f80417abf6",
  "sha256": "97cc07b4709536679fbce3e22db84b0c7ea1d1f34b59054b4afda67369828282",
  "crc32": 1528166080,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 15087828,
  "pdg_dir_name": "\u255a\u255d\u2554\u2552\u2561\u2500\u2551\u2559\u2534\u2248\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300768",
  "pdg_main_pages_found": 305,
  "pdg_main_pages_max": 305,
  "total_pages": 311,
  "total_pixels": 994950670,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}